# تارىم

2

AltunOq

1989

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com



**سرداشلار**

سۈرەتنى ئەرشىدىن توختى تارتقان.

**باش مۇھەررىر:** ئابلىمت سادىق.

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

---

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى** (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بورھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

2

1989

39-يىل نەشرى

## بۇ ساندا

ئەخەت تۇردى

### قىزىق ئىشلار

شۇنداق، تۇرمۇشتا ۋىجدان بىلەن ياشاشنى ئويلىغان سەممىي ئادەملەرنىڭ، كۆڭلىدە قاراڭغۇلۇق يوق پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بەزىدە رىيازەت چېكىپ قېلىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بۇمۇ خۇددى ناغرىنىڭ گۇمبۇرلىشى تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمىغاندەك، سامساقنىڭ پۇرىقى ئىسپارنىڭ خۇش ھىدىنى بېسىپ كەتكەندەك بىر ئىش.

---

غەيرەت غوپۇرى

### قەلبىم مېنىڭ كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلۇق

ئاخشامقى چۈشلىرىمدەك يارقىن تېخى،
ئۇ چاغلار ھاياتىمنىڭ ئابىدىسى.
قەلبىمدە بالىلىقنىڭ كۆلكىسى بار،
ئۇ كۆلكە گويا تۆگە كولدۇرمىسى.
بورانلىق يوللىرىمدا ئاشۇ كۆلكە
سۆزلەيدۇ دالىلارغا شاھ قىسسىسى.

---

ئالىمجان ئىسمايىل

### سەھرالىقلار

سانىيە بەخت ۋە لەززەتتىن ھوزۇرلىنىپ كۆزىنى يۇمدى، شۇ ھامان كۆز پەردىسىدە قىپقىزىل دۇنيا نامايان بولدى. ئالتۇن نۇرلار بىلەن تولغان بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ مەنىلىك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدى راھەتلەندى، كۆڭلى ئېرىپ تاپتى.

Altunoq

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


جانابىل ........................ «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........... 4

ئەخەت تۇردى ................... قىزىق ئىشلار (ھېكايە) ......................... 9
ماخمۇت مۇھەممەت .................. بۇركۈت قېرىمايدۇ (ئوچېرك)...................... 34
ئابدۇرېھىم ئابلىمىت ............... كېچىكتە (ھېكايە) ................................ 40
ئالىمجان ئىسمايىل ................. سەھرالىقلار (پوۋېست) ............................ 60
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ................ ھېكايىلار .......................................... 92


## شېئىرلار


غەيرەت غوپۇرى ..................... قەلبىم مېنىڭ كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلۇق...... 24
ياقۇپجان قۇربان ................. ئويغاق تۇيغۇلار ................................ 26
ئابدۇكېرىم ئوسمان ............... شېئىرلار ......................................... 27
يۈسۈپجان ئەخمىدى ............... زاراتگاھلىقتىكى خىياللار ......................... 29
ئەركىن روزى ..................... شېئىرلار ......................................... 30
مۇھەممەتجان ئەمەت .............. ئىككى غەزەل ................................... 32
مۇھەممەتتوختى ئەخمەت ........ دىلبىرىمگە .................................... 33
ئابدۇكېرىم مەخسۇت .............. تۇيغۇلار گۈزەل، ھايات بىر دۇنيا ............... 50
ياسىن زىلال ....................... ئىككى شېئىر ................................ 53
مۇھەممەتجان سادىق ............... مۇھەببەت لىرىكىلىرى ............................ 54
ھوشۇر ئىبراھىم ................... ئىككى شېئىر .................................... 56
ئابلىكىم خېۋىر .................... ئۇدۇنيادىن كەلگەن باغاق........................ 57
دىلشات سايىت ..................... قەترىلىرىم چاچسا خۇش ئىپار ..................... 96

قۇربان ئېمىن ...... مۇھەببەتنامە ...... 99
تۇردى سامساق ...... شېئىرلار ...... 100
مۇھەممەت روزى ...... شېئىرلار ...... 101
ئېلى زايىت ...... شېئىرلار ...... 102
روزى نىياز ...... جۇشقۇن ھايات كۆلگەن ھەر تاڭدا ...... 103
ئابلىكىم تۇردى ...... قىسقا شېئىرلار ...... 105


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


مۇھەممەد باغراش ...... يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ 10 يىلى ۋە مەن 106
ئابدۇللا مەتقۇربان ...... «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» ھېكايىسى ھەققىدە...... 129


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات 135
شائىر مامۇت زايىت...... 139


## سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن


ئابدۇلھەي روزى ...... 142


## جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى


تۈركىيە ئەدەبىياتى ...... 145


ھۆسنخەتنى مەمەت ئايۇپ يازغان، رەسىملەرنى مەمەت ئايۇپ سىزغان

www.uyghurkitap.com

جانابىل

# «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

يولداشلار:

«شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ قىزغىن كىتابخىنى سۈپىتىدە، بۈگۈنكى يىغىنىمىزلارغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. مەن ئالدى بىلەن «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى، چىقىشقا باشلىغانلىقىغا 35 يىل تولغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئۆتكەن ئوتتۇز نەچچە يىلدا «شۇغىلا» ژۇرنىلى ئېغىر كۈنلەردىن، تار يول، تايغاق كېچىكلەردىن ئۆتۈپ، ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەڭ قازاق قەلەمكەشلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك ئەمگەك قىلىشى ئارقىسىدا، «شۇغىلا» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى، قازاق خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ بۈيۈك ئائىلىسىدىكى بەختىيار ھاياتىنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. قازاق خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يالقۇنلۇق ئوبرازىنى ياراتتى. بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئارقىلىق، يازغۇچىلىرىمىز روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجادىيەتكە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ، يېپيېڭى مەنىۋى قىياپەتكە كىرگەن ھالدا «شۇغىلا» ژۇرنىلىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى مەدھىيىلەيدىغان، قازاق خەلقىنىڭ يېڭى ھاياتىنى مەدھىيىلەيدىغان ئەسەرلەرنى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلدى. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ تۈرۈم - تۈركۈملەپ بارلىققا كېلىشى، قازاق خەلقىنىڭ ھاياتىنى بېيىتتى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. قازاق خەلقى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە ۋەتىنىمىزنىڭ، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. «شۇغىلا» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن «شۇغىلا» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرگە، «شۇغىلا» ژۇرنىلىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتقان كەسپىي ۋە كەسپىتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ كىتابخانلىرىغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

«شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ چىقىشقا باشلىغاندىن بۇيانقى قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىگە نەزەر سېلىش بىلەن بىللە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ قايتا ئويلىنىپ، ساقلىنىۋاتقان

پەرقلەر بىلەن يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ، تەجرىبىلەرنى تەپسىلىي يەكۈنلىشىمىز لازىم. ئېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇپ تاسقايدىغان بولساق، مېنىڭچە، بىر نەچچە يىل مابەينىدە «شۇغىلا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن ئانچە يۇقىرى بولمىدى. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر رېئال سىياسىي هايات، مەدەنىي هايات، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي هايات بىلەن ئانچە زىچ ماسلىشالمىدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنالچىلىق مەقسىتى تېخى دىگەندەك ئېنىق بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «شۇغىلا» ژۇرنىلىدىن كۈتۈلىدىغان بىر نەچچە ئۈمىدىمنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن:

بىرىنچى، «شۇغىلا» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات قىلىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شارائىتىدا دەۋر قەدىمىگە زىچ ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش يۈزلىنىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى بىپايان مۇنبەت زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مۇنداق بىر يۈزلىنىش بايقالماقتا: بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز، بەزى ژۇرناللىرىمىز دەۋردىن ئايرىلغان، رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا، بېسىشقا خۇمار، بەزى يازغۇچىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالغان، ئۆزىنى تار مىللىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تار تۇرمۇش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن چۈشەپ قويۇپ، پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ، ئۆزىنىلا كۆرسىتىدۇ. رېئال هاياتنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ، بۇنداق ژۇرناللارنىڭ هاياتىي كۈچى بولمايدۇ، ئۇنى خەلق ئاممىسى قارشى ئالمايدۇ، قوبۇل قىلمايدۇ. «شۇغىلا» ژۇرنىلى بۇنداق يۈزلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بۇنداق يۈزلىنىشنى تۈگىتىشكە تولۇق ئەهمىيەت بېرىشى كېرەك. يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە ئالىيجاناب بۇرچى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇلۇغۋار دولقۇنىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، شەخسنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىكى ئىزدىنىشى ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتەك تارىخىي ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي غايىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ روهىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى هۇزۇرلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي هاياتتا بولغان هەر تەرەپلىمە، رەڭگارەڭ ئېهتىياجىنى قاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش، جۇڭگوچە ئالاهىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەهرىمانلارچە كۈرەش قىلىشى كېرەك. بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە بىلەن ئالىيجاناب بۇرچنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش — «شۇغىلا» ژۇرنىلى تەهرىراتىدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملار ۋە ئىجادكارلارنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسى.

«شۇغىلا» نىڭ نۇرى ئاستىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋە يازغۇچىلار قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر مېهرى ـ مۇهەببىتى بىلەن ئالىيـ

www.uyghurkitap.com

جاناب ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، قەلەم تەۋرىتىشتە جەمئىيەت، ئاساسىي قاتلام، بىپايان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاساس قىلىش، ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن قازاق خەلقىنىڭ ئىسلاھاتقا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ چېگرا رايوننى ئورتاق گۈللەندۈرگەنلىكىنى، ئورتاق قوغدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىش، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى يېپيېڭى ئوبرازىنى يارىتىش كېرەك. مانا بۇ «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنالچىلىقتىكى ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇشى لازىم. بۇ ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيە «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىدە تولۇق گەۋدىلىنىشى ھەمدە ئەمەلىيلىشىشى لازىم.

ئىككىنچى، قازاق مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. قازاق مىللىتى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىللىق، ئادىل ۋە ئوچۇق ـ يورۇق مىللەت. بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، بىز ئۇنىڭغا يېڭى دەۋرگە خاس مەزمۇنلارنى بەخش ئېتىشىمىز، بۇ ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە كونىغا ئېسىلىۋالىدىغان ۋە ئۆز ئەيىبىنى ياپىدىغان تار خاھىشلارنى يوقىتىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئازاد بولۇشىغا، راۋاجلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان كونا نۇقتىئىنەزەرلەرنى مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى دەپ سەھۋەن قاراپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمىزمىكىن دەپ غەم يەيدىغان كەيپىياتنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى قوللىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەنكى باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىش جەريانى، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆسۈشىنى، تۆۋەن دەرىجىلىك مەدەنىيەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەتكە تەرەققىي قىلىش، ئۆسۈش جەريانى، دەپ قارىشىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئاندىن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىدىكى نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلەرگە دادىللىق بىلەن نەزەر سېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، بۇ نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلەرنى ئىلمىي، ئاكتىپ پوزىتسىيە ئارقىلىق تۈگىتىشىمىز كېرەك. بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى دۇنيادىكى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئېلىمىزدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك مەدەنىيەت بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتكە دائىر كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ۋە كۈچىيىۋاتقان ئېھتىياجى، تەرەققىيات يۆزلىنىشى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىلا ئاندىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقلىرىنى ئىلمىي تۇردە ئېتىراپ قىلالايدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كونا ئەنئەنىۋى

مەدەنىيەتنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئۆزگەرتكىلى، ھەقىقەتنى راۋاجلاندۇرغىلى، نادانلىق بىلەن قارا قورساقلىقنى تۈگەتكىلى، ئۆز مىللىتىنى مەدەنىيەتلىك ئىلغار مىللەتلەرنىڭ سېپىگە قوشقىلى بولىدۇ. «شۇغىلا» ژۇرنىلى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى، قازاق مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بايرىقى روشەن ھالدا تەشۋىق قىلىشى، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سۆرەلمە تەركىبلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قېرىنداش مىللەتلەردىن قىزغىن ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، قېرىنداش مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى ئېلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى، راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئۈستۈرۈشى كېرەك. «شۇغىلا» ژۇرنىلى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراشنىڭ جارچىسى بولۇشقا، قازاق خەلقىنىڭ ئىلمىي - مەدەنىي ساپاسى بىلەن ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي ساپاسىنى ئۈستۈرۈشنىڭ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولىدىغان كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئوبدان دەرسخانىسى بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، «شۇغىلا» ژۇرنىلىدا يېڭى يول ئېچىش، ئىجادچانلىق روھى بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قازاق مىللىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشى بىلەن ھايات ئەمەلىيىتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، ژۇرنالنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلى بىلەن ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قازاق خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ياقتۇرۇشى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولۇش لازىم. مەملىكىتىمىزدە ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات دولقۇنى، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش - قىلالماسلىقىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل — شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكىنى ساقلىيالىغان - ساقلىيالمىغانلىقىدا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ئەدەبىياتىدىن ئايرىلغان، ئۆز مىللىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئايرىلغان، باشقىلارنى دوراشنىلا بىلىدىغان، شۇلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭىدىغان ئەدەبىيات ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ، راۋاجلانمايدۇ ھەمدە ئۆز مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شىنجاڭدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئەدەبىي ژۇرنىلى بولغان «شۇغىلا» ژۇرنىلى رايونىمىزدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشى بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇشىنى يۆنىلىش قىلىپ، بۇ رېئاللىقنى قىزغىنلىق بىلەن ھەققىي ئىپادىلەپ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىگە ئاساسلىنىپ، مىللەتكە ماركسنىڭ توغرا نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قاراپ، چىن، ئىزگۈ، ئىجابىي نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلىش، ساختا، ۋەھشىي، قەبىھ نەرسىلەرنى پاش قىلىشى ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىشى كېرەك. ئېلىمىزنىڭ شارائىتىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، باشقا ئەللەردىكى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات مۇقامىغا تەقلىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئېتىبارسىز قالدۇرىدىغان خاھىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇ چەت ئەلنىڭ ئېسىل ئەدەبىي - سەنئەت ئەسەرلىرىدىن، ئىلغار مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلغاندىلا،

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكى، پۇت تىرەپ تۇرۇش ئاساسى بولىدۇ، شۇ چاغدىلا مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىياتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى مەن يەنە ماۋۇ ئىككى مەسىلىنى ئېيتىپ ئۆتىمەن: بىرىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، جىددىي ئىلمىي پوزىتسىيە ئارقىلىق ژۇرنالنى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىرىش لازىم. ئەدەبىيات بىر خىل پەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى بار، ئۇنىڭغا بىرئازمۇ يالغان ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. تەھرىرات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاش ئۆلچىمىگە قاتتىق بويسۇنۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك، يېڭى مەزمۇنلۇق، ئىدىيىسى ئىلغار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاپ بېسىشى كېرەك. يۈز قاراشقا، كۆڭۈل ئىزدەشكە، ئاغىنىدارچىلىق، جەددى - جەمەتلىك مۇناسىۋەتكە ئاساسلىنىشقا، «غەمخورلۇق» قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆز ئارا سودىلىشىشقا، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. خەلققە، مىللەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇپ، خىزمەتنى ئادىللىق بىلەن پۇختا ئىشلەش، ژۇرنالنى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىرىش كېرەك.

ئىككىنچى، كەڭ كىتابخانلار ئۆز مىللىتىمىزدىن ۋە باشقا مىللەتتىن چىققان يازغۇچىلارنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان ئەسەرلىرىدە بايقالغان بەزى ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان، مىللىتىمىزنىڭ ئالغا بېسىش غەيرىتىنى قوزغاشقا پايدىسىز مەسىلىلەرگە ھەتتا مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا پايدىسىز يا ئۇنداق، يا مۇنداق مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، تەمكىن پوزىتسىيە قوللىنىشى، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، تەنقىد يېزىش ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ. بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەر شۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى بىلەن سەنئەتتىكى ئىزدىنىشىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىھۇدە چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرمەسلىكىمىز، بۇنى ھەرگىز بۇ مىللەت بىلەن ئۇ مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە، دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاپتورنى تەربىيىلەشكە، قايىل قىلىشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت ئامانلىقى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ پايدىسىز.

يولداشلار! ئۇتۇق ئۆتمۈشكە مەنسۇپ. مەن «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىتىمىزنىڭ كەسپىي ۋە كەسپىتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى بىلەن يازغۇچىلىرىنىڭ ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىكى تېخىمۇ يۇقىرى، ئامما قىزغىن سۆيىدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان ئېھتىياجىنى ئىمكان قەدەر قانائەتلەندۈرۈشىنى تىلەيمەن. «شۇغىلا» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى بارلىق تەھرىرلەرنىڭ روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنى ئۆزىگە خاس ياخشى ئىستىلغا ئىگە ژۇرنال قىلىپ چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىنى تىلەيمەن.



# قىزىق ئىشلار

(ھېكايە)

ئەخمەت تۇردى

قىزىق دۇنيادا قىزىق ئىش،
يازدا تۇرۇپ كۆردۇق قىش.
يۇلۇپ تاشلاندى ساق چىشلار،
دەرد كۆرمىدى ئاغرىق چىش.
(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

شۇنداق، دۇنيادا قىزىق ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئالايلى، يېقىندا غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى چاشقان كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە لايىھىلەپ چىقىپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ياپونىيىلىكلەرنىڭمۇ جەنۇبىي قۇتۇپتىكى قەدىمكى مۇزدىن پايدىلىنىپ، ئالىي سورتلۇق ھاراق ئىشلىگەنلىك خەۋىرى تارقالدى...

بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ئىشلار، لېكىن بۇ ئىلىم-پەن ساھەسىدە بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم باشقا — كىشىلىك ھاياتتىكى قىزىق ئىشلار!

يېقىندا يۇرتىمىزنىڭ بىر بۇلۇڭىدا غەلىتە بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. بۇ غەلىتىلىك بارا-بارا كىشىلەرگە قىزىق تۇيۇلۇپ، چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا ئېيتىلىدىغان لەتىپىگە ئوخشاش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى...

*　　　*

ئارۇپ ئەپەندى ئىشخانىسىغا ئەتىگەندە كەلدى. تۈنۈگۈن كۆرۈپ بولالمىغان

«تارىم مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ماتېرىياللار خېلى بار ئىدى. ئۇ ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئەمدى ۋاراقلاپ تۇرۇشىغا بىرسى ئىشىكتىن ئۇسۇپلا كىردى. ئاروپ ئەپەندى لەپپىدە قاراپ ئۇنى تونۇدى. ئۆڭكى قارامتۇل دوغلاق، سېمىزلىكتىن گەدەنلىرى تاختىلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەمنى كىشىلەر لەقىمى بىلەن يۇغۇروپ «ھاشى قوتاز» دەيتتى. ئاروپ ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن ھەپتە بۇرۇن بىر ئۇچراشقان، ئۇچراشقاندىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا پاتماي چىقىۋاتقان يوغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى. مانا، بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئىشىكنى پۇتى بىلەن ئېچىپ كىرىشى، يىرتىپ قويغاندەك قىسىق كۆزلىرى بىلەن ئادەمگە بەزدەك تىكىلىشى ئاروپ ئەپەندىنىڭ سەل غىجىقىنى كەلتۈرگەندەك بولدى...

ھاشى قوتاز ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئاروپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى، جىيەكلىرى ياغلىشىپ كەتكەن سوكنو كەپكىسىنى بېگىز قولى بىلەن ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ قويۇپ، قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ئۈن-تىنسىزلا ئاروپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاروپ ئەپەندىمۇ قەددىنى بوزماستىن قەغەزگە يىراقتىن كۆز يۈگۈرتتى. قەغەزنىڭ يۇقىرىسىدا ھاشى قوتازنىڭ سالپى-سولپى خەتلەر بىلەن پۇل سوراپ يازغان تۆت ئېغىز ئىلتىماسى، تۆۋەندە يۇرت كاتىتىسى ھاۋاز چوڭنىڭ ئاروپ ئەپەندى نامىغا قارىتىپ سالغان تەستىقى بار ئىدى.

— 50 مىڭ يۈەن؟! — ئاروپ ئەپەندى خەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ تەئەججۈپ بىلەن سورىدى.

— شۇنداق، 50 مىڭ يۈەن! — ھاشى قوتاز خۇددى بەش موچەن ئۈستىدە دېيىشىۋاتقاندەك، گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ گېپىدەيدى. ئاروپ ئەپەندىنىڭ تەرى تۈرۈلدى، ئۇ ئالدىدىكى قەغەزنى زەردە بىلەن نېرى ئىتتىرىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق گەپلەر بولۇپ ئۆتتى:

— بىزدە خەققە بەرگۈدەك مۇنچە پۇل يوق!

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئاروپ ئەپەندى؟ كارخانىنىڭ ھېساباتىدىن خەۋىرىمىز بار...

— قىزىق... قۇلىقىڭىز خېلى ئۇزۇنكەن-ھە؟! سىز سىرتتىكى بىر بوخچى،[1] كارخانىمىز بىلەن نېمە ئالاقىڭىز بار؟!

— باشلىقىڭىزمۇ ئالاقىسى يوقما؟! مېنى تونۇمىسىڭىزمۇ ئۇنىڭ تەستىقىنى تونارسىز...

— ئۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ چاتىقىڭىز بولمىسۇن، باشلىق بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن! بۇ كارخانا خالىغان ئادەم سېغىپ ئىچىۋېرىدىغان ئىگىسىز سىيىر ئەمەس! مەن سىزگە 50 مىڭ يۈەن تۈگۈل، 50 يۈەنمۇ بېرەلمەيمەن!

— راستىما؟! — ھاشى قوتازنىڭ جاۋغايلىرى تارتىشىپ، قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ كەتتى، — چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز، ئاروپ ئەپەندى؟!

— يوقسۇ! — ئاروپ ئەپەندىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك سەل يۇمشاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇمۇرلۇق بىر ئىپادە ئىگىلىدى، — مەن ئەزەلدىن ناتونۇش ئادەملەرگە چاقچاق قىلغان ئەمەس، شۇ تاپتا، سىز بىلەن چاقچاقلىشىدىغان ۋاقتىممۇ يوق.

ھاشى قوتازنىڭ چىرايى ئۆزگەردى،

① بوخچى — ھۆددىگەر، ئىش كۆتۈرە ئالغۇچى سۆزىنىڭ خەنزۇچە بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

قارامتۇل يۈزلىرى دەسلەپ كۆكىرىپ، كېيىن ئالا - پاساق بولۇپ كەتتى.

— يولداش ئارۇپ ئەپەندى! — دېدى ئۇ سۆزىنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئۇرغۇلۇق قىلىپ، — شۇ گەپلەرنى دەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، كەلگۈسى ئىستىقبالىڭىز، تەقدىرىڭىز ئۈستىدە ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟!

— نېمە؟! — ئارۇپ ئەپەندى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، بايا ئاڭلىغان گەپلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، قۇلىقىنى ھاشى قوتاز تەرەپكە سىڭايان قىلىپ زەردە بىلەن سورىدى، — نېمە دېدىڭىز، يەنە بىر دەڭا؟!

ھاشى قوتاز مەنسىتمىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ ئارقىغا تۇتتى، كۆكسىنى كېرىلىپ، قورسىقى دومبايدى، ئەمدى ئۇ خۇددى بىرسىگە تەنبىھ بېرىۋاتقان مەغرۇر ئەمەلداردەك گىدىيىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يولداش ئارۇپ ئەپەندى، بۈگۈن سىز ماڭىمۇ قىلدىڭىز، ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزىڭىزگە قىلدىڭىز! ئەسلىدە، مەن بۈگۈن سىزنى 50 مىڭ يۈەن قەرز ھېسابىغا چوڭ بىر پالاكەتتىن ساقلاپ قالماقچى ئىدىم، ئامال بولمىدى، ئەمدى سىز بۇ تەختىراۋاندا ئۇزۇن تۇرالمايسىز، ئۇزۇن بولسا يەنە ئۈچ كۈنلۈك ھۆكۈمرانلىقىڭىز قالدى!...

ئارۇپ ئەپەندىنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن قارا قورساق بىر بىگانىنىڭ ئۆزىدەك بىر مەسئۇل كادىرغا ھېيىقماي قىلىۋاتقان بىمەنە گەپلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلدى.

— چىقىڭ، ئىشخانىدىن چىقىڭ! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ئېغىر ھارسىنىپ، — مېنىڭ تەقدىرىمنى ھەل قىلىش سىزنىڭ قولىڭىزغا قالدىما؟! بىلىپ قويۇڭ: مەن ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ كادىرى، مەن پارتىيە تەشكىلى مۇشۇ ئورۇنغا قويغان بىر مەسئۇل كادىر!

— سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ! — دېدى ھاشى قوتاز تېخىمۇ كۆرەڭلىك بىلەن، — ئاشۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ ھەممىنى ئۆرۈپ-چۆرەلەيدىغان باشلىقى بارلىقى ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن!...

ھاشى قوتاز ئالچاڭلاپ چىقىپ كەتتى، ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئاچچىقى بېسىلمىدى، كاللىسى تېخىمۇ قوداڭشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىچە چېچىلاتتى، كىمگىدۇ كايىتتى، ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان بىر خورلۇق يۈرىكىنى مۇجۇيتتى.

تووۋا!... ئۇنىڭ كارخانىسى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بىر بىگانە تەلۋە ئەجەب ئۆرلىك قىلدى - يا؟!... تېخى ئۇنىڭ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئارۇپ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردىن يوقىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغىنى نېمىسى؟! ئۇنى شۇنچە ھۆركىرىتىۋاتقان، ھەتتا پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىسىدا ئاشۇنداق كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلىتىۋاتقان كۈچى زادى نېمە؟!...

ئارۇپ ئەپەندى بۇ سوئاللارغا ھە دېگەندە جاۋاب تاپالمىدى، كېيىن ئۆزىنى بەزلىدى، ھاشى قوتازنىڭ بارلىق گەپلىرىنى قارا قورساقلارنىڭ پوچىلىقى، جۆيلۈش دەپ قاراپ، كۆڭلى - كۆكسىدىن پاك-پاكىزە چىقىرىۋەتتى، لېكىن ئۇ ساددىلىق قىلدى. ھاشى قوتازنىڭ ئۆزىدىن خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، شۇ كۈنلەردە ھەممىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالغان پۇلنى — پەقەت

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ سېھىرلىك پۇلنىلا دەسمايە قىلىپ ئۆزىنى بۇ يەردە ھەممە ئىنساندىن چوڭ، پەقەت خۇدادىنلا كىچىك ھېسابلايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدى...

* *

مەن ئاروپ ئەپەندىنى ئەزەلدىن بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۆيىمگە خېلى كەچتە — بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچكەن، يېرىمىنى كۆتۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى. چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا سەپ سالدىم، كۆزلىرىدە گويا تېپتىنچ سۇغا تاش ئاتقاندا پەيدا بولىدىغان مەۋجەدەك بىر خىل سوغۇق دولقۇن ئەكس ئېتەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ھاراقنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ، بىر تەرەپتىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاداش... مەن بۈگۈن ئىچتىم... مەن مەست ئەمەس... مېنى بۈگۈن... ۋەزىپەمدىن... ئېلىپ تاشلىدى... بىلەمسەن... بۇنى ماڭا ئۈچ كۈن بۇرۇن... بىر بوخوچى ئۇقتۇرغان... مانا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېلىپ تاشلىدى... تېخىمۇ ياخشى يەرگە يۆتكەرمىش... ھا... ھا... ھا!...

ئۇ كۈلدى، خېلى ئۇزۇنغىچە سىلكىنىپ، قاقاقلاپ كۈلدى، كېيىن بىردىنلا ئۆزىنى تۇتتى، كۆزلىرى سوغۇق پارقىرىدى، بايىقى ھاسىراشلىرى، شىر كەيپىلىكى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى، قولىدىكى بوتۇلكىنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە يەلكەمدىن چىڭ قاماللاپ تۇرۇپ، چوڭقۇر بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاداش... بىز ئەمدى شۇ كۈنگە قاپتۇق، ھېلىمۇ شۈكرى، جېنىمىزنى ئوغرى ئەپ كەتمەپتۇ! ئۈستىمىزدە تۇرغان بەزى ئادەملەر نېمىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنھە؟! مەن قايسىبىر كىتابتا: ئادەم ھايۋانغا ئايلانسا، ھايۋاندىن بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئوقۇغانىدىم. ھازىر بەزىلەر راستىنلا ھايۋانغا ئايلىنىپ بوپتۇ، ئايلانغاندىمۇ ئەڭ ۋەھشىيلىرىگە، يەپ تويماس بالاخورلىرىغا ئايلىنىپتۇ! لېكىن ئۇلار تېخى ئۆزلىرىنى «پالانچىمەن، پۇستانچىمەن» دەپ گېدىيىشىدىكەن. تۇفى!... كۆكتە قانات قاققانىنىڭ ھەممىسى شۇڭقار بولامدۇ؟! ئۇنىداقلارنى ئاخىر زېمىنمۇ كۆتۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تىرىكى نانغا، ئۆلۈكى كېپەنگە زىيان!...

ئاروپ ئەپەندى خېلى ئۇزاق سۆزلىدى، سۆزلىگەندىمۇ، ئەلەم ۋە ئاغرىنىش بىلەن سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى باشتىن-ئاخىر تىمتاس ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىم، كۆڭلۈمدە ئاشۇنداق بىر سۆزلىسە قورسىقى بوشاپ، دەردى يەڭگىپ قالار، دەپ ئويلىدىم. ئاخىر ئۇ ئېغىر بىر خورسىنىپ سۆزىدىن توختىدى ۋە پۇشۇلدىغىنىچە بېشىنى ئېگىپ شۈكلەپ قالدى. ئەمدى مەن ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۇقۇش ئۈچۈن گەپ كوچىلىدىم:

— ئاداش، زادى نېمە ئىش بولدى؟ بايا «تۇلۇمدىن توقماق چىققان» دەكلا سۆزلەپ كەتتىڭ!...

ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، كۆز چانىقى لىقىدە ياشقا تولغانىدى. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى، چوپچوڭ ئادەمنىڭ كۆزىدە ياش كۆرۈش كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدىكەن. مەن دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇراي، دەپ تۇرۇۋىمىغا ئۇ يەنە ئۆ-

زى ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— راست ئاداش... بايا ساڭا باشئايىغى يوقلا دەرد تۆكۈپ كېتىپتىمەن، خالساڭ سۆزلەپ بېرەي...

شۇ ئارىلىقتا، ئايالىم سەي قورۇپ داستىخان تەييارلىدى، بىز بايىقى هاراقنى ئاز - ئازدىن ئېچىپ ئولتۇرۇپ، يېڭىباشتىن پاراڭغا چۈشتۇق...

* *

بۇ كارخانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئىگىلىكى كەڭ، ئىقتىسادى مول بولغاچقا، هەممە ئادەمنىڭ باشقۇرغۇسى كېلەتتى.

بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۈچ - تۆت كادىر كېلىپ - كېتىپ بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى بوشىراق چىقتى، بەزىسى چىڭراق. ئىشقىلىپ، پۇلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئادەمنىڭ يە قولى كۆيمىدۇ، يە پۇتى، دېگەندەك، بۇ يەردە ئۇزاقراق بېغىر بېسىپ قالغاندىن بىرەرسى چىقمىدى. رەهبەرلىك يېقىندا يەنە بىر تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەرگە مائارىپ سىستېمىسىدىن ئاروپ ئەپەندىنى يۆتكەپ كەلدى. ئاروپ ئەپەندىنىڭ كېلىپلا تۇتقىنى كارخانىنىڭ هېسابات دەپتىرى بىلەن پۇل بولدى.

ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، كارخانىنىڭ باش بوغالتىرىنى چاقىرىپ سۆزلەشتى. سوئال - جاۋاب قىسقىلا بولدى:

— هېسابات دەپتىرىدە قانچىلىك نەخ پۇل بار؟

— 360 مىڭ يۈەن.

— هەممىسى بانكىدىمۇ؟

— ياق، بانكىدا ئاران 72 مىڭ يۈەن بار...

— قالغىنىچۇ؟!

— بىر بوخوچىغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىلگەن...

— نېمە، قايسى بوخۇچىغا؟!

— هېلىقى هاشى... هە، كىشىلەر ئۇنى هاشى قوتاز، دەيدىكەن...

— بۇ قانداق گەپ؟!

— شۇ... يۇقىرىدىكى باشلىقنىڭ تەستىقى بار...

— قايسى باشلىقنىڭ؟

— هاۋاز چوڭنىڭ...

ئاروپ ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، هەيرانلىقتا ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. بۇ گەپلەر گويا ئۇنىڭغا چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك غەلىتە تۇيۇلغانىدى.

—مۇنداق دەڭ! ... — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، بېشىنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇردى، قولىنى بىر دەم شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، بىردەم بېقىنىغا تىرەپ ئىشخانىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. بوغالتىر ئۇنىڭ چىرايىدىكى هەر بىر ئۆزگىرىشكىچە سەپ سالدى، ئۇ توختىماي چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى، ئېزىق چىشىنىڭ كىرىشىشىدىن جاغ سۆڭەكلىرى هېلىلا مەڭزىنى تېشىپ چىقىدىغاندەك تومپىيىپ كەتكەن، دۈگىلەك كۆزلىرى كېرىلگەن، كىرپىكلىرى قىسقىراپ تىكىكىدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشخانىنى يەنە بىر ئايلىنىپ، بوغالتىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى:

— قانداق قىلىمىز؟! — دېدى بوغالتىرغا سوئال نەزەردە تىكىلىپ، — كارخانىنىڭ پۇلى مۇشۇنداق خامان سورىغاندەك ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە كېتىۋەرسە بولامدا؟!

— بىلمىدىم... — دېدى بوغالتىر

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بۇ ئىش ماشىنىمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە كارخانىمىز راستىنلا لىڭشىپ قالىدۇ. باشلىق دېگەن تەستىقنى سېلىۋېرىدىكەن، پۇل مېنىڭ قولۇمدىن چىققاچقا خەق مەندىن كۆرىدىكەن، ماشىنىمۇ خۇددى «كېپىل بولساڭ، كېپىنىڭ كۆيەر» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ...

ئاروپ ئەپەندى قاشلىرىنى يىمىردى. كۆزلىرىنى قىسىپ ئويلاندى. ئازدىن كېيىن بىر قارارغا كەلگەندەك ئۈزۈپلا دېدى:

— سىز باش بوغالتىر، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى ياخشى بىلىسىز، بۇنداق قەرز بېرىش پۈتۈنلەي يولسىزلىق! قەرزنى كىم ئالغان بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كېلىڭ!

بوغالتىر تەڭقىسلىقتا دۇدۇقلىدى:

— بۇ... بۇ... قانداق بولار؟

— تازا ئوبدان بولىدۇ! — دېدى ئاروپ ئەپەندى يەنە شۇ قەتئىيلىك بىلەن، — ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كەلمىسىڭىز، مەن سوتقا ئەرز سۇنىمەن!

بوغالتىر بىلەن بولغان سۆھبەت شۇنچىلىك بولدى. ئەلۋەتتە بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى بوغالتىر ئۈچۈن يېنىك بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئىككى كۈنگىچە تىنىم تاپماي يۇقىرى - تۆۋەن قاتىرىدى، ھاشى قوتازنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ سۆزلەشتى، ھەتتا يېلىندى، لېكىن ھاشى قوتازنىڭ بىر تال سېرىق تۈكىمۇ مىدىراپ قويمىدى. ئۇ تېخى قانداقتۇر كۆتۈرە ئالغان قۇرۇلۇشۇمدىن زىيان چىقتى - يەي، باشلىق ماڭا مۇددەت بەلگىلەپ بەرمىگەن، قاچان تاپسام شۇ چاغدا بېرىمەنەي ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. بوغالتىر ئىككى كۈن ئىچىدە بىرلىك ئېتىمدىن چۈشۈپ كەتكۈدەك رىيازەت چەكتى، ئۈچىنچى كۈنى ئاروپ ئەپەندىگە ئەھۋال ئېيتىش ئۈچۈن ئىشخانىغا كەلدى، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى، بۇ چاغدا ئاروپ ئەپەندى ھاۋاز چوڭنىڭ ھوزۇرىدا ئىدى.

باشلىق يۇمشاق ئورۇندۇقتا قاڭقىيىپ ئولتۇراتتى. قارىماققا، ئۇنىڭ چىراي - شەكلى ئادەتتىكىچە، بوي - تۇرقى قەدرى ئەھۋال، ئورۇق - سېمىزلىكى ئۆزىگە لايىق ئاق سېرىق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئاروپ ئەپەندىگە يىراقتىن نەزەر سالغاچ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى پىششىلدۇردى، كېيىن قاڭتايغان گەۋدىسىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ، كىبىر بىلەن مۇنداق دېدى:

— خوش... بۈگۈن سىزنى نېمىگە چاقىرتقانلىقىمنى بىلەمسىز!؟

ئاروپ ئەپەندىمۇ ئۇدۇلىدىكى سافاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— ياق!...

— ئۇنداق بولسا، بىلىپ قويۇڭ، ئاروپ ئەپەندى! — باشلىق ئاۋازىنى كۆتۈردى، سۆزىگە ئامال بار بىر خىل سېھىردىي كۈچ بېرىشكە تىرىشىپ داۋام قىلدى، — بىز سىزنى بۇ كارخانىغا بىرىنچىدىن، ئۆزئارا ماسلىشىش؛ ئىككىنچىدىن، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يۆتكىگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، رەھبەرلىكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ - قانداق؟

— مېنىڭ بۇ كارخانىغا كەلگىنىمگە ئەمدى تۆت كۈن بولدى، — دېدى ئاروپ ئەپەندى قەددىنى سەل - پەل رۇسلاپ، — تېخى رەھبەرلىكنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈدەك ۋاقىت بولغىنى يوق...

— كۆرسەتتىڭىز، ئارۇپ ئەپەندى، — دېدى باشلىق ئالمان - تالمان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — تامامەن ئەكسىنى كۆرسەتتىڭىز!

— مەسىلەن؟ — سورىدى ئارۇپ ئەپەندى خۇددى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا سوئال قويغاندەك بىپەرۋالىق بىلەن.

باشلىق مىيىقىدا كۈلدى، كۈلكىسى سوغۇق ھەم مەسخىرىلىك ئىدى.

— سىزگە ئۇجۇر - بۇجۇرىنى قويماي دېمىگۈچە بولمايدىكەن - دە! مەسىلەن، كارخانىغا بارغىنىڭىزغا تۆت كۈن بولماي تۇرۇپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز بەرمەكچى بوپسىز، قانداق؟

ئارۇپ ئەپەندى بىرئاز جىددىيلەشتى.

— ئۇنداق گەپ يوق، يولداش ھاۋاز چوك! — دېدى ئۇ تۈكۈرۈكىنى يۇتقۇنۇپ، — مەن پەقەت كارخانىنىڭ پۇلى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دېگەنىدىم...

— ئوخشاش گەپ ئەمەسمۇ؟!

— قانداق ئوخشاش بولىدۇ؟!

ئىككىيلەن بىر - بىرىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. باشلىقنىڭ خۇنى قاچقان قوڭۇر كۆزلىرىدە بىر خىل مەنسىتمەسلىك بىلەن مەنمەنلىكنىڭ سوغۇق ئالامىتى، ئارۇپ ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدە بولسا، بىر خىل تەئەججۈپ بىلەن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. باشلىق بىر دەقىقىلىك تىكىلىشتىن كېيىن، ئارۇپ ئەپەندىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— بولدى، ئارۇپ ئەپەندى، بۇ ھەقتە تەگەشمەيلى، سىز ئۇ يەرگە يېڭى باردىڭىز، مېنىڭ مەسلىھەتىم: ئىشنى پۇلدىن باشلىماي، ئادەمدىن باشلاڭ. مېنىڭ تەستىقىم بويىچە سىرتقا قەرز بېرىلگەن پۇللارغا مەن ئىگە، مۇبادا، تۇتۇشقا توغرا كەلسە، مېنى تۇتىسىڭىز بولىدۇ!

— ئۇنداق قىلساق بولماس، — ئارۇپ ئەپەندى ئىككى يېنىغا قىمىدىنىپ قويدى، — كىم قەرز ئالغان بولسا، شۇ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك. ھېلىمۇ ئالدىغا ئىككى يىل، كەينىگە بەش ئاي بوپتۇ. كارخانىنىڭ پۇلى مۇنداق چېچىلىپ كەتسە، ئىشنى قانداق يۈرۈشتۈرىمەن؟!...

تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى، ئارۇپ ئەپەندىنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى، باشلىق كىم بىلەندۇ ناھايىتى سۈلكەت بىلەن سۆزلەشتى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارۇپ ئەپەندىگە يۈزلەندى:

— مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، بۈگۈن سىز بىلەن مۇشۇنچىلىك سۆزلەشەيلى. كارخانىغا سىزدىن بۇرۇن كېلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۇقۇشۇپ باقارسىز. مېنىڭ پىكرىم: ھەر يەرنىڭ تۈلكىسىنى ئۆز تايىقى بىلەن ئۇۋلىغان ياخشى. بولمىسا، ئادەم ئۆزىگە چاپا تېپىپ ئالىدۇ!...

ئۇلار خوشلاشتى. ئارۇپ ئەپەندى شۇ كۈنى كەچكىچە خىيال بىلەن ئۆتتى. كاللىسى ئېلىشىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلدىدى. ئويلىغانسېرى خىياللىرى چېگىشلىنىپ كەتتى...

لېكىن ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى، ئەزەلدىن ئۆزى تۇتقان يول بويىچە — ۋىجدانىغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش قارارىغا كەلدى. شۇ مەقسەتتە، ھاشى قوتاز بىلەن ئۆزى كۆرۈشمەكچى بولدى. مۇبادا، ئىش چىرايلىقچە پۈتمىسە، ئېھتىمالى بولغان

www.uyghurkitap.com

بەزى ئاقنۇەتلەرنىمۇ كۆكلىگە پۆكۈپ قويدى ...

ئەتىسى بۇغالتىر بىلەن بىللە ھاشى قوتازنى ئىزدىدى، لېكىن يېرىم كۈن يۈرۈپمۇ ئۇنى ھېچيەردىن تاپالمىدى. كەچقۇرۇن كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. ئارۇپ ئەپەندى بالىلىرى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، ھاشى قوتاز ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتۇپ، مېھمانخانىغا كىرىپلا ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— ئاڭلىسام، كارخانىغا يېڭى كەلگەن باشلىق ئوخشايسىز، كېلىپلام پېقىرنىڭ ئىز ـ دېرەكىنى قىپسىز، سىزنى ئاۋارە قىلماي دەپ ئۆزۈم كەلدىم ...

— ياخشى بوپتۇ ... — ئارۇپ ئەپەندى ئۆزىنى تۇتۇپ، ئېغىر ـ بېسىق بولۇۋالدى، ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن ئۆيىگە كەلگەن مېھمان بولغاچقا، قىزغىن مۇئامىلە قىلماي بولمايتتى.

دەرھال داستىخان راسلاندى، سىنچاي قۇيۇلدى. ئارقىدىن ئارۇپ ئەپەندى ساھىبخانىغا خاس ئىلتىپات بىلەن سورىدى:

— ئاز ـ پاز ئىچەمدۇق؟

بۇ قېتىم ھاشى قوتازدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق، ئاۋاق بىر ھەمراھى ئېغىز ئاچتى:

— كۆڭۈللىرى پادىشاھ ئارۇپ ئەپەندى، ھاشىمكام ئۇيىدان ھاراق بولسا، ئازتولا تېتىپ قويىدۇ.

ئارۇپ ئەپەندى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى دانە رومكا قويۇلغان كىچىك بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئۆيدە بارى مۇشۇ ئىكەن، — دېدى ئۇ پەتنۇسنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ. ھاشى قوتازنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئالغاي كۆزلۈك ھەمراھى كۆزلىرىنى ئۈچ بۇرجەك قىسىپ، يىراقتىن ھاراقنىڭ ماركىسىغا زەن سالدى. «كۈئېنلۇن» ماركىلىق بۇ ھاراق شۇ كۈنلەردە چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا تالىشىپ ئىچىلىدىغان خېلى ئەتىۋار ھاراقلاردىن ئىدى.

— قېنى، بۇنىدىغىنىمۇ بىر تېتىپ باقايلى، — دېدى ھېلىقى ئالغاي مەنىستمىگەندەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.

رومكىلار يېنىك جىرىڭشىپ، ئۈچ قېتىمدىن ئايلاندى. كۈچلۈك ھاراق ھەممىنىڭ بەدىنىدە بىر خىل يېقىملىق ھارارەت دولقۇنى قوزغىدى، مېھمانلارنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلدى، ئالغاي بىلەن ئۇزۇنتۇرانىمۇ ئۇششاق تىللىرى چىقىپ، ھە دەپ ھاشى قوتازنى كۆككە كۆتۈرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئابرويى، پۇلى، مەردلىكى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى:

— ھاشىمكام دېگەن ئالقىنى بىلەن ئاسماننى، تاپىنى بىلەن يەرنى تىرەپ ئالالايدىغان ئادەم، جۇما...

— لازىم بولسا، ئايىنىمۇ يۇلۇپ ئالدۇ، تېخى ...

— ئارۇپ ئەپەندى، ئاڭلىغانمۇسىز، «تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب» دېگەن بىر گەپ بار. بىزنىڭ ھاشىمكام دېگەن ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە تۇرغان بىلەن بۇ شەھەردىكى تاجىسىز پادىشاھ !...

— خېلى ـ خېلى باشلىقلارمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ دېسىلە ...

ئارۇپ ئەپەندى سۇكۇت ئىچىدە ئۇـ

لارنىڭ سۆزلىرىنى بىر ياقتىن ئاڭلاپ، بىر ياقتىن مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇردى. بەزى سۆزلەر ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرسىمۇ، ئارۇپ ئەپەندى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئىككى گۇپپاڭچىنىڭ ئەمدى ئاغزى بېسىلىۋىدى هاشى قوتازنىڭ زۇۋانى ئېچىلدى:

— تېخى بەزىلەر ئۆزلىرىچە ئامبال بولىمەن، دوتەي بولىمەن، دەپ ئاغزىنى تامشىپ يۈرىشىدىكەن! قېنى، بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتمەي بوپ باقسۇنا؟! ... هېلىغۇ ئامبالكەن، بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتمىسە، هامبالمۇ بولالمايدۇ!...

ئارۇپ ئەپەندىنى ئەمدى رەسمىي كۈلكە قىستىدى، لېكىن ئۇ لېۋىنى چىشلەپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. هاشى قوتازنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭغا خۇددى هۆل كېسەكتىن ئوت چىقارغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ يوغان گەپلەردىن كىچىككىنە بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بولدى ...

هاراق يەنە بىر نەچچە رومكىدىن ئايلاندى، هاشى قوتاز تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ قورسىقىدا نېمە بولسا يوشۇرماي دەۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ گېپى ئاستا - ئاستا ئەينى مۇددىئا ئۈستىگە يۆتكەلدى:

— ئارۇپ ئەپەندى، ئاڭلىسام، مېنىڭ ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز بەرمەكچى بوپسىز. مېنىڭچە، بۇ نىيىتىڭىزدىن ياخشىلىقچە قايتىڭ! ئەگەر سوتقا چۈشۈشكە توغرا كەلسە، مەن يالغۇز چۈشمەيمەن، يۇرت باشلىقىمۇ بىللە چۈشۈپ قالىدۇ. نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن بۇ كارخانىدىن قەرز ئالغان پۇللارنى شۇ كىشى تەستىقلىغان، بۇ تەستىق ماڭىمۇ ئاسانغا چۈشمىگەن. سىز بەلكىم باشلىقنىڭ ئاستى - ئۈستى تاختايلىق يېڭى ئۆيلىرىنى كۆرگەنسىز، مېھمانخانا ئۆيدىكى ئانار گۈللۈك گىلەم بىلەن رەڭلىك تېلېۋىزورنىمۇ كۆرگەنسىز ... بۇ نەرسىلەرگە مەن قەرز ئالغان ئاشۇ پۇللاردىن چىقىم بولمىدى دەمسىز؟!...

ئالغاي دەرھال لوقما سالدى:

— مانا ... مانا...هاشىمكامنىڭ مەردلىكى شۇ - دە!

ئۇزۇنتۇرامۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزمىدى:

— هېلىغۇ ئۇنچىلىك دۇنيا ئىكەن، يۈرىكىڭنى ئالىمەن، دېسىمۇ غىڭ قىلمايدۇ، هاشىمكام! ...

ئارۇپ ئەپەندى بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ بىمەھەل كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى ئەمدى تولۇق چۈشەندى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە، بېشارەتمۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىشمۇ، تەھدىت بىلەن پوپۇزىمۇ، ئىلتىجامۇ بار ئىدى. ئەمدى ئارۇپ ئەپەندى سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— كەچۈرسىلە، — دېدى ئۇ يەنە شۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — مەن ئۇنچىلىك مەردلىك قىلالمايمەن! تەشكىل مېنى كارخانىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى، لېكىن پۇل بولمىسا قانداق ئىشلەيمەن؟! «قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراب» بولۇپ ياتامدىمەن؟! كارخانىنىڭ پۇلى كارخانىغا تەئەللۇق، ئۇنىڭدىن ھەر قانداق ئادەم شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ! كىم قەرز ئالغان بولسا، قايتۇرۇشى كېرەك!

بۇ گەپلەر هاشى قوتازغا تەسىر قىلمىدى، ئۇ يەنە شۇ بايىقى كۆرەڭلىكى بىلەن:

— قايتۇرۇشنى هامان قايتۇرىمىز،

ئارۇپ ئەپەندى، — دېدى غۇدۇڭشىغاندەك قىلىپ، — لېكىن ۋاقتى - سائىتى كەلسۇن!

— ۋاقتى - سائىتى قاچان كېلىدۇ؟! — ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئاۋازى سەل قوپاللاشتى.

— بۇنى ئەڭ ياخشىسى، باشلىقتىن سوراڭ! — ھاشى قوتاز شۇنداق دېدى - دە، بۇ ھەقتىكى گەپنى شۇ يەردە ئۈزمەكچى بولۇپ، ئۇلۇغ تەرىپىدىكى ئالغايغا ئىشارەت قىلدى، — قېنى، ھاراق ئىچەيلى!

ئالغاي دەرھال يېنىدىكى سومكىنى ئاچتى:

— ئارۇپ ئەپەندى، ئەمدى بۇنداق ھاراقنىمۇ تېتىپ باقايلى، بۇ ھاشىمكامنىڭ سىزگە بولغان كۆڭلى...

ئۇ، سومكىدىن پېچەتى بۇزۇلمىغان بىر شىشە «ماۋتەي» ھارىقى بىلەن سۇرلەپ پىشۇرۇلغان بىر توخۇ گۆشىنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىلتىپات ئارۇپ ئەپەندىگە ياقمىدى. بۇ ئىش گويا ئۇنىڭغا ئاپئاشكارا قىلىنغان ھاقارەتتەك، ئۇنىڭ بىلەن قەستەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ غۇرۇرىدە ئاچچىقى كەلدى، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، جاۋغايلىرىدىكى قورۇقلار تىككىدە تارتىشىپ كەتتى. ئۇ، داستىخانغا قارىغانسېرى ئىچ - ئىچىدىن بىر خورلۇق ھېس قىلدى...

ئالغاي «ماۋتەي» نىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئارۇپ ئەپەندى خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چېقىن چاقىغاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ئاچماڭ! ھارىقىڭىزنى نەدىن ئالغان بولسىڭىز، شۇ يەرگە بېرىپ ئىچىڭ! بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، قانچىلىك مېھمان قىلالىسام شۇنچىلىك قىلىمەن!...

ئالغاي تۇرۇپلا قالدى، كۆزىنىڭ پاختىسى تېخىمۇ يوغىناپ چەكچىيىپ كەتتى. لېكىن ھاشى قوتاز ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئەلپازىدىنمۇ يامانراق تەلۋىلىك بىلەن گۈركىرىدى:

— نېمانچە ۋارقىرايسىز، ئەپەندىم! سىز ئىچمىسىڭىز ئىچىدىغانلار كۆرمىڭ! — ئۇ يېنىدىكىلەرگە قولىنى شىلتىدى، — تۈرۈكلەر، بۇ داستىخاندا ئىشىمىز تۈگىدى، كەتتۇق!

ھاشى قوتاز لوككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ماڭدى، ئىككى ھەمراھىمۇ ئوپپۇل - توپپۇل سومكىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇلار خوشمۇ ئېيتماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچە ئارۇپ ئەپەندى كىرپىك قاقمىدى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۈستى - ئۈستىلەپ بولۇۋاتقان بۇ غەلىتە ئىشلار ئۇنى خېلى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئامال قىلىپ گاڭگىراشتىن قۇتۇلۇشنى، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا، ئەقىدىسىگە لايىق يول تېپىپ مېڭىشنى ئويلايتتى، لېكىن ئەقىدە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇش ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر توساق پەيدا قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاشىلا قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ئارۇپ ئەپەندى بوشاپ قالمىدى، ھاشى قوتاز بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشنى، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئەينەن ئەھۋالنى ئاممىغا مەلۇم قىلىپ، خەلق ساداسى پەيدا قىلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى، لېكىن باشلىق يەنە چاقىقان چىقتى، خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرغاندەك، ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى.

ھېلىقى ئىشتىن ئىككى كۈن كېيىن

بىر كەچقۇرۇنلۇقى ھاۋاز چوڭنىڭ ئازادە پىكاپى تۈيۈقسىز ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئارۇپ ئەپەندىنىڭ كۆڭلى يەنە بىر شۈملۇقنى سەزدى. لېكىن بۈگۈن باشلىقنىڭ چىرايى ئوچۇق، سۆزلىرى يېقىملىق ئىدى. ئۇ ئارۇپ ئەپەندىنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىق ئۆزرە بىلەن رەت قىلدى:

— بۈگۈنچە ئۆيىڭىزگە كىرمەي، ئايرىم بىر كېلىپ مۇڭدىشىش نىيىتىم بار. ھازىر سىزنى باشقا بىر يەرگە ئېلىپ بارماقچىمەن...

— نەگە؟ — ئارۇپ ئەپەندىمۇ تۈزۈت بىلەن سورىدى.

— بارغاندا بىلىسىز، قېنى، ماشىنىغا چىقىڭ...

— قانداق بولار؟ ... — ئارۇپ ئەپەندى ئىككىلەندى.

— ھەي... سىزنىڭ شۇ كاجلىقىڭىز... بولدى، ماشىنىغا چىقىڭ، — دېدى ھاۋاز چوڭ ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ، — ئىشىنىڭ، مېنىڭ ئارقامدىن ماڭسىڭىز زىيان تارتمايسىز، ئارۇپ ئەپەندى ...

ئارۇپ ئەپەندى ئىلاجىسىز ماشىنىغا چىقتى، ھاۋاز چوڭ يول بويى تولىمۇ خۇشلۇيلۇق بىلەن سۆزلەپ ماڭدى. لېكىن بۇ گەپلەر ئارۇپ ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، كىملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغانلىقىنى، بۇ تۈيۈقسىز ئىلتىپاتنىڭ نېمە مۇددىئادا بولۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىپ بىئارام بولۇۋاتاتتى...

ئويلىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇلارنى ئايۋان - سارايلىق چوڭ قورۇنىڭ ئالدىدا ھاشى قوتاز كۈتۈۋالدى.

— مانا، مانا ... بۇ ئىشىڭىز جايىدا بولدى، ئارۇپ ئەپەندى، — دېدى ئۇ يىراقتىنلا قول سوزۇپ كېلىپ، — پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تۇغقان، دېيىشىدۇ. بىز ئارازلىشىپ نەگە باراتتۇق؟ ... قېنى، ئۆيگە كىرەيلى ...

ئارۇپ ئەپەندى تۇرۇپلا قالدى، كاللىسىمۇ تورمۇزلانغاندەك بىر دەقىقە ئىشلىمەي قويدى. ئۇ ئەمدى ئارقىغا يانالمايتتى، شۇ پەيت ئۇنىڭ كۆڭلىدىن، بۇنىڭ ھەممىسى باشلىقنىڭ ھەم مۇداپىئە ھەم ھۇجۇم ئۈچۈن قىلىنغان يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن، دېگەن ئوي غىلىلدا ئۆتۈپ كەتتى...

ئۇلار ھويلىغا كىردى، ئىككى يۈز ۋاتلىق لامپۇچكا يېقىلغان گۈللۈك ھويلا كۈندۈزدەك چاراقلاپ تۇراتتى. ئۇلار پۈتۈنلەي ئويما - نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئازادە پېشايۋاندىن ئۆتۈپ، ئاستى تاختايلىق مېھمانخانىغا كىردى، مېھمانخانىنىڭ رەڭلىك ئاسما چىراغلار چاقناپ تۇرغان تورۇسىدىن باشقا ھەممە يېرى قىپقىزىل زىلچا - گىلەملەر بىلەن پۈركەنگەنىدى. گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە يەنە تام ياقىلىتىپ، ئىتالىيە نۇسخىلىق سافادىن ئون نەچچىسى قويۇلغانىدى.

ئارۇپ ئەپەندى ھەممىگە سەپسالدى، سەپسالغانسېرى، كۆز ئالدىدا باشقىچە بىر دۇنيا — خۇددى پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدەك سەلتەنەتلىك بىر قەسىر نامايان بولغاندەك بولدى ...

ھاۋاز چوڭنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھويلىدا، مەنزەردە ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ پاراڭغا چۈشكەن باشقا مېھمانلارمۇ دەرھال باشلىقنى ئىقتىدا قىلىپ مېھمان-

www.uyghurkitap.com

خانىغا يىغىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يۇرتنىڭ بىر قىسىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن كەلگەن بىرنەچچە ياش چوكان ۋە يەنە ئۈچ سازەندە بار ئىدى. خېلى ئۇزاق سوزۇلغان سالام ـ سائەتتىن كېيىن، داستىخان سېلىندى، داستىخان ناھايىتى مول ئىدى. ئۆز رېتى بىلەن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان تائاملارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەڭ چوڭى تونۇردا پىشۇرۇلغان پاخلاندىن تارتىپ، ئەڭ كىچىكى كەم تېپىلىدىغان پىستىلەرگىچە داستىخاننىڭ يۈزىنى ياپقانىدى ...

ئۇزۇنغا قالماي ھاراق كەلتۈرۈلدى، ئەرلەر ئۈچۈن «ماۋتەي»، ئاياللار ئۈچۈن قىزىل لېنتىلىق ئۈزۈم ھاراقلىرى، پاكىستاننىڭ كۈمۈش رەڭلىك پەتنۇسى ئۈستىگە تىزىلدى. ساقىيلىقنى ھېلىقى كۈنى ئاروپ ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارغان ئالغاي قىلدى. بىرىنچى قەدەھ مۇشۇ سورۇننىڭ كاتتىسى ھاۋاز چوڭنىڭ شەرىپىگە ئىچىلدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەدەھلەرمۇ يەنە ئۇنىڭ نامىدىن نېرى كەتمىدى، رۇمكىلار بەش قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ۋاژىلداپ پاراڭغا چۈشتى، بەزىسى، يېنىدىكى ھەمراھىغا گىرە سېلىپ ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلاتتى؛ بەزىسى، قول ئاستىدىكى كادىرلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كۇسۇرلىشىپ سودىلىشىۋاتاتتى. پەقەت ھاۋاز چوڭلا سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇلغان پەر ياستۇققا جىمغىنا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇدۇلىدىكى بوي ـ تۇرقى ئىرغايدەك، قارا قۇمچاق، چىرايلىق چوكاننى ئوۋلاۋاتاتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ھاراق تەپتىدىن كۆزلىرى غىلايلاپ، يۈرىكى قىزىپ كەتكەنىدى، چوكانمۇ پات ـ پات بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا لەپ ـ لەپ قاراپ قوياتتى.

جان ئالغۇچى بۇ نازاكەتلىك بېقىشلار باشلىقنىڭ ھېسسىياتىنى تېخىمۇ دولقۇنلىتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى داۋاملىق جىم ئولتۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھاشى قوتازغا بۇيرۇق چۈشۈردى:

— داستىخىنىڭنى يىغىشتۇر، ھاشى، تانسا ئوينايمىز!

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. سازەندىلەر سازلىرىنى قولىغا ئالدى. باشلىق ئالغاي ساقىينىڭ مېڭىپ يۈرۈپ قويۇۋاتقان ھارىقىدىن بىر رۇمكىنى ۋاققىدە قېقىۋېتىپ، يېنىدىكى ئاروپ ئەپەندىگە دېدى:

— قېنى، تەييارلىنىڭ، بىر ـ ئىككى مەيدان تانسا ئويناپ، قاننى قىزىتايلى.

ئاروپ ئەپەندى خىجىللىق ئارىلاش ئۆزرە ئېيتتى:

— مەن شۇنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن، ئوينىغاننى كۆرەي ...

— شۇمۇ گەپمۇ؟ — دېدى ھاۋاز چوڭ رەنجىگەندەك قىلىپ، — بۈگۈنكى زىياپەت سىزنىڭ شەرىپىڭىزگە بولۇۋاتىدۇ، جۇمۇ ئاروپ ئەپەندى ...

ئۇنىڭ سۆزى ئاغزىدا قالدى، ھېلىقى قارا قۇمچاق چوكان مەيدىسىنى كېرىپ، قەدەملىرىنى ئۇششاق ئالغىنىچە ئىرغىنىپ كېلىپ، ئۇنى تانسىغا تارتىپ كەتتى. ئۇلار ھەۋەس بىلەن ئويناشقا باشلىدى، ھاۋاز چوڭ ياش چوكاننىڭ ئىنچىكە بەللىرىنى چىڭ قورۇپ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، قاپقارا ئىككى ئۆرۈم چېچى ھاۋاز چوڭنىڭ تېرىلىرى بوشاپ لەش-

تەك بولۇپ قالغان قولى ئۇستىدىن چۈشۈپ، تىقىمىدا سويلاپ تۇراتتى ...

ئۈچ مەيدان تانسىدىن كېيىن، كىملەرنىڭدۇ تەلىپى بىلەن قارا قۇمچاق چوكان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ زىلۋا قەددى - قامىتىنى تولغاپ، نازىغىتىپ، شۇنداق چىرايلىق ۋە لەۋەن ئوينىدىكى، ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى. بولۇپمۇ، ھاۋاز چوڭ ئۇسسۇلچىنىڭ ھەربىر ئايلىنىپ كېلىپ ئۆزىگە قىلغان خۇپپىيانە خۇلقىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. شۇ پەيت مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاشى قوتاز پەيدا بولدى. ئۇ، ئۇسسۇلچى چوكاننىڭ يېنىك ۋە ئەۋرىشىم پىرقىراۋاتقان شوخ ھەرىكىتىگە بىر پەس قاراپ تۇردى، كېيىن يانچۇقىدىن 50 يۈەنلىك يېڭى پۇلدىن ئالتىنى شارتىتىدا چىقىرىپ، ئۇسسۇلچى چوكاننىڭ بېشىدىن ئۆردى ۋە كۆرەڭ ئاۋازدا:

— بۇ پۇل ھاۋاز ئاكامنىڭ سەدىقىسى! — دەپ ۋارقىراپ، ئۆيگە چېچىۋەتتى ...

باشلىق كۆلۈمسىردى، شەھۋانە ھەۋەستىن قىسىلغان كۆزلىرى ئۇسسۇلچىغا تىكىلدى، چوكان تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ ئويناۋاتاتتى. شۇ چاغدا، ئاجايىپ بىر قىزىق ئىش يۈز بەردى:

باشلىق ھاراقتىن بوشىشىپ كەتكەن كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئۆزىگە ياراشمىغان بىر چاققانلىق بىلەن ئۆرە قىلدى ۋە يەنە شۇ ھامان لوككىدا يەرگە ئولتۇرۇپ تۆت پۇتلۇق بولدى، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مۆجىزىلىك بىر ھالەت شەكىللەندى: باشلىق — يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، بىرنەچچە نەۋرە كۆرگەن ھاپىز چوڭ بەئەينى ئېشەككە ئوخشاش تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلىگىنىچە ئۇسسۇلچى چوكاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— چىدىيالمىدىم ... قارا قۇمچىقىم... تانسا ئوينايلى!

چوكان قا - قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە خېنە ياققان نازۇك بارماقلىرى بىلەن باشلىقنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ يۆلەپ تۇرغۇزدى، بىر نەچچە مۇرىت - مۇخلىسلار «ياشا، ئوينا! ...» دەپ قى - چۇ كۆتۈردى.

ساز رېتىمى تانسىغا ئۆزگەردى. ئىككىسى گىرەلەشتى، بەللەر تېخىمۇ چىڭ قورۇلدى، قوللار بىر - بىرىگە مەھكەم كىرىشىپ كەتتى ...

ئارۇپ ئەپەندى خۇددى قوقاس ئۇستىگە دەسسىگەندەك ئولتۇرالماي قالدى. كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئاجايىپ - غارايىپلاردىن ئۇنىڭ قەلبى خىرەلەشتى. كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۆزىنى گويا ئىككى يەلكىسىگىچە پاتقاققا پېتىپ قالغاندەك ئېغىر ھېس قىلدى.

مانا، «تۆشۈك سۇدا بىلىنەر» دېگىنى شۇ ئىكەن - دە! ئارۇپ ئەپەندى بۈگۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردى. ئاۋۇ باشلىقنىڭ ئۆز ئىشخانىسىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇپ كىشىلەرگە گويا دۇنيانى ئۆرۈپ - چۆرۈيدىغاندەك ئەلپازدا مۇئامىلە قىلغىنىنى بىلەن بىر پاسىق ئايالنىڭ ئالدىدا قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنىمۇ كۆردى. كۆردىلا ئەمەس، بۇ باشلىقنىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇۋاتقان ئابروي بىلەن يۈزنى قانداق تېپىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدى.

ھەي! ... دۇنيادا قىزىق ئىشلار راستىنمۇ كۆپ ئىكەن، بولمىسا، بۇ دۇنيا

مۇنچىلىك مۇرەككەپ بولماستى! ئاروپ ئەپەندىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنى بىر ھىسابتا ياخشى بوپتۇ، كەلمىگەن بولسا، بۇنچىلىك ئەقىل ۋە ھەقىقەتنى نەدىن تاپاتتى!؟ ...

قايتىدىغان چاغدا، باشلىق ئاروپ ئەپەندىنىڭ يېنىغا كەلدى. كەيپى چاغ ئىدى، مەستلىككە تاقاپ ئۇ ياقتىن - بۇ ياقتىن گەپ قىلىپ، ئاخىردا ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېدى:

— مانا كۆردىڭىز، ئاروپ ئەپەندى، ئۈلپەتچىلىك ياخشى ئىش، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول چىقىدۇ، سىز بىلەن تېخى ئۇزۇن يىل بىللە ياشايمىز، ھەمكارلاشمىساق بولمايدۇ، سىز بىزگە تايىنىسىز، بىز سىزنى قوللايمىز، ئىشقىلىپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا: «قورغۇي قۇشقاچنى ماراپ بولغىنىچە، مۇشۇك ئۇتۇپ يەپ بوپتۇ» دېگەندەك ئىشلارنىڭ بولۇپ قېلىشىنى مەن خالىمايمەن. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇنىڭدىكى ئاساسىي ھالقا يەنە سىزدە!...

ئاروپ ئەپەندى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى، كۆڭلىدە ئويلاپ تۇرغان گېپىنى پوسۇقىدا ئېيتىۋەتتى:

— يولداش ھاۋاز چوك، بۇ گېپىڭىز بىلەن بۇگۈنكى قىلمىقىڭىز بىردىنچىدىن، ئەرلىك چىرايىڭىزغا؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىلىك خىسلىتىڭىزگە ماس كەلمەي قالدى!

ئۇ شۇ گەپنى قىلدى - دە، ئارقىغىمۇ قارىماي پىيادە مېڭىپ كەتتى. ھاۋاز چوك تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. شۇ گەپ بىلەن مەستلىكمۇ يېشىلىپ كەتتى، قاراڭغۇ بولغاچقا، چىرايىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمىدى. پەقەت چىشىنىڭ غۇچۇرلىشىلا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى قارا قۇمچاق چوكان يېنىغا كېلىپ قولتۇقىدىن ئالغاندىلا ئېسىگە كەلدى ...

* *

ئاغىنەم شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازابتىن پات-پات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۇھسىنىۋاتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئىچىلمەي تۇرغان ئاخىرقى رومكىنى بىرلا تىنىقتا ئىچىۋېتىپ قوشۇپ قويدى:

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۆزۈڭگە مەلۇم ئاداش، تەقدىرىم ھېلىقى ھاشىقوتاز دېگەندەك بولدى...ئىشنى ئەمدى باشلاي دەپ تۇراتتىم، ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلدى، ئۇنىڭغا ئېچىنمايمەن، مەنسەپ دېگەن نامازدىگەرنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشاش نەرسە، ھەممە ئادەمدىن قالىدۇ، لېكىن ئېچىنىدىغىنىم: بەزى ھوقۇقدارلارنىڭ قولىدا ئادەم ئۇچۇن ئەڭ كېرەكلىك بولغان پاكلىق، راستچىللىق، سەممىيلىككە ئوخشاش پەزىلەتلەرنىڭ خالىغانچە ئاياغئاستى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى! ...

ئاغىنەم يەنە بىر قېتىم ئۇھ تارتتى، ئاچچىق بىر ھەسرەت - پىغان ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتاتتى. شۇ چاغ قولىقىمغا شەيخ سەئىدىنىڭ مۇنۇ ھېكمەتلىك سۆزى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى: «ئوت قول شۇنچە كۆپ ئارتۇقچىلىقلا ئىگە ئورۇقلۇق، ئەڭ ئەتىۋار، قىممەت باھالىق ئۆزۈكنىڭ چەپ قولغا سېلىنغىنىغا ئوخشاش، پەزىلەت ئىگىلىرى ھەمىشە مەھرۇملۇقتا ئۆتىدۇ ...»

شۇنداق، تۇرمۇشتا ۋىجدان بىلەن ياشاشنى ئويلىغان سەممىي ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە قارىلىق يوق، پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بەزىدە رىيازەت چېكىپ قېلىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. بۇمۇ خۇددى ناغرىنىڭ گۈمبۈرلىشى تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمىغاندەك، سامساقنىڭ پۇرىقى ئىپارنىڭ خۇش ھىدىنى بېسىپ كەتكەندەك بىر ئىش. لېكىن بىر نەرسە ئېنىقكى، كىشىلەر ھامان بىر كۈنى ناغرىنىڭ گۈمبۈرلىشىدىن بىزار بولىدۇ، سامساقنىڭ پۇرىقىدىن كۆڭلى ئاينىيدۇ، ئۇلار تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى، ئىپارنىڭ خۇش بۇي ھىدىنى سېغىنماي قالمايدۇ!...

ئاغىنەم خىيال بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بايىقىدىن خېلى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى، دۈگىلەك كۆزلىرىنىڭمۇ خېلى نۇرلىنىپ، پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆكسى - قارنى راستىنلا بوشاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە مەن بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى:

—خوش، كەتتىم ئاداش... جىمىنىمىز ئېسەن بولسا، تېخى نى - نى ئىشلارنى كۆرىمىز، ھايات يولى ئۇزۇن، ئادەم ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ، كۆڭلى قانغۇدەك ئويۇن كۆرمەي قالمايدۇ!

ئۇ ئىشىككە ماڭدى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئاغزىمنى ئۆمەللەپ قالدىم. ئاخىرقى گەپلىرى ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە قىلغان تەسەللىيسى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەسرىتى يوللۇق! ئون نەچچە يىللىق پارتىيە ستاژىغا ئىگە، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بىر كادىرنىڭ ئۆز ۋىجدانى، ئەقىدىسى، يولى بويىچە ئىشلەيمەن دەپ، ئىشلىيەلمەي، ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟!

بۇ خۇددى قايسى بىر دانىشمەننىڭ «لالما توڭگۇزلار كۆرپىدە ئۇخلايدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى توپا ئۈستىدە» دېگىنىدەك بىر ئىش ئەمەسمۇ؟! ...

www.uyghurkitap.com

غەيرەت غوپۇرى

# قەلبىم مېنىڭ كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلۇق

## سۈبھى چېغىدىكى دالا

ئۆپۈقتىن ئوت ئېچىپ كەلمەكتە قۇياش،
قان تولغان قەدەھتەك چاقنايدۇ دەريا.
بۇلۇتلار شەلپەررەڭ تۇردۇ تۇتاش،
سۈبھىنىڭ مېھرىدەك كۆرۈنەر دۇنيا.
جەڭچىنىڭ قېنىدەك شۇ قىزىل ئۇپۇق
كەڭلىكتە چاچرىغان ئارماندۇر گويا.

شەبنەملەر، قەترىلەر سىغىمىغان كۆز - ياش
شاخلارنىڭ بەرگىدە تۇردۇ مۆگدەپ.
ئاسماننىڭ نامازشام گۈلى سۇسلىشىپ،
ئاھ، ئاينى غايىبلىق كەتتى يېتىلەپ.
شاماللار سىغدىلىپ كىردى دالىغا،
تۆكۈلدى قەترىلەر بەرگلەر تەۋرەپ.

قۇشلارنىڭ تىلىدىن تىرىلىپ چوقان،
شاۋقۇنلار ناخشىسى كەلدى يىراقتىن.
قۇياشقا ئەگىشىپ يۈگرەيدۇ ھايات،
تىلەپ ئۇ سەددىقە شەلپەر ھاياتتىن.
ئالەمنىڭ ھاياتلىق ئەركىنلىكىنى،
ئىزدەيدۇ قارىچۇقلار ئۇزاق - ئۇزاقتىن.

شېھىتلەر تىنىقى كېلەر شامالدىن،
يۇلغۇندۇر ئۇلارنى يوشۇرۇپ تۇرغان.
قانسىراپ يۇلغۇنغا بەرگەن قەلبىنى،
سۈبھىنىڭ دەردىدە ئۆلگەن قەھرىمان.
شۇڭلاشقا يۇلغۇنلار رەڭ ئالغان قىزىل،
يۇلغۇندەك گۈزەلدۇر يەنىلا جاھان...

## ئوۋچى

قان ئىزلىرى قەدەملىرىڭ چۈشكەن جايدا،
تاغ باغرىدا قان داغلىرى قالغان قېتىپ.
يان بېغىرلار قىيىلغان، ئاھ، غەزەپلەنگەن،
قاپتاللاردا يۈرەر ئاھۇ دەردكە پېتىپ.
كېلەر ئەنە تاغ باغرىدىن ئەنسىز چوقان،
يۈرەر ئۇلار ئەركىسىزلىك جانغا پېتىپ.

قارىچۇقلىرىڭ قەبرىلەرنى تۇرار يۈدۈپ،
نىگاھلىرىڭ بۇزۇپ ھايات تەقدىرىنى.

ئېچىنىشلىق تاغ باغرىدا كۈنۈ تۈنى،
قاقالمايدۇ قۇشلار كۆكتە پەرلىرىنى.
ئۆلگەنلەرگە قاراپ يىغلار تىرىكلىرى،
بولغاچ تىلسىز تۆكەر ھۇۋلاپ دەردلىرىنى.

سەن كېلىسەن ئۇۋچى، چەنلەپ ئوقلار ئۈزۈپ،
غۇلار جانىۋار، قەلبىدە كۆپ ئارمانلىرى.
كەتسە ھۆركۈپ بالىلىرى پەم ئىشلىتىپ،
خىيالىڭدىن كەتمەس تىرىك قالغانلىرى.
قايغۇلۇق تاغ، غەمكىن بۇلاق يىغلار ئۆكسۈپ،
سەندە يوقمۇ رەھىم - شەپقەت مىزانلىرى؟!

## بالىلىقىم

ئاخشامقى چۈشلىرىمدەك يارقىن تېخى،
ئۇ چاغلار ھاياتىمنىڭ ئابىدىسى.
قەلبىمدە بالىلىقنىڭ كۈلكىسى بار،
ئۇ كۈلكە گويا تۆگە كولدۇرمىسى.
بورانلىق يوللىرىمدا ئاشۇ كۈلكە
سۆزلەيدۇ دالىلارغا شاھ قىسسىسى.

ئون سەككىز يېشىم — قىران يىگىت چېغىم،
بالىلىق چاغلىرىمنى كەتتى ئېلىپ.
سورىدىم بۇلاق ھەم ئاي، چىۋىقلاردىن،
يوق دېدى، رەسىمىنى قالدىم سىزىپ.
شاھ ئىدى بالىلىقىم، ئەي، ئاي - يىللار،
ئاسراڭلار، يىغلىمىسۇن يالغۇز قېلىپ؟!

## خادا تاش

دولقۇنلار تۈرۈلۈپ ئەجدىھا كەبى،
ئۈرۈلار دەھشەتتە ھۇۋلاپ يىراقتىن.
بىپايان دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىدا،
مۇھەببەت ناخشىسى ياڭرار ئۇزاقتىن.

تۇرىدۇ چوقچىيىپ بىر چوڭ خادا تاش،
ئاسماننى قۇچاقلاپ سۆيەر ئىنتىلىپ.
كۆي - كۈيلەر ئۇنىڭدا يالغۇز يېتىم قۇش،
كۆزلىرى ئىچىدىن چاقماق چېقىلىپ.

كېلىدۇ دولقۇنلار تۈرۈلۈپ دەھشەت،
پارچىلاپ تاشلىماق بولۇپ ھەر مىنۇت.
خادا تاش چوقچىيىپ تۇرىدۇ مەغرۇر،
ئۇ خۇددى قايتىدىن تىرىلگەن ۋۇجۇت.

## يەر يۈزىدە قالمىسۇن غازات

تۈتەك باسقان ئۇرۇش كەلگۈلكى
چوقانلارنى يۈرەر ھاپاشلاپ.
تۇمانلىقتەك كۆرۈنەر دۇنيا،
قەبرە ئۈنەر ئوقلار غۇيۇلداپ.
يۇلتۇزلارغا ئىز سېلىپ يۈرگەن
سانسىز ئەرنى قاچار ئوغرىلاپ.

ئوق ئىچىدە تۇرىدۇ دۇنيا،
كېپەن ئوراپ كەلمەكتە ھايات.
پەلسەپەلەر قالدى تېڭىرقاپ،
شوئار يېزىپ تۇۋلار كائىنات:
قان ئىچىدە قالمىسۇن ئەۋلاد،
يەر يۈزىدە قالمىسۇن غازات!!!

## تارىم قىزلىرى

تاغ سۈيىدەك يېقىملىق شۈنچە،
قەلبى رەيھان، تارىم قىزلىرى.
ناخشىلىرى ئۇن ئىككى مۇقام،
ئامانىسا مۇقام پىرلىرى.

دولقۇن ئۇرغان چاچلىرى بىلەن
يۈرەكنى لال قىلار قەدەمدە.
گۈزەل قىزلار — تارىم قىزلىرى،
بۇنداق قىزلار ئازدۇر ئالەمدە.

## بىز تونۇشقان كۈن

قەلبىم مېنىڭ كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلاپ
ئۇرۇلماقتا قىيا تاشلىق سۆيگۈگە.
مەن چوقۇندۇم ساڭا ئوتتەك يالقۇنلاپ،
سەن تۇتاشتىڭ دىلىمدىكى سەزگۈگە.

بۇ كۈن ئىدى كەچكۈز پەسلى يامغۇرلۇق،
بىز تونۇشتۇق غازاڭ چۈشكەن كۈنلەردە.
مەن تىلەيمەن پاشلىقىمىز، سۆيگۈمىز
ئوخشىمىسا غازاڭ چۈشكەن كۈنلەرگە...

ياقۇپجان قۇربان

## ئويغاق تۇيغۇلار

1

ئايلىنار ئاي بېشىم ئۈستىدە
ئىزدىگەندەك كۆزۈمدىن ھەۋەس.
ياپراقلارنىڭ نازلىق جىلۋىسى
تۈندە ئويغاق ھېسقا ھەمنەپەس.
يىراقلاردا نازلار مەجنۇن تال
ئىما قىلىپ تەكتىمگە مېنى.
شاماللارغا قوشۇلۇپ شۇ ھال،
تەنھا خىيال ئىزدەيدۇ سېنى.

2

چۆمۈلدى ئاي زۇمرەت بۇلاققا،
بۇلۇتلارنىڭ كەينىدىن ماراپ.
شوخ دولقۇننىڭ مەغرۇر كۈلكىسى
قۇلىقىمدا تۇرار جاراڭلاپ.
قول ئۇزاتتىم بۇلاق سۈيىگە،
بىر توچكىدا كۆز ئۈزمەي قاراپ.
تېگە ـ تەگمەي بارمىقىم سۇغا،
يوقالدى ئاي، دولقۇن جىمىرلاپ.

3

كۆكنى سۆيگەن چوققا بويىنغا
تاشلىغاندا تولۇن ئاي گىرە.
رەشىك بىلەن قاراپ يۇلتۇزلار،
جىمىرلاشتى يىراقتا خىرە.
مەجنۇن تالنىڭ بوك دالدىسىدا
يار كۆكسۈمگە تۇردى باش قويۇپ.
ياپراقلاردىن ماراشقان كۆزلەر
يۇلتۇزلارغا كەتتى قوشۇلۇپ.

4

چىتلانغان تام قارا سېپىلدەك
قۇچاقلىشىپ ياتار تۈن بىلەن.
غۇۋا ئاينىڭ شولىسى ئىشىك
يوچۇقىغا ئىتىلار شۇ دەم.
بىلمەيمەن، ئۇ كۆرۈپ قالدىمۇ
قارا تامغا ئەسىر تەلەينى.
تىنجىق شامال ئىيىپ كېلەر پات ـ پات
نەلەردىندۇ مۇڭلۇق ئەللەينى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

5

ئۇلتۇرىمەن دالىدا تەنھا،
يامغۇرلارغا ئىزدەمەي دالدا.
تىنىقىڭنى ئىزدەپ ھاۋادىن،
نەپەسلىرىم كەتتى شامالدا.
توختىمىسۇن سوقۇشتىن يۈرەك،
بەرگىن ئىمجان قەلبىمگە نەپەس.
شۇ تىنىقتىن تىرىلىپ ۋۇجۇد،
پاچاقلانسۇن سۆيگۈمدىن قەپەس.

6

دېرىزەڭنى ئۇرغاندا بوران
قارا تۈندە ئۇيقۇڭنى بۇزۇپ،
كۆزۈڭ ئۇۋۇلاپ، نازىنىن ئۇماق،
غەزەپلەنمە، قوشۇماڭ تۈرۈپ.
تەبەسسۇمتەك ياراشماس ئەيىب،
بىلسەڭ ئەسلا گۇناھسىز بوران.
بوران ئەمەس ئويغاتقان سېنى
ئۆزۈڭ ماڭا قالدۇرغان پىغان.

7

يۈرىكىمنىڭ تەشنا چۆلىگە
قارىچۇقۇمدىن ئاققاندا دەريا؛
ئايلانغاندەك خۇددى دېڭىزغا،
كۆرۈندى سۇس چايقىلىپ دۇنيا.
ئاھلىرىمنى ئەللەي ئېيتىشتى
دولقۇنلاردىن تۇغۇلغان سادا.
قولۇقىمنى ئىزدەرمۇ كۆزۈڭ
غايىب بولسا قايناملار ئارا.

8

دىدارىڭغا ئىنتىزار كۆزلەر
تۈندە بىدار ۋەسلىڭنى ئىزدەپ.
بۇزار چۈشنى سەزگۈلەر جۆيلۈپ،
سۈر باسقاندا يۈرەك ئەنسىرەپ.
تومۇرۇمدىن قومۇرۇپ يىلتىز،
يات ۋۇجۇدقا كەتمىگىن كۆچۈپ.
يەلپۈپ تۇرغىن تىنىقىڭ بىلەن،
ئاتەش ئوتلار قالمىسۇن ئۆچۈپ.

9

لەۋلىرىڭنى تىترىتىپ ئۇپۇق
ئۇزاتقاندا تاڭ قۇياشىنى؛
قارىچۇقلاردىن يۇدى زەر شولا
ئاچچىق ياشنىڭ ھەسرەت دېغىنى.
يار مەڭزىنى كۆرسەتتى شەپەق
شەلپەرىنى كۆتۈرۈپ ئېگىز.
ئۇپۇقلاردىن كۆچتى كىرپىككە
قۇياش كۆككە ئۆرلەپ ماڭغان ئىز.

**ئابدۇكېرىم ئوسمان**

# شېئىرلار

### كېلەچەك

دەريالىرىڭ شاۋقۇنلىرىدا
ئۈندىدىڭغا، ئۈندىدىڭ مېنى.
ئېقىنىڭغا ئۇردۇم كۆپ پالاق،
ئولتۇرغىنىم ئۈمىد يەلكىنى.

يۈتۈۋالدى پۈتمەس دولقۇنۇڭ
سەھەرىمنى يالماپ قانچە رەت.
ئۈندەش بولدۇم — تىك تۇردۇم يەنە،
بىر ئاشۇنداق بوپ قالدۇق چۆپقەت.

ئۈچۈپ كىردى خىياللىرىمغا
زەيتۇن چىشلەپ ئىقبال كەپتىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساھىلىمنى كۆردۈم يىراقتا،
ياندى دىلدا ئىشەنچ ئەختىرى.

ساھىلىمنى كۆردۈم يىراقتا،
سىلىڭۋاپتۇ ئالۋۇنلار گىرە.
ئاھ، شۇندىمۇ مۇراد يۇلتۇزۇم
ئالۋۇن ئىچرە چاراقلار ئەنە!

## زىناق

زىناق تۇغدى سىپنىڭ جۇپ مەڭزىڭ
سۆزلىشۈدىڭ باھار تۇغرۇلۇق.
كۆردۈم قۇتلۇق كۆكلەم گۈلىنى
كۆلكە تولغان زىناقلىرىڭدا،
بولۇپ كەتتى چىرايىڭ نۇرلۇق.

## ئەسلىمە

سۇت جەۋھىرىدەك ئاق كېچە.
شىغىللىقتا
بىللە مۇگدەپ ياتقان دوستلىرىم
چۈشتى ئىسمىگە،
ئاي كۆيگەن بۇ خەيرلىك ئاخشام.
بالا ئىدۇق ئۇ چاغلاردا بىز،
تۇنەك ئىدى شۇ كۈنكى كېچە،
نۇر تۆكەتتى ئاي تارام-تارام...
ئايدىن ئالغان تولۇن خىيالدا
باققانىدىم دوستلارغا شۇئان،
دوستلار ئاي بولۇپ كۆرۈندى غىلمان.
مەن دېدىمكى، شىۋىرلاپ مەسخۇش:
«ئاي بولۇپ بىز يېتىپتۇق يەردە،
قانداق قويۇپ بەردىكىن ئاسمان؟»
ئۆتتى كۈنلەر،
ئۆتتى ئۇچۇپ ئاقار يۇلتۇزدەك،
بۈگۈن كېچە ئاي كۆيدى مانا.
باللىقىمۇ كۆيگەن شۇنىڭدەك،
كۈللىرىنى قالدۇرۇپ دىلدا.
تولۇن بولغان خىيالىم ئەمدى،
بولامدىكىن ئايغا رەھنەما.

## ياز ئاخشىمى

كۆرگەنىدىم تومۇز كەچقۇرۇن
ئۇيقۇقتا ئۇيۇپ قالغان
ھال رەڭ قۇياشنى.
ئەتراپىدا يۇرەتتى لەيلەپ،
ئاق بۇلۇتلار ئۇزۇشۇپ ئاستا.
ئوخشاپ كېتەر بۇ ھال (ئاجايىپ)
چاراسلىتىپ قۇرۇق تەمەچىنى،
يېنىۋاتقان تونۇرغا گويا.
قايسى ئاندۇر دەپ بولدۇم ھەيران،
تېگىشۈپلىپ ئاق چاچلىرىنى،
رېپىدىگە قوندۇرۇپ توقاچ،
كۈنجۈت سېپىپ يۈزىگە
بۇدەم كۆكتە نان يېقىۋاتقان؟
لاخشىگىرىمۇ چوققىلار ئۇنىڭ،
بۇلۇتلارغا باش تىرەپ ياتقان؟

## كۆرۈنگەن تاغ

كۆرۈنگەن تاغ — ئارغى بۇلاق تاغلىرى،
ئەسلىتەر ئۇ يۈز مىڭ پاتمان ئۇمۇتنى.
قارىسىڭىز شۇنچە يېقىن،
(قول يېتەر)
تاقىر بېشى ئۇردۇۋالغان بۇلۇتنى.
ئاق چاچ شوپۇر ئاپتوبۇسنى توختاتتى،
ئارغى بۇلاق تاغلىرىغا چىپىشتۇق.
نەدە بۇ تاغ؟
قالدى نەدە؟
ھەيران بىز،
سىگنال كەلدى،
بىر بەلدىنمۇ ئاشالماستىن يېنىشتۇق.
ھارغىن يۈزلەر پارقىرايتتى تەرلەردىن،
شوپۇر كۈلەر بىزگە قاراپ پىخىلداپ.
ئۇستام، ئۇستام، نىچۈن بىر پەس
كۈتمەيسەن؟
قالغاندۇق تاغقا بەلكى يېقىنلاپ!...

يۇسۇپجان ئەخمەدى

# زاراتگاھلىقتىكى خىياللار

I

تاغنىڭ باغرى زاراتگاھلىق،
قاقاس ساي،
سانسىز چۆككەن تۆگىلەردەك دۆۋىلەر.
«ئەڭ ئاخىرقى بېكەت،— دېسەم،— مۇشۇ
جاي»
شۇركەندى تەن،
سىرقىرىدى ئۆگىلەر.

... كۆزلىرىمگە كۆرۈندى كۆپ پەرىشتە،
ئەزرائىلمۇ كەلدى قىلىچ كۆتۈرۈپ.
ھايات - مامات كۈچ سىناشتى ئەرشتە،
كۆردۈم شۇئان، كەتتى مامات كۆكىرىپ.

ئۈزۈلمەيدۇ ئۇلۇغ ھايات ئېقىنى،
دولقۇنلاردىن ھاسىل بولار دولقۇنلار.
ئېھ، ھاياتىم، بولۇپ باھار چېقىنى
چاچ ئاداققى نۇرلىرىڭنى، يالقۇنلا!...

II

ئىنسان دېگەن تىرىك نىشان — بىر قارا،
ئەجەل ئۇقى ئاڭا تەگمەي قويمايدۇ.
مالائىكلەر كۆڭلى، بىلسەم، قاپقارا،
ھەر دەقىقە جان سورايدۇ، تويمايدۇ.

كۆزى بولسا، شۇ باغرى تاش ئەزرائىل
ئېتەر ئىدى پەرق ياخشى - يامانىنى.
نېمە دېسەك دەيلى، لېكىن ئۇ ئادىل،
تەڭ كۆرىدۇ پۇقرا بىلەن خاقانىنى.

ئەقلى بولسا، شۇ باغرى تاش ئەزرائىل،
ئېتەر ئىدى پەرق دانىش - نادانىنى.
نېمە دېسەك دەيلى، لېكىن ئۇ قابىل،
چاڭگىلىدىن قاچۇرمايدۇ تادانىنى...

پەرىشتىلەر كۆرۈنمەكتە كۆزۈمگە،
ئەزرائىلمۇ كەلدى قىلىچ كۆتۈرۈپ.
تووا!
قالدى ئاشۇ قىلىچ بىردەمدە
ئادالەتنىڭ بايرىقىغا ئۆزگىرىپ.

III

بىھوش قىلدى ۋەھىمىلىك خىياللار،
كەتتى ماغدۇر، پۈتتى تاقەت - سەۋرىلەر.
يەر تەكتىدىن ياغدى قىيىن سوئاللار،
دەھشەت ئىكەن تىلغا كىرسە قەبرىلەر:

«ئوخشاش ئادەم، ئوخشاش كېپەن، ئوخشاش
گۆر،
دېمەككى، بىر ئۆلۈكلەرنىڭ يىلتىزى.
لېكىن نېچۈن ئوخشىمايدۇ، قاراپ كۆر،
كىملەرنىڭدۇ مەقبەرىسى، گۇمبىزى؟

نېمىش قىلسۇن بۇندا جەننەت - جەھەننەم،
ئۇ بەربىر تىرىكلەرنىڭ خىيالى.
ئەي ئادەملەر، ئۆلۈسلەر سىلەر ھەم،
تۇتقاي شۇندا تەڭسىزلىكنىڭ ئۇۋالى.»

سوئال ياغدى سوئاللارنىڭ كەينىدىن،
بۇ — ئىسيان!
ھە، ئۆلۈكلەرنىڭ ئىسيانى.
چۆچۈپ قالدىم مەن ئۇلارنىڭ پەيلىدىن
زاراتگاھلىق ئەسلى كىملەر ماكانى؟...

جىمجىتلىقتا چۆكتى بىردەم ھەممە ياق،
بۇ ۋەھىمە، يا ۋاقىتلىق ئاسايىش.
جىرىڭلىغان نېمىلەر ئۇ؟
قاراپ باق!
تەڭگە قىلار قۇدرىتىنى نامايىش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەركىن روزى

# شېئىرلار

## مېنىڭ ئۇيقۇم

مېنى باسقان قانداق ئۇيقۇ بۇ،
ئويغانمىقىم نېمىشقا بەك تەس؟
باش قويىدۇمۇ چاتاق ياستۇققا،
ياكى مېنى باسقانمىدۇ نەس؟

ئويغاتماپتۇ ئانامۇ مېنى،
دوستلىرىمۇ شېرىن ئۇيقۇدا.
قىلغانمىدۇ بىزگىلا ئاتا
بۇ نەس باسقان ئۇيقۇنى خۇدا؟

مېنى باسقان قانداق ئۇيقۇ بۇ،
كېتەمدىغان شۇنچە سوزۇلۇپ.
پەگادىلا كۆردۇم ئۆزۈمنى،
ئويغانغاندا چۈشۈم بۇزۇلۇپ.

## قەلبىم دەرياسى

قەلبىمدۇر دولقۇنلۇق بىر ئەزىم دەريا،
ئاقىدۇ ئۇلۇغۋار بىر دېڭىز تامان.
ئاقىدۇ ئۇنىڭدا ئۈمىد - ئارزۇيۇم،
ئاقىدۇ كۆز يېشىم، ئاقىدۇ ئارمان.

بىلمىدىم ئۇ قاچان تاپاركىن قۇدرەت،
ئۇ قاچان دېڭىزغا كېتەر قوشۇلۇپ؟
ياكى ئۇ دەرمانسىز قالارمۇ قۇرۇپ،
تېخى شۇ دېڭىزغا قوشۇلماي تۇرۇپ؟

## بەخت تىلەش

ياخشىنىڭلا بەختىنى تىلەش
ئەمەس مېنىڭ ئەھدىم، ئۈمىدىم.
يامانلارمۇ قەلبىمدە هايات،
بىچارە دەپ ئاغرىيدۇ ئىچىم.
تىللىماڭلار، بولماڭلار ھەيران
يامانغا قول بەرگىنىم ئۈچۈن.
ھەممىڭلارغا ئايانغۇ، پەقەت
قۇياش، چىقسا يوقىلىدۇ تۈن!

## تالىشىش

يۈكسەكلىككە چىققان ئىدىڭسەن
مۇشكۈللەرنى يېڭىپ بەك تەستە.
پۇتلىرىڭدىن تارتىپ مەن شۇ چاغ،
سېنى دەرھال چۈشۈردۈم پەسكە.

يۈكسەكلىككە چىققان ئىدىم مەن،
پۇتلىرىمغا سەنمۇ ئېسىلدىڭ.
يەتمىگەندە ماڭا قوللىرىڭ،
شوتا قويۇپ يەنە ئېتىلدىڭ.

سەن يىغلىساڭ زىيان - زەخمەتتىن،
مەن پايدىدىن يۈرىمەن كۈلۈپ.
ئويلاپ قالدىم: مۇشۇ پېتىلا
كېتەمدۇق بىر ئىزناسىز ئۆلۈپ؟!

## رەنجىمە، دادا

بىللە ماڭدۇق بۇ يولدا دادا،
ئالدىرايمىز يىراقنى كۆزلەپ.
هارمىسۇن دەپ بەزلىدىڭ مېنى
ياشلىقىڭدىن هېكايە سۆزلەپ.

بىراق ماڭا كۆچكەچ ياشلىقىڭ،
پېشانەڭدىن تامچىلىدى تەر.
قەدەملىرىڭ قالدى قىسقىراپ،
تىرماشساڭمۇ گەرچە شۇ قەدەر.

كېتىپ قالدىم سېنىڭدىن ئۇزاپ،
ئاق يول تىلە، بولما بىئارام.
ياشلىقىڭدا سەنمۇ بوۋامنىڭ
يوللىرىنى قىلغاندىك داۋام.

كېيىن قالدىڭ، رەنجىمە، دادا،
بۇ ئەزەلدىن بار بىر ھەقىقەت.
قۇياشنىڭمۇ پاتقىنى ھەر كەچ
يۇلتۇزلارغا بەرگىنى پۇرسەت.

## چۈشلىرىمدە كۆرمىدىم دېسەم ...

چۈشلىرىڭگە كىردىممۇ دەيسەن،
ھەر قېتىملىق خېتىڭدە سوراپ.
ماڭا پەقەت بەرمىدى ئارام
ۋۇجۇدۇمنى ئوتلىرىڭ ئوراپ.

سېغىنىشتىن نەملىنەر كۆزۈم،
بىئارامەن ھەريان تولغىنىپ.
ئادا-جۇدا بولدۇم ئۇيقۇدىن،
سەن كەتكەندە بىرلا ئويغىنىپ.

ھەيران بولما، گۈزىلىم، ئەسلا،
چۈشلىرىمدە كۆرمىدىم دېسەم.
بولسا غەمدە ئۇيقۇسى ھارام،
چۈش كۆردۇ قايسىبىر ئادەم!؟

## ئەرنىڭ يېشى

تاش ئەمەستۇر ئەرنىڭ يۈرىكى،
ئوتلۇق ھېسلار ئاڭا مۇجەسسەم.
ھەمراھ يەنە شادلىق، غەم-قايغۇ،
(چۈنكى ئۇمۇ ئوخشاشلا ئادەم.)

كۆتۈردۇ ھەسرەت تېغىنى،
مۇشەققەتتىن قاچماس ھېچقاچان.
ھايات ئاڭا ئاتقاندا پەشۋا،
چىرايلىرى بولمايدۇ سامان.

ياشاپ يۈرەر دولقۇنلار ئارا،
ئەسلا تۆۋەن سالماس بېشىنى.
ئاجىز دېمەك ئۇنى ئالدىراپ،
كىم كۆرۈپتۇ ئەرنىڭ يېشىنى؟

بەلكىم ئاشۇ ئەرلەرنىڭ يېشى،
يۈرىكىگە سىڭىپ كەتكەندۇ.
ھايات ئوتى ياكى يۈرەكنى
كۆيدۈرۈپلا كاۋاب ئەتكەندۇ.

## قىزنىڭ جاۋابى

بىر چاغدا سەن مېنى ئوتقا ئوخشاتتىڭ،
پەرۋانە بولدۇم دەپ ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ.
ئېسىمدە ھېلىمۇ، كۆيۈپ يۈرگىنىڭ،
ھەمىشە كەينىمدىن قالماي ئۇچاتتىڭ.

جەننەتكە ئوخشىتىپ قويدۇڭ ماڭا باش،
قوشۇمام تۈرۈلسە تاراملاتتىڭ ياش.
مەن ئۈچۈن ئېيتىلدى تۈگىمەس ناخشاڭ،
دەپ قالدىڭ بەزىدە مېنى باغرى تاش.

بىلىمەن، سۆيىسەن مېنى شۇ قەدەر،
ھېسلىرىڭ ماڭا پاك، ئوتلۇق بىلىنەر.
نە ئامال، سېنىڭدىن چاققانراق كېلىپ،
ۋەدەمنى ئالغان بىر يىگىتىم كۈتەر.

بۇ سىرنى ساڭا مەن ئاچتىم نەچچە رەت،
جاھىللىق قىلدىڭغۇ ئىشەنمەي پەقەت.
ئويلىغىن بىر قولدىن چىقامدۇ چاۋاك؟
ئوخشايدۇ شۇنىڭغا سۆيگۈ-مۇھەببەت.

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەتجان ئەمەت

## قۇياش قوشىقى

بىقارار كۆلدى دېسەم تاڭ سۈبھىسىز كۈلگەن ئەمەس،
كۆكتە كۈننى تۈن چېغى ھېچبىر كىشى كۆرگەن ئەمەس.

جابدۇنار ئۈپۈق لېۋىگە تۈن بويى ئەگىلىك سۈرۈپ،
گۈلسۈرۈقنى بۇ كەبى ھېچ بىر گۈزەل سۈرگەن ئەمەس.

مىڭ ئانا مېھرىدە بىرگە تەلمۈرەر قۇياش سەھەر،
چېھرىدىن كۈلكە ياغار، ھەرگىز قاپاق تۈرگەن ئەمەس.

نۇر تۆكۈپ تەڭ سىلىغاي شاھ ۋە گادايىنىڭ بېشىنى،
بۇ سۈپەت شەپقەت تۆكۈپ ھېچ ئەۋلىيا يۈرگەن ئەمەس.

ياشىسۇن دەپ سۆرە يادلار ھەممە ئادەم تەسبىھسىز،
بۇ ئۇلۇغ ئايەتنى بۇندا موللىلار بىلگەن ئەمەس.

## ئاي چىراي

ئاي يۈزۈم سەن كۆكتە بولساڭ ئاي خىرە تۇمان ئارا،
ھالقا ـ ھالقا نۇرلىرىڭغا تەلمۈرەر گۇمان ئارا.

كۆزلىرىڭ ئوت چاچسا، ھېچكىم دېمىگەي «بولدى چېقىن»،
كىرپىكىڭدىن نۇر تېمىپ ھەم پارلىسا ئاسمان ئارا.

يا ئانارىدىن رەڭ ئوغرىلاپ ئالدىمۇ گۈل لەۋلىرىڭ
چىشلىرىڭ قاتارى رەت ـ رەت لەشكىرى پەرمان ئارا.

قاپىقىڭدىن ئالدىمۇ نۇسخا سوراپ باغدا بادام،
جۈپ بولاقتا ئەكسىنى كۆرگەي جاھان ئورمان ئارا.

قاي ئىلاھ ياراتتى سېنى، قاي بۆشۈك ئەللەيلىگەن؟
كىم ئېزىقماس يەر-جاھاندا كۆرسە ئاي ئىنسان ئارا.

**مۇھەممەتتوختى ئەخمەت**

## دىلبىرىمگە

ئېيتقىنا، جانان، كېچە ئاھىم دىلىڭغا يەتتىمۇ؟
كۆي بىلەن تۆككەن پىغانىم دىرىدىزەڭنى چەكتىمۇ؟

چىن ۋىسال ئىشقىدا يۇردۇم مەن مەھەللەڭ ئايلىنىپ،
سىرلىرىمنى شوخ شامااللار ساڭا ئىزھار ئەتتىمۇ؟

توخۇلار چىللايدۇ ھەريالدا، سېنىڭدىن شەپە يوق،
بىلمىدىم ئۇيقۇ سوتى سېنى نەزەربەنت ئەتتىمۇ؟

ئاشىقلىك باغرى يارا، ھەربىر مىنۇت مىڭ يىل گويا،
تەلمۈرۈپ يۈرگەنلىرىم ياكى كۆزۈڭدىن يۈتتىمۇ؟

مىڭ ئۆلۈپ، يۈز مىڭ تىرىلدىم مەن سېنىڭ ۋەسلىڭ ئۈچۈن،
يەنە ئۆلتۈرمەكنى چاغلامسەن ھىجىر-كۈلپەتتىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**ماخمۇت مۇھەممەت**

# بۇركۈت قېرىمايدۇ

(ئوچېرىك)

كىتابخان، سىزگە سۇنۇلغان بۇ ئوچېرىكىمنى ئوقۇسىڭىز، سەنئەتنىڭ ھاياجانلىق دۈپۈلدىگەن يۈرىكىنى، شۇنداقلا ئاشۇ يۈرەككە تەڭكەش بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۆمۈرنى كۆرەلەيسىز. دراما سەھنىسىدە يىگىرمە نەچچە يىل غېرىب رولىنى ئېلىپ، ئۇن بىر سەنەمنى قېرىتقان جەزىبىدار ئارتىسنىڭ سىيماسىنى تاماشا قىلىسىز. يەتمىش سەككىز يېشىدىمۇ خۇددى قىران يىگىتلەردەك ئىشقى-مۇھەببەتكە تولۇپ «قاپقارا قوي كۆزلىكىم» نى مەردانە جاراڭلىتىۋاتقان بىر خەلق سەنئەتكارىنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىسىز. ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىنى، مەدەنىيىتىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە خىلمۇخىل تەدبىرلەر بىلەن كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئۆتەۋاتقان بىر خىسلەتلىك ئاددىي ئىنساننىڭ تۆھپىسىگە ئاپىرىن ئوقۇيسىز!

ئۇ ماڭىمۇ، سىزگىمۇ تونۇشلۇق ئادەم — ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ.

**ئاتمىش يىل ئېيتقان ناخشىلار**

— مەن سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى دادام كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرى ئاپامنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. غۇلجىدا ياز ئىسسىق بولىدۇ. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە كىشىلەرنىڭ نېنىنى يېقىپ، يۈز-كۆزى چىلىق-چىلىق تەر بولۇپ كېتەتتى. چېچى ئوتتا سارغايغان ۋە كۆزلىرى قان يىپلىرى بىلەن تولغان ھالدا ئاخشىمى ئىككى ناننى قولتۇقلاپ ھارغىن ھالدا قايتىپ كېلەتتى. مەن بۇنداق چاغلاردا ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى، پۇت-قوللىرىنى تۇتۇپ قوياتتىم. مەن بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالماي، بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەپ ئاپامنىڭ ئېغىرىنى يېنىكلەتمەكچى بولدۇم، بىراق يېشىم كىچىك بولغاچ-

قا نېمىمۇ قىلالايتتىم. مەن بەزى بالـ
لارنىڭ بازاردا زىما تاڭگا، ئىسسىق قو-
ناق سېتىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، مەنمۇ
شۇنداق قىلماقچى بولدۇم.

هەر كۈنى ئەتىگەندە بازارغا چىـ
قىپ: «هەي، زىما تاڭگا!...» دەپ ۋار-
قىرايتتىم. مېنىڭ ئاۋازىم ياڭراق بولغاچـ
قا، باشقىلارنى ئۆزىگە بۆلەكچىلا جەلىپ
قىلاتتى. شۇڭا ئاۋازىمنى ئاڭلاپ توختىـ
غان، هويلا-هويلىلاردىن چىققان ئادەمـ
لەر زىما تاڭگا سېتىۋالغاندىن كېيىن،
مېنىڭ «زىما تاڭگا!» دەپ يەنە بىر ۋار-
قىراپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ
مېنىڭ سەنئەت هاياتىمنىڭ باشلىنىشى،
ئاۋاز مەشق قىلىشىم بولۇپ قالدى.

— ئابدۇۋەلى ئاكا، سىز ناخشا
ئېيتىشنى نەچچە ياشلىرىڭىزدىن تار-
تىپ باشلىغانسىز؟

— ناخشا ئېيتماي چوڭ بولغان
ئۇيغۇر بالىسى بولامدۇ، ئۇكا! مەنمۇ
ئون ياشلىرىمدىن تارتىپلا «غىڭشىپ»
يۈرۈشكە باشلىغانمەن. دەرۋەقە، هەقىـ
قى «ناخشا ئېيتتىم» دېگۈدەك مەزگىللـ
رىم ئۇنىڭدىن كېيىنرەك بولدى. زىما
تاڭگا سېتىش بىلەن هېچقانچە ئىش هاـ
سىل بولمايتتى. بىر كۈنى ئاپام موزدۇز-
خانىدىكى ئەيسا بوتۇڭنى مېهمانغا چاقىرىپ:
«بالامنى سىزگە هۈنەرگە بەرسەم دەيمەن،
بالامنىڭ گۆشى سىزنىڭكى، ئۇستىخىنى
مېنىڭكى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ
موزدۇزلۇق هاياتىم باشلاندى. دەسلەپتە
پارچە-پۇرات، يۇگۇر-يېتىم ئىشلارنى
قىلدىم. كېيىنچە مەنمۇ بىگىز بىلەن دەـ
رەشنىڭ «قۇلىقىدىن تۇتتۇم». موزدۇزخاـ
نىدىكى ئىشچىلارنىڭ پۇت-قوللىرى قوپال
بولسىمۇ، ئۇلار ناهايىتى زور سەنئەت ماـ
هارىتىگە ئىگە ئىدى. ئاياغ تىكىپ ئولـ
تۇرۇپ چۆچەك، ناخشا ئېيتىشاتتى.
مەن ئۇلاردىن نۇرغۇن خەلق ماقال-تەمسىلـ
لىرىنى، چۆچەك، قوشاق-بېيىتلارنى، ناخـ
شىلارنى ئۆگەندىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
مەشرەپ ئاخۇن، ئىمىنجان، مۇهەممەت
تۇرغۇن، مەسۇم قاتارلىق داڭلىق ناخشىـ
چىلارمۇ بار ئىدى. مەشرەپ ئاخۇن 30-
40 ناخشىنى كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ
ئېيتالايتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى خەلقنىڭ
قايغۇلۇق تۇرمۇشى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس
ئەتتۈرەتتى. بۇ ناخشىلار مېنى ئىنتايىن
تەسىرلەندۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن
ئۆزۈممۇ سەزمەي ئۇنىڭ ناخشىسىغا قېتىـ
لىپ كېتەتتىم. مېنىڭ ئاۋازىمنىڭ ياڭراق،
مۇڭلۇق چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇستىلار،
جۈملىدىن، مەشرەپ ئاخۇن مېنى قايتاـ
قايتا ناخشا ئېيتقۇزاتتى، ئىلهاملاندۇراتـ
تى. شۇنداق قىلىپ موزدۇزخانا مېنىڭ
ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىدىغان،
مەشق قىلىدىغان مەكتىپىمگە ئايلاندى.
شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە موزدۇزخانا،
دۇكانلارغا ئالمىشىپ ئىشلىدىم، لېكىن
ناخشا ئېيتىش هەۋىسىم سۇسايمىدى.
بەلكى بارغانسېرى زورايدى. بىلىدىغان
ناخشىلىرىمنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ناخشىـ
چى بولۇش ئىرادەممۇ ئاشتى. مەن ئەمدى
موزدۇزخانىدىلا ئەمەس، ئۆيدە، مەهەللىـ
دە، يۇرت-جامائەت ئارىسىدا، توي-تۆ-
كۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ناخشا ئېيتاتـ
تىم.

ئېهتىمال، 23-24 ياشلىق چاغـ
لىرىم بولسا كېرەك، ئىلىدىكى مەشهۇر
جامائەت ئەربابى هۈسەيىن يۇنۇس ۋاـ

www.uyghurkitap.com

پات بولدى. قايسىدۇ بىر شائىر ئۇنىڭ
ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان «ھەسرىتا» دې-
گەن شېئىرىغا «جۇنۇن» نىڭ ئاھاڭىنى
سېلىپ، مەرھۇمنىڭ دەپنە كۈنى ئېيتتىم.
مىڭلىغان ئەل-جامائەت مېنىڭ ناخشامنى
سۈكۈتتە ئاڭلىدى، نۇرغۇنلىرى يىغلاشتى،
شۇ كۈنى خەلق مېنى ھەقىقىي رەۋىشتە
تونۇدى، ئېتىراپ قىلدى. بۇ كۈننى مەن
مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن.

مانا بۇلار ئاتاغلىق ناخشىچىنىڭ
ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى.

1934 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك
ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ
«سانايىي نەفىسە» ئۆمىكى قۇرۇلدى. ئىلى
خەلق ناخشىلىرىنىڭ لەززىتىنى، مۇڭىنى
خەلققە يەتكۈزۈۋاتقان ياش ئابدۇۋەلى
جارۇللايوپ ھەقلىق يوسۇندا بۇ ئۆمەك
تەركىبىگە تەكلىپ قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ
ئۆگەنگەنلىرىنى سەھنە تەلىپى ۋە مۇزىكا
قانۇنىيىتى بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇشىغا،
ئۈستۈرۈشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. ئۇ،
ناخشا ئېيتقاندا ھامان ئۇنىڭ شېئىرىي
ھەم مۇزىكىلىق ئوبرازىنىڭ ئېنىق گەۋ-
دىلىنىشىگە دىققەت قىلدى. شۇنداق قى-
لىپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىمۇ ئەسلىدىكى
ئاددىيلىقىدىن ئۆتۈپ، يېڭىچە تەرەققى-
يات باسقۇچىغا كىردى.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى جۇشقۇن-
لۇقى، ياڭراقلىقى، مۇڭلۇق ۋە مەردانى-
لىقى، شۇنىڭدەك ئەۋج ۋە تاكىتلىرى-
نىڭ ئىنتايىن نەپىسلىكى بىلەن خاراك-
تېرلىنىدۇ. بۇ ناخشىلارنى كامالەتكە يەت-
كۈزۈپ ئېيتىدىغان ۋە ئېيتالايدىغانلارنىڭ
ئارىسىدا ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئەڭ ئال-
دىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئىلى ناخشىلى-
رى دېگەندە ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، ئاب-
دۇۋەلى جارۇللايوپ دېگەندە ئىلى ناخشى-
لىرى ئادەمنىڭ يادىغا كېلىشى بىكار گەپ
ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ بۇ ناخشىلارنى ئا-
ۋام ئاما ئىچىدىمۇ، ھەشەمەتلىك سەھ-
نىلەردىمۇ ئېيتتى ۋە ئېيتىپ كەلمەكتە.
1953 - يىلى پايتەختتە يېقىملىق ناخشى-
لىرىنى ئاڭلاپ باش قوماندان جۇ دې ئۇ-
نىڭ قولىنى چىڭ قىسقان بولسا، 1956-
يىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋ-
ۋەر سەنئەتچىلىرى دىلىگاتسىيىسى تەركى-
بىدە چەت ئەلگە چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا
سەھنىسىدە «قاپقارا قوي كۆزلىكىم»،
«شەرۋانىخان»، «جۇنۇن» قاتارلىق مەش-
ھۇر ناخشىلارنى ئورۇنداپ، ۋەتەنگە شان-
شەرەپ كەلتۈردى. ئۇ بۈگۈنكى كۈن-
دىمۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى تېخىمۇ
ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ھەممە يەردە، ھەرقان-
داق چاغدا ئېيتماقتا. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ
ئالغان ماددىي مۇكاپاتلىرى، تەقدىرنامى-
لىرى، ئۇنۋانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەڭ
مۇھىمى، ئۇ خەلقنىڭ دىل-قەلبىدىن ئو-
رۇن ئالغان.

ئاتمىش يىل — بىر ئەر ئۆمرى.

ئۆمۈر بويى ئۆز يۇرتىنىڭ ناخ-
شىلىرىنى ئۆزمەي ئېيتقان ۋە شۇ جەر-
ياندا ئۇنى تاكامۇللاشتۇرغان سەنئەت-
كاردىن جاھاندا نەچچىسى باردۇ؟

## ناخشىدىن دىرامىغا

بىز بۇ توغرىدا ئابدۇۋەلى ئاكى-
نىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلايلى:

— «سانايىي نەفىسە» قۇرۇلغاندىن
يېڭى بىزنىڭ كۆرسەتكەن ئويۇنلىرىمىز ئا-
ساسەن خەلق ناخشا-ئۇسۇللىرى ۋە كى-
چىك تىپتىكى دىرامىلاردىن ئىبارەت بول-

دى. بىز بىر مىللەتنىڭ سەھنىسىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتا دراماغا تايانمىسا زادىلا بولمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. خەيرىيەت، ھەر تەرەپلىمە قوللاش، تىرىشىشلار نەتىجىسىدە، ئىلى سەھنىسىدە دراما ئويناش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مەنمۇ ناخشىچىلىق بىلەن ماھىر دراما ئارتىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، دراما ئارتىسى بولغان مەزگىلىمدە دىققەت قىلغان بىر مۇھىم نۇقتام، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى درامىلارغا كىرگۈزۈپ، ۋەقەلىككە ماسلاشتۇرۇش يولى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى بالداقا كۆتۈرۈشنى ئۇنۇتماسلىق بولدى.

ئاشۇ يىللاردىن تارتىپ تاكى ئوتتۇز يىلغا يېقىن تىياتىر سەھنىسىدە كۆپىنچە باش رول ئېلىپ (گاھىدا بىر درامىدا ھەم باش رول، ھەم قوشۇمچە رولمۇ ئالاتتى)، تاماشىبىنلار نەزەرىدە بىردەم غېرىب («غېرىب - سەنەم» دە)، بىردەم پەرھاد («پەرھاد - شېرىن» دا)، بىردەم غاپۇر («باي ۋە مالاي») دا، بىردەم باقەم («نوزۇگۇم» دا)، بىردەم نۇرۇم («غۇنچەم» دە) بولۇپ تونۇلغان ۋە ئالقىشلانغان ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ 40 درامىسىدا رول ئېلىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ يەنە بىر شانلىق سەھىپىسىنى يازدى. 1962 - يىلى ئۇ «ئارشىن مال - ئالان» دا رول ئالغان چاغدا ئەللىك ئىككى ياشتا ئىدى. ئۇ شۇ ياشتىمۇ ياش يىگىت ئەسقەرنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

## ئون بىر سەنەمنى قېرىتقان غېرىب

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ تىياتىر ئارتىسلىقى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىدا رول ئېلىش ئەھۋالىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى تېپىك ئوپېرا «غېرىب - سەنەم» 30 - يىللاردا توققۇز پەردە ئون كۆرۈنۈشلۈك بولۇپ، ئىككى كېچە ئوينىلاتتى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ بۇ ئوپېرادا يىگىرمە يىلغا يېقىن باش رول ئېلىپ، پېشقەدەملەردىن قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. بولۇپمۇ 30 - يىللاردىكى داڭلىق سەنئەتچى ھاسان تەمبۇر ناخشىنى سازغا قانداق چۈشۈرۈش، ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدىكى كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنى سەھنە ئەسىرىدىكى ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىغا قانداق ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭغا كۆپ تەلىم بەرگەنىدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئاۋازىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىپ، ئوپېرانىڭ بېشىدىكى ناخشىلاردا مۇھەببەت زوقىغا چۆمۈپ غەمسىز ياشاۋاتقان (ئەينى يىللاردا ئوينالغان بۇ ئوپېرادا غېرىب - سەنەمنىڭ بالىلىق ھاياتىمۇ كۆرسىتىلەتتى) غېرىبنىڭ شادلىقىنى، ئوپېرانىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ناخشىلاردا ياردىن جۇدا بولغان، پالانغان غېرىبنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى، ئاخىرقى پەردىلىرىدىكى ناخشىلاردا بولسا، غېرىبنىڭ ئۆز مەشۇقىغا ئېرىشىش يولىدىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ، تاماشىبىنلارغا

www.uyghurkitap.com

چىنلىق ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى كۈچـ
لۈك تەسىرلەندۈرەلىگەن. شۇ چاغدا بەزى
ياشانغان كىشىلەر «ھەقىقىي غېرىب دەل
مۇشۇ ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشامدىكىن
دەيمەن» دېيىشكەن.

بۇھەقتە ھازىر ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ
مۇنۇلارنى ئەسلەيدۇ: «‹غېرىب ـ سەنەم›
نى رېپېتىتسىيە قىلغان ۋاقىتتا دەسلەپ
مەن پەقەت خىزمەتلەرگە ياردەملىشىپلا
يۈرگەنىدىم. بىراق بۇ ئەسەرنىڭ ئاسا-
سىي قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى مېنى ئۆزىگە
قاتتىق جەلپ قىلدى. شۇڭا، مەن بۇ
رولنى خۇددى ئۆزۈمگە تاپشۇرۇلغان رول-
غا ئوخشاشلا ئىخلاس بىلەن رېپېتىتسىيە
قىلىشقا كىرىشتىم. ئەسلىدە غېرىبنىڭ
رولىنى ئالغان ئارتىسنىڭ ئويناش ماھارىتى
ناھايىتى ياخشى ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئاۋازى
كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا، رېژىسسور مې-
نى مۇشۇ رولنى ئېلىشقا بەلگىلىدى. مەن
بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن
شۇنچىلىك قىزىقىپ ئىشلىدىمكى، ھەتتا
چۈشۈمدىمۇ ئەسەر قەھرىمانىنىڭ خاراك-
تېرىنى پۇختا ئىگىلەش ئۈچۈن تۇرۇۋا-
دۇم... كېيىن ئويۇنىمىز زىلزىلە قوز-
غىدى.»

ئابدۇۋەلى ئاكا «غېرىب ـ سەنەم»
دە رول ئالغان ئاشۇ يىللار ئىچىدە ئۇ-
نىڭ «جورىسى» سەنەمنىڭ رولىنى ئۇن
نەچچە ئارتىس ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەممى-
سى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن سەھنىدىن
قالدى. لېكىن ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئې-
لى سەھنىسىدە غېرىب ناخشىلىرىنى جا-
راڭلىتىپ ئېيتىۋەردى.

## بۈركۈت قېرىسىمۇ غەيرىتى قېرىماس

ئادەم ھامان قېرىيدۇ. ئىنساننىڭ
تەبىئىي ھەرگىز ياش بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك ئەمەس. «يولۋاس قېرىسىمۇ،
ھەيۋىسى قېرىماس» دېگەن خەلق تەمـ
سىلىنىڭ تېخىمۇ ئىجابىي مەنىسى،
مېنىڭچە، «بۈركۈت قېرىسىمۇ، غەيرىتى
قېرىماس» دېمەكلىك بولسا كېرەك. بۈر-
كۈتنىڭ قانات قېقىپ شىددەتلىك پەر-
ۋاز قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەنلەر كۆپ، لې-
كىن ئۇنىڭ ھالسىراپ يىقىلغىنىنى ھېچ-
كىم كۆرمىگەن بولسا كېرەك. بۇ دېمەك-
لىك بۈركۈت مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ھالسىرى-
مايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ
يۈكسەك بەرداشلىق بىلەن، ماتانەت بى-
لەن ھاياتلىق ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈ-
رەش قىلىپ ياشايدىغانلىقىنىڭ تىمسالى-
دۇر. ئىجادكار ئۈچۈن قېرىلىق، پېنسىيە
دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت
ئەمەس!

1985 ـ يىلى ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ
ئۆزىنىڭ دەل يېرىم ئەسىرلىك سەھنە
ھاياتىدىن ئايرىلىپ، دەم ئېلىشقا چىق-
تى. بىراق ئۇ شۇنى بىلەتتىكى، بۇ پە-
قەت زاتەن ئايرىلىش، لېكىن ھەرگىز
كەسىپ ئايرىلىش ياكى دەم ئېلىشقا
چىقىش ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا ئاڭ-
لاڭ، ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن
نېمە ئىشلارنى قىلدىكىن ۋە قىلىۋاتىدىكىن:

ــ دەم ئېلىشقا چىققاندىن تارتىپ
ھازىرغىچە خاھى ھۆكۈمەت، خاھى جاما-
ئەت سورۇنلىرىدا مېنىڭ ناخشا ئېيتىش
بىلەن شۇغۇللانمىغان كۈنۈم يوق دېيەر-

لىك. ھېيت - بايرام، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ مۇراسىملىرىدا، توي - تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا، نورۇز بەزمىلىرىدە مەن بار. رەھبەرلەر بىلەن، ئاۋام ئامما بىلەن، كەسىپداشلار بىلەن ھەر سورۇننىڭ تۆرىدە ھۆرمەت شارابىدىن كەيپىمەن. مېنى سەنئەتكار سۈپىتىدىلا ئەمەس، بىر تۆھپىكار سۈپىتىدىمۇ ئەزىزلىگەن دەۋرگە، خەلقىمگە جان تەسەددۇق!

بىلگەنلىرىمنى، خەلقنىڭ سەنئەت مىراسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كېتىش مېنىڭ ئارمىنىم، ياشانغانسېرى بۇ ئۇقتىمنى چوڭقۇر ئويلايدىغان بولدۇم. 1959 - يىلى مەركىزىي مۇزىكا تەتقىقات ئورنىدىكى يولداشلار ئىلىغا كېلىپ خەلق ناخشىلىرىنى توپلىغاندا، 120 ناخشامنى لېنتىغا ئالدۇرغانىدىم. 1976 - يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەن ئورۇندىغان 140 تىن ئارتۇق خەلق ئاھاڭىنى لېنتىغا ئالدى. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ھازىرغىچە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، شىنجاڭ ۋە ئىلى رادىئو ئىستانسىلىرىغا 50 تىن ئارتۇق ناخشىنى لېنتىغا بەردىم ۋە كەسپىي خۇلاسىگە، تەتقىقاتقا يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ ئۇزۇن يىللىق بەزى ئارزۇلىرىم بار ئىدى. «قەلەم بىلەن يازغاننى، پالتا بىلەن چاپقىلى بولماس» دېگەندەك، تارىخىمىز سەھىپىسىگە مىللىتىمىز، يۇرتىمىزنىڭ سەنئەتتىكى قېنىق سىماسى بىلەن يېزىلىشى كېرەكقۇ! شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يىل داۋامىدا يولداش جالالىدىن پەخرىدىن بىلەن بىرلىشىپ «ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرى» نى يۈرۈشلەشكەن قىسمى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدىم. «ئىلى تىياتىرچىلىقى تارىخى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالەمنى كۆپلىگەن «يېرىم دىدار شاھىت» ئىسرى بىلەن بىرگە قوشۇپ (ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە ئەستىلىكلەرنى، تېكىستلارنى، قىممەتلىك سۈرەتلەرنى ساقلىغان جامائەت ئەربابى!) نەشر قىلدۇردۇم. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ماتېرىيال قىممىتى بولغان «ئۇستازلارنى ئەسلەيمەن»، «قىممەتلىك سەپدىشىم زىكرى ئەلپاتتانى ئەسلەيمەن» قاتارلىق ئەسلىمىلەرنى يېزىپ، ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلدىم.

بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئەمگىكىم يەنىلا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشر قىلغان «ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ناملىق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېيتسام ئارتۇقلۇق قىلماس. ئەلۋەتتە بۇ كىتاب يولداش تۇرغان شاۋۇدۇن، ئابلىكىم ئابدۇللانىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى بىلەن قولدىن چىقتى. بۇ كىتابقا مەن ئاتمىش نەچچە يىلدىن بۇيان ئېيتىپ، تەتقىق قىلىپ كەلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن 12 يۈرۈش 80 ناخشا نوتىسى، تېكىستى بىلەن كىرگۈزۈلدى. ئايرىم ناخشىلارنىڭ تارىخى قىسقىچە بېرىلدى. 224 بەتلىك بۇ كىتاب نەشردىن چىققاندا، مېنىڭ يۈرىكىمدە ھاياتىمدىكى يەنە بىر ئەڭ زور، ئۇنتۇلماس داۋالغۇش، خۇشاللىق دولقۇنى پەيدا بولدى.

بىر گەپنى ئېيتقاچ كېتەي: كىتاب ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن شەكلى بويىچە تۈزۈلگەچكە، ئىلى ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىگە ئالالـ

(داۋامى 134 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com



ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

# كېچىكتە

(ھېكايە)

— ۋاي، دېرىزىنى يېپىۋېتەيلى، ئەپلەشمىدى، — دېدى ئېگىز بويلۇق ئەلى ھۆسەن مۇلايىم، يېقىملىق ئاۋازدا. ئۇنىڭ بۇ سىلىق تەلەپپۇزى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، سېمىزلىكتىن گەدىنى تۈرۈلۈپ، جانسىز چاچلىرى پاخپىيىپ قالغان، قىزىل يۈزلۈك، قارا قاش نىياز مۇخلىسقا تازا ياقتى. ئۇمۇ ئەلى ھۆسەنگە ئوخشىتىپ مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن سىلىق سۆزلىدى:

— ۋاي، ئۈرۈمچىنى سوغۇق دېگەن بىلەن جەنۇبىنىڭ قۇرۇق سوغۇقلىرىمۇ بوش چاقمايدىكەن، جۇمۇ!

نىياز مۇخلىسنىڭ ماي قاپلاپ كەتكەن بويۇن ھەم ئېڭىكى ئاستىدىكى ساڭگىلىغان گۆشلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئەلى ھۆسەنىنىڭ ئاۋازىدەك سىلىق چىققىلى قويمىدى. ئەكسىچە، چىرايىدىكى زورۇقۇپ پەيدا قىلغان تەبەسسۇم بىلەن ئاۋازىدىكى تولۇق خۇددى ئېگىز خوتۇن بىلەن پاكار ئەر ماسلاشمىغاندەك بولدى. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ ئالدىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئېگىز-پەس تاغ يولىغا قاراپ رولنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان شوپۇرمۇ سەزدى. شوپۇرنىڭ ئىچىدە كۈلكىسى كەلسىمۇ چىرايىغا چىقارمىدى. ئەلى ھۆسەن يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىقنىڭ ئۆزىنى دورىغانلىقىنى ئۆزىدىن ئەقىل ئۆگىنىۋات-

«تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

قاندىق دەپ پەخىرلىنىپ، ئىچىدە خۇش بولدى. نىياز مۇخلىسنىڭ سېمىزلىكتە كىيىمگە سىغماي قالغان ئايالى ئىنچىكە قىلىپ ياسىغان قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ئېرىگە ئالايدى. «گالۋاڭلىقىنى، ئۆزى بۇندىداق قوڭالتاق باشلىقلاردىن نەچچە يۈزنى باشقۇرۇپ تۇرۇپ، ئەمدى ئاشۇ سويىمەكنى دوراپ كېتىشلىرىنى كۆرەيمۇ، قېرىغانچە ئەقلى قالمىغىلى تۇردى!...» دەپ ئىچىدە كايىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت كۈن كۆرمەي ئاقارغان سۇزۇك مەڭزىدە سەلپەل قىزىللىق پەيدا بولۇپ يەنە تېزلا غايىب بولدى.

— كەچكۈز بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ. بۈگۈن 11 - ئايغا ئىككى، — دېدى ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ساپىيىپ گەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان شەپكىنى سىڭايان باسۇرۇپ كىيگەن كەسپىي بۆلۈم باشلىقى قاسىم داۋۇت ئانىسىغا ئەركىلىگەن بالىدەك.

— ئەمدى سوغۇق بولىدۇ، جۇمۇ، شەھەردىغۇ ئانچە ئەمەس، ئەمما ماۋۇ تاغلىق يەرلەردە بەك بولىدۇ. ھەرقايسىلىرى زۇكام بولۇپ قالمىسىلا يەنە، — دېدى ئەلى ھۇسەن. ئۇنىڭ بۇ خىل كۆيۈمچانلىقى يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىقنى ئوبدانلا تەسىرلەندۈردى. شوپۇر ئىچىدە نارازى بولۇپ دېمى سىقىلىپ تۇرسىمۇ، ئامالسىز ئەينەكنى چىقىرىپ دېرىزىنى ئېتىۋەتتى. كىرىۋالتقان سوغۇق شامال دەررۇ توختاپ ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى ماي ئارىلاشقان ئىسسىق ھاۋا دىماققا ئۇرۇلدى. «ۋاي، ھىيلىگەر تۈلكە، ئەجەب يامان نېمىكەنسىنا؟ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئېغىزىڭ، يۇمشاق گەپلىرىڭ ئىدارىدىكى بىر يۈز ئاتمىش ئادەمنىڭ ئۈستۈگىدىن بىر يېرىم كۈن دادلاشلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان بولدى. ياللا، خۇدايىم ئەجەب كېلىشتۈرۈپ خۇي - مىجەز، ئۇنىڭغا ماس سۆڭەكسىز بويۇن، يۇمشاق گەپ قىلىشنى ئاتا قىپتىكەن ساڭا. سېنىڭ ئىدارىگە بىرىنچى قول باشلىق بولۇشۇڭ ئۈچۈن چۈشكەن ئاۋازنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپ بۇ ئامەت ساڭا كېلىپ قالمىغىيدى. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، خەقنىڭ ئاۋازنى مېنىڭ ماشىنامدا كېچىلەپ توشۇغان گۆش، ئانار، بادام، ياڭاق بېسىپ كېتىدىغان بولىدۇ - دە! قېنى، كۆرىمىز، قارىغاندا، باشلىقنىڭ ئۈستىدىن پىكىر ئېلىش دېگىنىمۇ بىر مايمۇن ئويۇنى ئوخشايدۇ. بۇ خەق كىم ئاۋاز بەردى، كىم شىكايەت قىلدى، ھەممىنى بىلىۋالىدىكەن. يۇقىرىدىن كەلگەنلەر دەپ قويىمىدىكىن - تاڭ. بوپتۇلا، كىم بىرىنچى باشلىق بولسا بولمامدۇ. مەن يەنىلا شوپۇر، مەندىن ئالسا ناھايىتى مۇشۇ ھارۋىكەشلىكىنى ئالار. ئالمىسا مۇشۇ تۆت پاي چاقنى دۆگىلىتىپ يۈرىمەن، شۇ». شوپۇر چوڭ تىنىۋېتىپ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

نىياز مۇخلىس خىيالىدا قول ئاستىدىكىلەرنى قاتارغا تىزىپ كۆردى. ئۆزىگە كېيىنچە ۋاپا قىلىدىغان ئادەملەر كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇچىنچى رەتتە مانا مۇشۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر تىنىقىغا كۆيۈنىدىغان ئەلى ھۇسەن ئۆتتى. ئەلى ھۇسەننىڭ ئۆزىگە دائىم كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرى، سىلىق ئاۋازى، مۇلايىم، ئېھتىياتچان ھەرىكەتلىرى سەممىي - سادىقلىق بىلەن ئۆزى تاپشۇرغان ئىشلارنى دېگىنىدىن ئاشۇرۇپ قىلىشلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مەھەللىلىك بولمىسىمۇ بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا تولىمۇ ياقاتتى.

www.uyghurkitap.com

شۇڭا بۇ قېتىم ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول
باشلىقىنى بېكىتىشكە باشقا بىرسىنى
ئەۋەتىشتىن ئەنسىرەپ ئۆزى كەلگەنىدى.
شۇ قاتاردا يۇرتىنى كۆرۈش، ئۇرۇق ـ تۇغ ـ
قانلىرىنى يوقلاپ ئۆتۈشمۇ يەنە بىر ئىش
ئىدى. «ئەمما ـ زە، ـــ دېدى نىياز مۇخلىس
ئىچىدە چوڭ بىرنى تىنىپ، ـــ پۈتۈن
ئىدارىدىكى خەق ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر
ئېغىزمۇ ئوبدان گەپ قىلمايدۇ ـ يا؟ چۈش ـ
كەن ئاۋازنى ئادەم ئېغىزغا ئالغىلىمۇ
بولمايدۇ... نەدە بىر نەزەردە يوق بىر
كىملەرگە شۇنچە كۆپ ئاۋاز چۈشۈپتۇ.
تازا باش قاتىدىغان ئىش بولدى ـ دە، بۇ.
تېخى ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن پىكىر ـ
لەرچۇ: نوپۇسى يوق تۇغقىنىنى ئىدارىگە
بېرىلگەن شتاتقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى...
توي قىلمىغان كاتىپ قىز بىلەن ئاشىنا
ئويندى... ئەستاغپۇرۇللا، قانداق قى ـ
لىش كېرەك؟ ياق ـ ياق... ئويلاپ بې ـ
قىش كېرەك، بۇ بەك قابىل يىگىت.
ئۇنچىلىك ئىشنى دەپ... بىراق خەقنىڭ
پىكرى...» ئۇ بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى
ئېلىپ تاقىر بېشىنى سىيلىغىنىچە كەينىگە
بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەلى ھۆسەننىڭ
ئۆزىگە سەمىمىي چەكسىز ھۆرمەتتە تىكى ـ
لىپ تۇرغان كۆزى بىلەن ئۇچراشتى،
ئەلى ھۆسەننىڭ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ
تۇرغان يېقىملىق تەبەسسۇمى ئۇنىڭغا
ئىسسىق كۆرۈندى. نىياز مۇخلىس قېلىن
كالپۇكىنى كېرىپ ئېچىپ ئايالىغا قاراپ
كۈلۈمسىرىدى. شۇئان ئايالى ئۇنىڭغا
سوغۇق بىر تىكىلدى. نىياز مۇخلىسنىڭ
يۈرىكى «جىغ!» قىلدى.

ـــ ھەي، رۇسۇلكاملارنىڭكىگە كەل ـ
مىگىلى ئىككى يىلدىن ئاشتىمۇ دەيمەن ـ
ھە، ـــ دېدى نىياز مۇخلىس ئايالىغا خۇشا ـ
مەت بىلەن. بۇ ئۇنىڭ ئايالىغا «نېمە
گۇناھ قىلدىم؟ رەنجىتكەن بولسام ئەپۇ
قىلىڭ» دېگەن مەنىدىكى گېپى ئىدى.

ـــ ھېلىمۇ كەلمىدۇق. خاپا بولۇپ
نېمە بولۇپ كەتتىڭىز؟ ـــ دېدى ئايالى
پەرۋاسىز، ئەمما بايىقىدىن سەل يۇمشاپ.

ـــ ھەنىپە ھەدە، ـــ دېدى ئەلى
ھۆسەن ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىنى دوراپ، ـــ
نىيازكام ئەتە قايتىمىز، دەيدۇ، ئاكىلىرى ـ
نىڭ ئۆيىگە كەلمىگىلى ئىككى يىل بوپ ـ
تۇ. بۈگۈن كەچتە بېرىپ ئەتە ئەتىگەن
كېتىمىز، دېيىشسىلە ئۇ ئادەم رۇخسەت
قىلارمۇ؟

ـــ ئامال يوق ـ تە! ئاتايىن يۇرتقا
كېلىپ ئۆيىگە پەتە قىلماي كەتسەك
سەت. سالامەت دىدارلىشۇۋالساقلا بولغى ـ
نى. ھېلىمۇ ئۆيىدىن چىققىلى ئون بەش
كۈن بولدى. باللار نېمە بولۇپ كەت ـ
كەندۇ؟ چوڭ قىزىمنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىن ـ
لاپ قالغانىدى. بارماي دېسەك ئاكاملارنى
خاپا بولىدۇ دەپلا كېتىۋاتىمىز ـ دە، ـــ
دېدى ھەنىپە خانىم بوغۇم بولۇپ كەتكەن
قوللىرىنى شىلتىپ. تاغ كەينىگە پېتىپ
كېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى
نۇرىدا ئۇنىڭ بىلەك بېغىشلىرىدىكى
ئالتۇن جابدۇقلىرى كۆزنى چاقنىتىپ
پارقىراپ كەتتى.

ـــ ئەتە چوقۇم كېتىدىغان گەپ.
ئۈرۈمچىدە مۇھىم يىغىندىن ئۈچى مېنى
كۈتۈپ تۇرىدۇ، ـــ دېدى نىياز مۇخلىس.

ـــ ئۇستام، ساي يولى بىلەن ماڭ ـ
ساقمىكىن، قىرىق بەش كىلومېتىر يولنى
پايدا ئالىمىز. نىيازكام بىلەن ھەنىپە
ھەدەم بەك چارچاپ كەتمىسۇن، بۇ لاتا پى ـ

كاپىتا ئولتۇرۇۋېرىپ، — دېدى ئەلى ھۆسەن شوپۇرغا قاراپ يۇمشاق ئاۋازدا.

— ئىلاجى بار بالدۇرراق بېرىۋالساق ياخشى بولاتتى، — دېدى ھەنىپە خانىم.

— بولسا شۇنداق قىلىلى، شۇنداق ماڭسىلى. ۋاي-ۋۇي، بۇ يول بارغانچە ئۇزىراپ كەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى نىياز مۇخلىس ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ.

— دەريادىن ئۆتكىلى بولماسمىكىن؟ — دېدى شوپۇر ئالدىغا تىكىلگەن ھالدا.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇستام. كىچىكتىن ئۆتىمىز، كىچىكتىن دېگەن دېھقانلار ئېشەك ھارۋىسى بىلەنمۇ ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى قاسىم داۋۇت.

— ئۆتۈپ كېتىمىز، ئۇستام. بولمىغان يەردە ئىتتىرەرمىز، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

ماشىنا چوڭ يولدىن ھارۋا يولىغا قايرىلدى. كۈن ئولتۇردى. تاغلار قارا كۆلەڭگە بولۇپ، گاھى يېقىن، گاھى يىراقلاپ تۇراتتى.

كۆز باغلانغان چاغدا ماشىنا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريا كىچىككى كەڭ يېيىلغان غىلاڭ سايدا بولۇپ، كەچكۈزدە سۇ پەسلەپ قالغانلىقتىن سۇ ئىككى قىرغاقتا يىغىلىپ، مادارىدىن كەتكەن يولۇچىدەك سۇس ئېقىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇز گەز كەڭلىكتە دۆمبەلچەك پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

شوپۇر يەرگە چۈشتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئاچچىق شامال گۇرردە ماشىنا ئىچىگە ئۇرۇلۇپ ھەممەيلەننى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

ھەنىپە خانىمدىن باشقا ھەممەيلەن يەرگە چۈشتى. ھازىر تاغ يىراقتا قالغان بولۇپ، ئاسماننى دەسلەپكى يۇلتۇزلار قاپلىغان، بىر توپ ياۋا ئۆردەك قاتار سەپ تارتىپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە ئۇچۇپ ئۆتتى.

— ماشىنىغا چىقامدۇق، ئۇستام؟ — دېدى ئەلى ھۆسەن يۇمشاققىنا، — سوغۇق بەكلا يامانغۇ؟

شوپۇر يىراقلارغا — دەريانىڭ ئۇ قېتىغا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى.

— ھەي، قانداق بولار؟ — دېدى شوپۇر ئەلى ھۆسەنگە.

— خۇدايىم ساقلار، ئۇستام، سىلە ۋەرسىلە، چىقىپ كېتىمىز، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

ھەممەيلەن ماشىنىغا چىقىشتى. شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ يېرىم مېتر ماڭا-ماڭماي يەنە توختىدى.

— ھەيدەۋەرسىلە. تازا قورقۇنچاق ئۇستامىمۇ نېمە سىلە! — دېدى نىياز مۇخلىس.

— مەنغۇ قورقمايمەن، — سىلىنى دەپ بولۇۋاتقان ئەندىشە، — دېدى شوپۇر.

— قېنى، ھەيدەپ باقمامىلا، — دېدى ئەلى ھۆسەن. شوپۇر ئاياغ كىيىمىنى سېلىپ، سۇغا كىردى.

— بەك ئېھتىياتچان ئادەم-دە، بۇ، ماشىنىنى يولدا كېتىۋاتقان توخۇدىنمۇ قورقۇپ ھەيدىمەيدۇ، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

— ئۇنىڭ ئۇستىنگە، تازا توك بىر ئادەمدەك قىلىدۇ، — دېدى ھەنىپە خانىم.

شوپۇر بەش مىنۇتلاردىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ماشىنىغا چىقتى.

www.uyghurkitap.com

— ھە، قانداقكەن؟ — دەپ سورىدى نىياز مۇخلىس. ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى تەقەززالىقتىن تېخىمۇ خىرقىراپ قالغانىدى.

— ماۋۇ ئالدىمىزدىكى كېچىكتىنغۇ ئۆتكۈدەك تۇرىدۇ، — دېدى شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغاچ.

— مەن بايا بىر قاراپلا بىلگەن، زادى ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئەلى ھۇسەن ماختانغاندەك ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ.

«ۋاي، ھەممىنى سىلى بىلىلا غوجام. ئوبدان ئىش بولسىلا ئۇ ئىشنى خەق قىلغان بولسىمۇ ئاغزىلىرىدىن سىلى قىلغان بولۇپ چىقىۋېرىدۇ. شۇڭا سىلى بىزگە باشلىق بولغان ئەمەسمۇ!» دېدى شوپۇر ئىچىدە.

ماشىنا ھوشۇقتىن ئاشمىغان سۇدا چايقىلىپ مېڭىپ بىردەمدىلا دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق قۇملۇق شېغىللىققا چىقىپ بولدى. قۇرۇق يەردە خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىنقى قىرغاققا يۆلىنىپ شارىلداپ ئېقىۋاتقان ئېقىنغا كەلدى. شوپۇر سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سەل ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى. نىياز مۇخلىستىن باشقا ئەرلەرنىڭ ھەممىسى يەرگە چۈشتى. ئالدىدا ئات، ئېشەك ھارۋا ئىزلىرى كۆرۈندى.

شوپۇر قاش ئۈستىدە ئىزغىرىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قۇرۇغان چۆپ، يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاقلارغا كۆڭۈلسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى. قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى.

— ماشىنىغا چىقىڭلار، تەۋەككۇل، — دېدى ئۇ كەسكىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ. چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئاچقان بولۇپ، مەنزىلگە بالدۇرراق يېتىشنى ئويلايتتى. ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. شۇ ئەسنادا دەريادىن بېلىقنىڭ «چولدۇك» قىلىپ سەكرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز شوپۇرنى يەنە ئەندىشىگە سالدى. ئۇ دەررۇ پىكاپنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ پەسكە چۈشتى-دە، ئالدىراپ سۇغا كىردى. سوغۇق ئۇنىڭ مېڭىسىگە يىڭنىدەك سانجىلدى. بۇ يەرنىڭ تېگى قۇم ئىدى. ئۇ ئازراق مېڭىۋىدى، سۇ تىزىدىن ئاشتى. يەنە بىر قەدەم سىلجىۋىدى، پۇتى قۇمغا بارغانچە پېتىپ كەتتى. ئۇ دەرھال كەينىگە قايتىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مېنىڭ تۆت ياشلىق قىز نەۋرەمدىنمۇ قورقۇنچاق ئىكەنلا ئۇستام، — دېدى ھەنىپە خانىم تىت-تىت بولۇپ. شوپۇرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۈن چىقارمىدى.

— ھە، قانداقكەن ئۇستام، ماڭامدۇق؟ — دېدى نىياز مۇخلىسمۇ تەنە قىلىپ.

— ئارقىمىزغا يانىلى. چۆرگىلىسەكمۇ چوڭ يول بىلەن ماڭايلى، سۇ چوڭقۇر ھەم ئېقىشى ئىتتىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېگى بوش قۇم ئىكەن. ماشىنا ماڭالمايدۇ، — دېدى شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغاچ.

— ۋاي ئاللا، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم، يەنە ئارقىمىزغا يانساق يېرىم كېچىدە بارىمىزما؟ — دېدى ھەنىپە خانىم ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ. ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن يۆتىلىپ كەتتى.

— بۇ يەردىن ئۆتمىسىز دېسەك تاڭ ئاتقۇچىمۇ ئۆتەلمەي قالارمىزمـ

كىن، — دېدى شوپۇر كەسكىن، ئەمما
ئاۋازىنى مۇلايىمراق چىقىرىشقا تىرىشىپ.
— ھى ... ھى ... ھى... ئۇستام، ئۇنـ
داق دېمەي... ئەمدى قاچان كەينىمىزگە
يانىمىز؟ مېنىڭچە، چوڭ يولغا چىققىچىمۇ
يېرىم كېچە بولۇپ كېتىدۇ. نىيازكام
بىلەن ھەنىپە ھەدەمنى ئۇيقۇسىز قويۇپ
توڭدۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگەنگە تويغۇزۇ-
ۋەتمەيلى، — دېدى ئەلى ھۆسەن ناھايىتى
سىلىقلىق بىلەن.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەن رۇسۇلكامـ
غا نى جۇجاڭ، ئەي جۇجاڭلارنى بۈگۈن
كەچ پېشىنگە قالماي كېلىپ بولىدۇ، دەپ
خەۋەر قىلىۋەتكەن دېسىلە. ئۇلار بۇ چاغقا
پاخلان سويۇپ پىشۇرۇپ يولغا قاراپ كۆز-
لىرى تېشىلگۈدەك بولغاندۇ. ھەيدەۋەر-
سىلە ئۇستام. ماشىنا پېتىپ قالغۇدەك
بولسا بىز ئىتتىرىپ مۇردەپ چىقىرىۋې-
تىمىز، — دېدى قاسىم داۋۇت ئاغزىنى كالـ
چايتىپ.

— شۇنداق قىلىمىز، خاتىرجەم
بولسىلا. تۆت قووۇرغا، بىر سانلىق ئەر-
كەكلەردىن تۇرساق، بىر پىكاپنى ئىتتىرەلـ
مەمدۇق؟ — دېدى ئەلى ھۆسەن.

— سىلى باشلىق، مەن شوپۇر، سىلى
ھەيدە دېگەن يەرگە ھەيدىمەسلىك ھەددىم
ئەمەس، — دېدى شوپۇر ئېچىنغاندەك
بىر ئاھاڭدا. «ھەر قايسىڭ نېمە بولساڭ
مەنمۇ شۇ ئاداشلار» دېدى ئىچىدە.

ماشىنا سۇغا كىرىپ ئاستا ئىلگىرىلـ
دى. ماتور بارغانچە كۆچەشكە باشلىدى،
ئەمما سۈرئەت ئاستىلاشقا باشلىدى.
شوپۇر چاققانلىق بىلەن رولنى ئۇيان-
بۇيان تۇرۇپ باراتتى. ماشىنا بارغانچە
ئاستىلىسىمۇ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ
ماڭدى. سۇنىڭ شارقىرىشى، ماشىنىنىڭ
كۆچەپ غوڭۇلدىشى دەريا ئىچىدە كۆچـ
لۈك سادا ھاسىل قىلىپ، دەريا بويىنىڭ
تىنچلىقىنى بۇزدى. بىراق ماشىنىنىڭ
مېڭىشى بارغانسېرى ئاستىلاپ، ئۇنىڭ
ئالدىغا مېڭىۋاتقان ياكى ماڭمايۋاتقانـ
لىقىنى بىلگىلى بولماي قالدى. بارا-
بارا چاق ئىزىدىلا ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ئەپلەشمىدى، — دېدى شوپۇر
كەينىدىكىلەرگە قاراپ.

— ئەمىسە، غاچچىدا چۈشۈپ ئىتتى-
رەيلى، — دېدى ئەلى ھۆسەن چاققانلىق
بىلەن.

— ھەممىمىز چۈشەمسىز؟ — دېدى
ھەنىپە خانىم قورقۇنچتىن چەكچەيگەن
ھالدا.

— سىلىدىن باشقا ھەممەيلەن
چۈشمىسەك بولمايدۇ، — دېدى شوپۇر
جىددىي ھالدا. نىياز مۇخلىسنىڭ تېنى
شۈركىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئىنجىق-
لاپ قىمىرلىغىلى تۇردى.

— ۋاي، سىلى چۈشمىسىلە، بىز
ئىتتىرىپ چىقىرالمىغان ھالدىمۇ سىلىنى
بۇ سوغۇقتا سۇغا كىرگۈزمەيدىغان. مىدىر-
لىمىسىلا. بۇ سۇغا ھەرگىز چۈشكۈچى
بولمىسىلا. ياش چوڭلىغاندا بۇنداق
سۇغا كىرىش بەك خەتەرلىك، — دېدى
ئەلى ھۆسەن.

— ئەلىجان راست دەيدۇ. ياشلار بولـ
غاندىكىن سىلى بەك كايىپ كەتمىسىلىمۇ
بولىدۇ، — دېدى ھەنىپە خانىم ئېرىنىڭ
كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەي كىنايە قىلىپ.

نىياز مۇخلىس شۇنىڭ بىلەن شۈك
بولدى. ماشىنىنىڭ ئىشىكى يېپىلدى.
شوپۇر رولنى تۇتۇپ قىمىر قىلماي

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغانىدى، ئەلى ھۆسەن ئەينەكتىن قاراپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھىجىيىپ:

— ئۇستام، ھە، دەمدۇق؟ — دېدى.

شوپۇر بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىشىپ تۇرىدىغان قاپىقى يېپىشىپ كەلگەن كۆزىدىن ھېچقانداق بىر ھېسسىياتنى پەرق ئېتەلمىگەن ئەلى ھۆسەن سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوغۇقتا ئۆزىنى قىلچىمۇ توڭمىغاندەك كۆرستىشكە تىرىشىپ ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. قاسىم داۋۇت ماشىنىنىڭ كەينىدە مۆرىلىرىنى تىرىگەن ھالدا تەلمۈرۈپ تۇرغانىدى.

— ۋاي، ئانچىۋالا توڭۇپ كەتكۈدەك سوغۇق ئەمەسكەنغۇ، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى قاسىم داۋۇتمۇ ئۇنىڭغا چەكسىز سادىقلىقىنى ئىپادىلەپ.

ئىككى ئادەم پىكاپنى مۆرىدەپ قاتتىق ئىتتەردى. ئەلى ھۆسەننىڭ قوللىرى قىنغىچىنىڭ ئارىسىدەك قېتىپ قولاشماي قالدى. ماشىنىنىڭ سوغۇق گەۋدىسى ئۇنىڭ مۆرىسىنى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇراتتى. ئەمما ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ بار كۈچى بىلەن ئىتتەردى. ماشىنا قۇلاق پەردىسىنى تىترىتىپ، موزىيىنى يۇتتۇرۇپ قويغان ئىنەكتەك ھۆركىرىگەن بولسىمۇ، ئالدىغا بىر غېرىچمۇ ماڭمىدى. ماشىنىنىڭ ئارقا چاقىدىن چاچرىغان لاي ئارىلاش سۇ ئەلى ھۆسەنلەرنىڭ ئۈستىبېشىنى چىلىق-چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. ئەلى ھۆسەننىڭ دائىم گەدىنىگە سالپايتىپ كىيىۋالىدىغان سارجا شەپكىسى ئىسكەتتىدىن ئايرىلىپ، يۈزلىرى پۈتۈنلەي لايلاتقا بىلەن بولغانىدى. ماشىنا بارغانچە ئىزدىغا چۆكۈپ كەتتى. شوپۇر ماشىنىنىڭ چىقالمايدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جاھىللىق بىلەن تىرىكىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ مايىنى بولۇشىچە بېرىپ ماشىنىنى ھۆركىرىتىپ تەڭكەش قىلىپ ئولتۇردى.

ئەلى ھۆسەن بىر ئەقىل تاپتى. ئۇ چوڭ-چوڭ تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ ماشىنىنىڭ چاقىغا قويدى، لېكىن ماشىنا تېخىمۇ پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋايجان، ۋاي بۇ نېمە ئىش؟ سۇ كىرىپ كەتتىغۇ؟ — ھەنىپە خانىم ۋارقىرىۋەتتى. ئەمدى ماشىنىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىۋاتاتتى. شوپۇر دەرھال پۇتىنى تارتىپ ئورۇندۇق ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە:

— چازا قۇرۇۋالسىلا، — دېدى كەينىگە قاراپ، نىياز مۇخلىسمۇ دەرھال چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى سۇ كۆپەيگەنسېرى ئورۇندۇقلار بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى ماۋۇ كۆرگۈلۈكنى. تەييار تۈز يولنى تاشلاپ... — ھەنىپە خانىم قورقۇپ يىغلىغىلى تۇردى.

— ۋاي يىغلىماڭ. سەت تۇرىدۇ، قورقماڭ، — نىياز مۇخلىس ئۆزىمۇ قورقۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئايالىغا تەسەللىي بەردى.

— نېمە بولدى؟ — ئەلى ھۆسەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى تونۇغۇسىز لاي، سۇ بولۇپ، چاقىلداپ تىترەۋاتقان بولسىمۇ، نىياز مۇخلىسقا قاراپ مۇلايىم كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى. نىياز مۇخلىس بىرنېمىچە

ئېغىز تاپا ـ تەنە قىلىپ، ئاچچىقىنى چىـ
قىرىۋالاي دەپ ئۆزىنى بىلەپ تۇرغانىدى،
ئەلى ھۆسـەنـنىڭ ئۈسـتىبېـشى بىلـەن
ئايىاق چىشلىرىنـى تولۇق كۆرسـىتـىـپ
تۇرۇپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ، گېپىنى ئاغزى‐
دىن چىقىرالمىدى.

ــ مانا، مۇشـۇندۇق بولـدى! ــ دەپ
ۋارقىراپ تەتۈر قارىۋالدى ھەنىپە خانىم.

ــ ئاپلا، بۇنداق بـولماسىكەن دې‐
سەم، ــ دېدى ئەلى ھۆسەن چەكسىز خىـ
جىل بولغان ھەم ئىچىگە بىر خىـل قور‐
قۇنچ چۈشكەن ھالدا گەدىنىنـى تاتىلاپ.
نىياز مۇخلىس سىنچىلاپ قاراپ ئۇنـىـڭ
چىرايىنىڭ تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكىنىـ
نى، پۈتۈن كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ لاي ـ مۇز
بولۇپ قېتىپ تاراقلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ،
بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

ــ ئۇكام، كىيىملىرىڭىزگە مۇز تۇتۇپ
كەتتىمۇ نېمە؟

ــ ھە، ئانچە ئەمەس، ــ دېدى ئەلى
ھۆسەن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەمـما ئۇنـىـڭ
يۈز موسكۇللىرى سوغۇقتا تارتىشـىپ كەتـ
كەنلىكتىن كۈلكىسى تازا ئەپلەشمىدى.

ــ بولۇڭ، بـولۇڭلار، ماشىنىغا تـېز
چىقىڭـلار! شۇنـچـىۋالا بولۇپ كەتـكەن
بارمۇ، ــ دېدى نىياز مۇخلىس. كۆچىگەنـ
لىكتىن ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ كەتتى.

ئەلى ھۆسەن كەينىگە قاراپ بـولـ
غۇچە جاقىلداپ تىترەپ كەتكەن قاسىـم
داۋۇت ماشـىـنىغا چىقىـپ بولـدى. ئەلى
ھۆسەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىۋىدى، نىـ
ياز مۇخلىس ئۇنىڭ قېتىشـىـپ كەتـكەن
قوللىرىنى تارتىپ ماشـىـنىغا چىقاردى.
ئىشىك ئېچىلىش بىلەن گۇررىدە كىرگەن
سوغۇقتىن ھەنىپە خانىم تىترىكىپ كوتۇلـ
داپ كەتتى ھەم لاي يۇقۇپ كېتىشىدىن
قـورقۇپ ئۆزىنى ھە دەپ ئەپقاچتى. شۇـ
ڭا ئۇ ئىككىيلەن كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ بىر ـ
بىرىـگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ھەنىپە خانىم
بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولـتـۇرۇشتـى.

ــ ئۇستام، قانداق قىلىمىز؟ ــ دېدى
ئەلى ھۆسەن مـۈلايىم كـۈلـۈپ تۇرۇپ.
ئەمـما جـاقىلـداپ تىترەپ تـۇرغانلىقتىن
ھەر قانـچە قىلسىمۇ گېپىنى تازا قولاشـ
تۇرالماي قالدى.

ــ ئامال يوق، ــ دېدى شـوپۇر ئالـ
دىـغا ــ دېرىزىـدىـن كۆرۈنـۈپ تۇرغـان
چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدىن يۇلتۇزلارغا
قاراپ، بۇرۇنقىدەك توڭلۇق بىلەن.

ئەلى ھۆسەندىن باشقـىـلارنـىـڭ
ھەممىسىنىڭ ئاچچىقتىن چىرايـلـىرى ھەر
قىسما تۈرۈلۈپ، شوپۇرنى بوغۇۋەتكـۈسـى
كېلىپ كەتتى. لـېكـىن ئەلى ھـۆسـەن
يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ئۇسـتام، ئامال بـولـمايـدىـغان
ئىشمۇ بولامـدۇ؟ ئامال قىلايلى ئەمـدى.
ياكى يەنە ئىتتىرەمدۇق؟

ــ يەنە ئىتتەرسەك ماشىنا تېخىمۇ
پاتىدۇ.

ــ ئەمىسە، قانـداق قىلىمىز؟! ــ نىـ
ياز مۇخلىس ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالمـ
غان ھالدا زەردە قىلـدى. شوپۇر دەررۇ
ئۇنىڭغا قارىدى.

ــ قانـداق قىـلاتتـۇق، مۇشۇنـداق
ئولتۇرىمىز. بولمىسا مانا ماشىنا سىلىنىڭ،
ئامالىنى بولسا قىلىسىلا، ــ دېـدى شوپۇر
نىياز مۇخلىستىن بەكرەك ئاچچىقلاپ.

ــ ھـاي ـ ھاي، بولمىـدى ئۇسـتام،
سىلى ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا. نى جۇجاڭ
سىلى خاپا بولمىسىلا. بۇ ئۆزى ئاق كۆڭۈل

www.uyghurkitap.com

تۇز ئادەم. خاپا بولمىسىلا ئۇستام، نىجۇجاڭ دېگەن بىزنىڭ بېشىمىزنى سىيلايدىغان ئادەم. سىلى ئۆزلىرىنى تۇتسىلا...

ئەلى ھۆسەن ھەر ئىككىسىنى باستى: نىياز مۇخلىسقا چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆزرە قويىدى، شوپۇرنى سىلىق گەپلەر بىلەن بېسىپ ئەيىبلىدى. نىياز مۇخلىسمۇ، شوپۇرمۇ جىم بولدى. ماشىنىنىڭ ئىچىنى بىر ھازا سۈكۈت باستى. «مېنىڭ بېشىمنى بىر ئاللا بىلەن ئىككى قولۇمدىن باشقا سىيلايدىغان ئادەم يوق، ھەم تامايىممۇ يوق. سىيلىسا سېنىڭ بېشىڭنى سىيلايدۇ، ئاداش» دېدى شوپۇر ئىچىدە. سىرتتا تاغ تەرەپتىن سوقۇۋاتقان سوغۇق شامال تېخىمۇ كۈچەيدى. شوپۇر ماشىنىنىڭ چىرىغىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتتى. ئەمدى ماشىنا ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى. دەريا سۈيىنىڭ شارىلدىشى، سوغۇق تاغ شامىلىنىڭ ۋىژىلدىشى ۋە قەيەردىندۇر كېلىۋاتقان تۈلكىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ قاراڭغۇلۇق باسقان بۇ ساي ئىچىگە تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بېرەتتى.

— ئۇستام، — دەپ ئاستا نوقۇدى ئەلى ھۆسەن مۇلايىملىق بىلەن. شوپۇر «ھە» دېگەندەك سەل مىدىرلاپ قويىدى، — قاسىماخۇن رۇسۇلاكامىلارنىڭكىگە بېرىپ تراكتور تېپىپ كەلسە بولارمۇ؟

— ھامان شۇنداق قىلماي ئامال يوق، — دېدى شوپۇر پەرۋاسىز ھالدا.

— قاسىماخۇن، شۇنداق قىلىڭە، مەن بارايمۇ دېسەم بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئەلى ھۆسەن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بىچارە تەلەپپۇزدا.

— ۋاي، ئەي جۇجاڭ، ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا دەيمەن، — دەپلا ئىشىكنى ئېچىپ سۇغا سەكرىدى قاسىم داۋۇت.

— «زەنجىر تاپان» بولمىسا بولمايدۇ، جۇمۇ، — دېدى شوپۇر پالاقلاپ سۇ كېچىپ كېتىۋاتقان قاسىم داۋۇتنىڭ كەينىدىن توۋلاپ.

ماشىنا ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. ھەممەيلەن جىمجىت ھالدا قاسىم داۋۇتنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە قاراپ ئولتۇردى. بىر دەمدىلا ئۇنىڭ قارىسى يوقالدى.

— يېزىغا قانچىلىك يول بار؟ — سورىدى ئەلى ھۆسەن شوپۇردىن.

— توققۇز ـ ئون كىلومېتىر كېلەرمىكىن.

— بىر سائەتتە بارالار ـ ھە؟

— ئۇھ... — دەپ ئىچىگە تارتىۋەتتى ھەنىپە خانىم، — بۈگۈن كېچە دەريادا تۈنەيدىكەنمىز ـ دە! ۋاي ئېسىت، ۋاي ئېسىت!...

— تەلىيىمىز بولسا تراكتور ئۆتۈپ قالسا تارتىپ قويار، — دېدى ئەلى ھۆسەن ھەنىپە خانىمنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە، يېرىم كېچىدە بۇ يەردىن تراكتور ئۆتىدۇ دېيىش كۈلكىلىك بىر گەپ ئىدى.

بىر سائەت... ئىككى سائەت... ئۈچ سائەت... ئۆتۈپ كەتتى. كېچە سائەت ئۈچ بولدى. سوغۇق ۋە قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، ئۇلار كۆزلىرىنى يىراققا تىككىنىچە ئولتۇرۇشاتتى.

— كەلدى، — دېدى تۇيۇقسىزلا ئەلى ھۆسەن خۇشال ۋارقىراپ. ھەممەي-

لەن جانلىنىپ كەتتى. يىراقتىن «پاللىدە» قىلىپ بىر ئوت يېنىپلا يەنە ئۆچتى. ھەممەيلەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا ئوت يەنە پەيدا بولدى.

— دەل ئۆزى شۇ! — دېدى ئەلى ھۆسەن. بىراق ئۇلار تازا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ بىر كىملەر ياققان گۈلخان ئىكەنلىكىنى بىلىپ جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ۋىيەي، پەسكە چۈشسەم بولاتتى ئەمدى... — دېدى ھەنىپە خانىم ئىنجىقلاپ. ئۇ قىمىرلىغىلى تۇرغىلى خىجىل بولغانىدى. ئەلى ھۆسەن دەرھال سۇغا چۈشتى.

— كەلسىلە، ھاپاش بولسىلا. بۇ سۇغا ھەرگىز چۈشەلمەيلا، — دېدى ئەلى ھۆسەن چەكسىز ھۆرمەت بىلەن.

— ۋىيەي ئۇكام، ئۇنداق قىلماڭ ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ، بولدى، ئۆزۈم ئايىغىمنى سېلىپ چۈشەي.

— ياق... ياق... ئۇنداق دېمىسىلە. بۇ سۇغا چۈشسىلە ھەرگىز بولمايدۇ. سىلى بۇ سۇغا چۈشسىلە چوقۇم ئاغرىپ قالىلا. مەنلا ھۆل بولاي، كەلسىلە، تارتىنمىسىلا. مەن ئۆز ئىنىلىرى تۇرسام، مېنى يات كۆرۈۋاتامىلا؟ ئۇنداق قىلسىلا مەن خاپا بولىمەن. مانا ماۋۇ لاي چاپاننى سېلىۋېتەي.

— ۋاي-ۋاي... — ھەنىپە خانىم «ۋاي-ۋاي» دەپ بولغۇچە ئەلى ھۆسەن نېپىز پوپايكا بىلەن قالدى.

— بولدى، ئەلجاننى توڭدۇرماڭ، ئۆز ئىنىڭىزدەك ئەمەسمۇ، ھاپاش بولۇڭ، راست، سىز سۇ كېچەلمەيسىز، — دېدى نىياز مۇخلىس.

بىردەم تالاشقاندىن كېيىن ئاخىرى ھەنىپە خانىم ئەلى ھۆسەنگە ھاپاش بولدى. شوپۇر كۈلكىسىنى ئىچىگە پاتۇرالماي كالپۇكىنى چىشلەپ قانىتىۋالدى. ئەلى ھۆسەن ھەنىپە خانىمنى ئارقىغا — دەريانىڭ قۇرۇق يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپ ماشىنىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— ئۇكام، ماشىنىغا چىقىۋېلىڭ. چاققان بولۇڭ، توڭۇپ كېتىسىز دەيمەن، — دېدى نىياز مۇخلىس.

— ياق، ھېچقىسى يوق، — دېدى ئەلى ھۆسەن مۇلايىم كۈلۈپ.

شۇ چاغدا ھەنىپە خانىمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەلى ھۆسەن دەرھال بېرىپ ھەنىپە خانىمنى يۈدۈپ ئەكېلىپ ماشىنىغا چىقاردى. ھەنىپە خانىم ئۇنى ئۆزى بىلگەن بارلىق تىللار بىلەن مەدھىيىلىمەكتە ئىدى.

— تايىنلىق سىلىمۇ چۈشۈپ چىقامالا؟ — دېدى ئەلى ھۆسەن نىياز مۇخلىسقا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

«ھەقىقەتەن ئېسىل يىگىت ئىكەن بۇ، بولدى، خەقنىڭ ھەر قانچە پىكرى بولسىمۇ كۆزۈمنى يۇمۇپلا مۇشۇ بالىنى بىرىنچى قول قىلىشىم كېرەك» دېدى نىياز مۇخلىس ئىچىدە ئۇنىڭغا ھاپاش بولۇۋېتىپ.

www.uyghurkitap.com

## «ئارىم موكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# تۇيغۇلار گۈزەل، ھايات بىر دۇنيا

### پارلا قۇياش، كۈلسۇن لالىلەر

سۆيگۈ تېگى، ئاھ قۇتلۇق سەھەر،
لەۋلىرىڭگە سۆيىمەن قانماي.
ھاپاش قىلىپ يېڭى دۇنيانى،
پارلا قۇياش، نۇر چېچىپ تىنماي.
لەۋلىرىڭدە تاتلىق كۈلۈشلەر،
يانىقىڭدا يانسۇن سۆيۈشلەر.

پارلا قۇياش، قىرلار، ئېدىرلار
تۆشلىرىنى ئېچىپ قاقلانسۇن.
تاغ سۇلىرى سىيلىشىپ چۇقان،
مۇنبەت زېمىن كۈلسۇن، شادلانسۇن.
ئۈمىد ئاتا قىلار كۈلۈشۈڭ،
غەشلىك سالار دىلغا مۆكۈشۈڭ.

پارلا قۇياش، كۈلسۇن لالىلەر،
دىل تەكتىدە بىخ سۈرسۇن باھار.
ئوينىقلىشىپ مەيىن شامال‌لار،
سىڭىپ كەتسۇن تىنىققا ئىپار.
پارلا قۇياش، باغاشلاي سېنى،
قۇچىقىڭدا ئەركىلەت مېنى.

كۈلگىن قۇياش، ئويغانسۇن ھايات،
سۆيۈشلەردىن رەڭلەنسۇن ئۇپۇق.
چېچەكلەرنىڭ جىلمىيىشلىرى
قەلبلەردە قوزغاپ تۇيغۇ، زوق.
پارلا قۇياش، كۈلسۇن لالىلەر،
پۈتسۇن دىلدىن ھىجران، نالىلەر.

### مەن باھار پۈشتى

باھار مېنى: «سەن پۈشتۈم» دېدى،
كۆز قارامغا جەملەندى سۆيگۈ.
يۈزلىرىمدىن سۆيدى شامال‌لار،
يۈرىكىمدە ئاتەشلىك تۇيغۇ.

تىنىقىمدا باھارنىڭ ھىدى،
نىگاھىمدا گۈللەر جىلۋىسى.
لەۋلىرىمدە كۈلكىلەر قىيان،
قانلىرىمدا ھاياتلىق ھېسسى.

تېنىم يايرار باھار پەيزىدىن،
بىخ سۆيگۈسى ۋۇجۇدۇمدا جەم.
باقسام باسقان ئىزىمغا يېنىپ،
ۋادىلارنى قاپلاپتۇ كۆكلەم.

## تاڭ لىرىكىسى

تاڭ كېلەر قات - قات تاغلار قوچىقىدىن،
تاڭلارنى تۇغامدىكىن ئاشۇ تاغلار؟
چېكىنەر تۈن لەشكىرى نەلەرگىدۇ،
ساباغا ئىپار ھىدىنى يۈكلەر باغلار.

تاغلارنىڭ يوتىسىدا يانار ئاتەش،
باغلارنىڭ قوچىقىدا نۇر دەرياسى.
ۋىلىقلاپ كۆلەر زېمىن، كۆلەر چېچەك،
ئۈستىدە يالىلدايدۇ تاڭ لىباسى.

تاڭ كېلەر، كەلگىنىدەك كۆلۈپ دىلبەر،
تاڭ بىلەن سۆيۈشىدۇ تاڭدا ئۆمۈر.
ۋىسالنىڭ قوچىقىدا تاڭنى قۇچۇپ،
سابالار جامىلىرىدىن ئىپار سۈمۈر.

## پىچىرلاشلار كۆچتى ياپراقتا

بەرنا يىگىت شوخ قىزنى قۇچۇپ،
پىچىرلايدۇ كۆزى - كۆزىدە.
ئالەم - ئالەم ۋەدە سۆزىدە،
تۇرار بەزەن لەۋلەر جۈپلىشىپ.

كېلەر ئۇلار باغقا ھەم ئاخشام،
قولتۇقلىشىپ كۆزلىرىدە ئوت،
قەدەملەر گۈل، قەدەملەردە قۇت،
يۈرەك ئوينار تاپماستىن ئارام.

ئايلار ئۆتتى كەلدى تەنھا قىز،
كىرپىكلىرى بەرگىدە شەبنەم،
قوشۇمىسى ئۈستىدە ئەلەم،
سۆيۈشلەردىن قالدى ھەسرەت، ئىز.

قىز ئۆرتىنەر ھەسرەت - پىراقتا،
پىچىرلاشلار ئاڭلانماس بىراق.
قىز كۆزىدىن تۆككۈلەر مونچاق،
پىچىرلاشلار كۆچكەن ياپراقتا.

## كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دالا

كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دالا،
چاقنار تۇمەن يۇلتۇز جىلمىيىپ.
نېپىز مانان يېپىپتۇ ئېتەك،
يەرۇ ئاسمان تۇرار چېتىلىپ.

غىچىرلايدۇ ئاياغ ئاستىمدا
ئاق قار گويا نازلىق كۆلگەندەك.
ۋۇجۇدۇمدا ئاتەش تۇيغۇلار،
يۈزلىرىمنى سابا سۆيگەندەك.

يەرمۇ ئاپئاق، كېچىمۇ ئاپئاق،
بولسا شۇنداق ئىنسان كۆڭلى ئاق.
تەنھالىقتا سۈرىمەن خىيال،
ئوي - خىيالىم بولسا دەيمەن ئاق.

كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دالا
ياتار تىنچ، شېرىن چۈش كۆرۈپ.
لەۋلىرىمدە يېڭىنىڭ پىچىرلاش،
كۆز قارامدا باھارنى كۆرۈپ.

ئاتەش نەپەس، ئاتەش تۇيغۇلار
قۇچاقلايدۇ ئەركىلەپ مېنى.
كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دالا،
تارقىتىدۇ باھار ھىدىنى.

## ئۆسمۈر ھەققىدە باللادا

تۈن كۆرپىسىگە تاشلاپ ئۆزىنى،
يۇلتۇزلار كۆچۈشىگە باقىدۇ ئۆسمۈر.
خىياللار كېمىسىدە دولقۇنلار ئارا،
ھايات دېڭىزىدە ئاقىدۇ ئۆسمۈر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شامالنىڭ ئاھىنى تىڭلار تەشۋىشتە،
چېچەكلەر شىۋىرلىشى ئاڭا بىر دۇنيا.
نۇرلار قانىتىدا كېزەر ھەريانىنى،
يۈرىكى پەزاغا چاچار نۇر ـ زىيا.

بەزىدە قىمىرلار ياقۇت لەۋلىرى،
يۈرەك ئۇرۇشىدا بىر سىر ھۆكۈمران.
رەڭلەر دۇنياسىغا شۇڭغۇيدۇ پىكرى،
كۆزى قارىچۇقىغا چۆكىدۇ چولپان.

زامانىنىڭ تەشۋىشى، دەردى مۇجەسسەم
ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان قوشۇمىسىدا.
ئەتىنىڭ كارۋىنى كېلەر ئۈمىدۋار
ئېغىر نەپەسلەرنىڭ پۇشۇلدىشىدا.

ھېچكىم توختىتالماس ئۇنى يولىدىن،
نۇرلار ئۇچۇشىمۇ يېتەلمەس ئاڭا.
ئىنسان كۆلكىسىچۇن پىدا ئەيلەپ جان
قېنىنى گۈل ئېتىپ چاچىدۇ گويا.

زېمىنىنىڭ ئوتىدا ئۇنىڭ قوللىرى،
ھايات ئۇيقۇسىدا كۆرەر شېرىن چۈش.
ئۇ كېلەر قۇيشنى بېشىغا ئېلىپ،
ياقۇت لەۋلىرىدە بىر تاتلىق كۈلۈش.

## دېرىزىنىڭ يېنىدا بىر قىز

دېرىزىنىڭ يېنىدا بىر قىز
ئۇزاقلارغا باقار پەرىشان.
گۈل چېھرىدە خىياللاردىن ئىز،
كۆزلىرىدە سىرلىق ھاياجان،
قىز تۇرىدۇ ئۈنسىز، تىنۋىشسىز.

ئۇپۇق يېيىپ قارا چېچىنى،
تۈن پەردىسىن تارتىدۇ گۈگۈم.
سۈكۈت باسقان ئۆينىڭ ئىچىنى،
گويا جاھان بولغىنىدەك گۇم،
ھەسرەت قىزغا قىلىدۇ ھۇجۇم.

كىرپىكىدە يالتىرار شەبنەم،
قىز ئاھىدىن زېمىن سىلكىنەر.
كىمدۇر قىزغا ئەيلىگەن سىتەم،
نېچۈن ئۈمىد ئۈندىن چېكىنەر،
قىز ۋۇجۇدى نېمىشقا تىترەر؟

باغدىن ئۇچقان تۈننىڭ شامىلى
ئەركىلىتىدۇ سۆيۈپ يۈزىنى.
كۆز يېشىنى سۈرتۈپ قويىدۇ،
ياشتىن خالىي ئەيلەپ كۆزىنى،
رەپىق ئەيلەپ قىزغا ئۆزىنى.

قىزغا ئاستا پىچىرلايدۇ ئۇ:
«ئۇ نامەرتنى كۈتمىگىن، زىنھار.
تەلمۈرمىگىن، چەكمە ئىزتىراپ،
كۈل، ھاياتقا باققىن ئۈمىدۋار،
ساڭا ۋىسال، ساڭا بەخت يار!»

## شېئىرىم

ئۆتۈپ كەلدىم ئەللىك داۋاندىن،
تىكىلگەن كۆزلىرىم قانچە داۋانغا.
داۋانلار ئاشقىنىمدا ئويناق يۈرىكىم،
تولدۇ زەپ يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانغا.

ئارمانلار يېتىلدۈپ مېنىڭ قولۇمدىن،
ئۆتەرمەن يەنە ئەللىك داۋاندىن.
ۋاقىتسىز توختىسا ئەگەر يۈرىكىم،
قۇتۇلالماس روھىمۇ ئارزۇ ـ ئارماندىن.

مېنى ياشىمىدى دەڭلار جاھاندا،
شېئىرىم مېنىڭسىز ئۆمۈر سۈرمىسە.
شائىر ۋۇجۇدىدا تۇغۇلغان شېئىر،
نە كېرەك دىللارغا سىڭىپ كىرمىسە؟!

ياسىن زىلال

# ھايات يولى

تاڭ ... ئۇيۇق لېۋىدە كىرىم، كۆلەر كۈن
ھىجرانى ئۆرتىگەن زېمىنغا بېقىپ.
زەررىلەر تۆكۈلدى گۈلشەن دىيارغا،
يۇلتۇزلار ئاسماندىن چۈشكەندەك ئېقىپ.
تەبەسسۇم ئەيلىدى قارلىق چوققىلار،
خانتەڭرى ئۈستىدە ئالماس جىلۋىسى.
جاۋاھىر مارجاندۇر پەردىزات ئاسقان
تاغلارنىڭ دۇر چاچقان شارقىراتمىسى.
گۈلخانلار لاۋۇلدار، مەشرىق لېۋىدە
زەر شولا تۆكمەكتە قۇياش يالقۇنى.
چوققىلار تۇتاشقان زەڭگەر سامادا
تەۋرىنەر تىللارەڭ بۇلۇت دولقۇنى.
بوستانلار يەلپۈنەر مەيىن سابادا،
نۇر سۆيگەن ياپراقتا مەرمەر جۇلاسى.
دەريالار چېھرىدە ئوينار تەبەسسۇم،
چىمەنزار قىرغاقتا شەپەق لىباسى.
ئاھۇ كۆز بۇلاقلار مارجان چاچىدۇ،
گۈلشەنلەر تاۋلىنار رەڭدار گىلەمدەك.
بۇلبۇللار خەندىدە ھايات كۈلكىسى،
مۇھەببەت ۋىسالىگە چۆمگەن ھەر يۈرەك.
قارىدىم قۇياشقا، ئېھ، مەسۇم بوۋاق
مېھرىبان ئانىغا تەلپۈنگىنىدەك.
قۇياشنى مەڭزىمگە سۆيدى نۇر بىلەن،
ئانىجان ئوغلىغا تەلمۈرگىنىدەك.
ئاھ، قانداق قىممەت - ھە! بىزگە يورۇقلۇق
يۈرىكىم يالقۇنغا جان ئاتقان پەرۋان.
نۇر بىلەن چېكىلگەن ھايات رىشتىسى
ئازابكار ئىنسانغا زۇلمەت ئىچرە جان.
جۇش ئۇردى قەلبىمدە سۆيگۈ دەرياسى،
قۇياشتەك تەلپۈندۇم گۈلزار زېمىنگە.
چۆلغىدى ئىشقىمنى ئانا يەر ئىشقى،
ئىپتىخار سىغمىدى ئەسلا تېنىمگە.
مەن يۈردۈم سەيلىدە — يۇرت باغلىرىدا
ھەزرىتى سۇلايمان شاھزادىسىدەك.
يۈرىدىم قان رەڭداش گۈللەرنى سۆيۈپ،
شادلىقتىن قەلبىمۇ ئېچىلدى گۈلدەك.

ۋادەرىخ، كەچ كىردى، باشلاندى گۇگۇم،
تاغلارنىڭ كەينىگە باش قويغاندا كۈن.
ياپتى كەچ ئالەمگە كۆل رەڭ يوپۇقنى،
كائىنات تەختىگە چىقتى قارا تۈن.
تاشلىسام ئالەمگە بىر تەكشى نىگاھ،
قايغۇلۇق ھالەتتە غەمكىن تەبىئەت.
بۇلبۇللار ياغراتماس يالقۇنلۇق مۇقام،
بوستانلار كۆرۈنمەس باقسام بىتاقەت.
تۈن تارتتى كۆزۈمگە بىر قارا نىقاب،
يورۇقلۇق ۋىسالىگە كەتتىم زارىقىپ.
مىلى پارە ئەيلىدى باغرىمنى بۇ ھال،
ئىنتىلدىم ھەر ياققا يۈگۈرۈپ يىقىلىپ.
يۈتكەندە يۈرەكتە تاقىتىم - سەۋرىم،
چاراقلاپ پارلىدى كۆكتە تولۇن ئاي.
تارقالدى كېچىنىڭ قارا تۇمانى،
يورۇتتى ئالەمنى كۈمۈش نۇر، ئايھاي!
جىلمايدى يۇلتۇزلار زۇمرەت سامادا،
دېڭىزلار تەگتىدە ياتقان گۆھەردەك.
دەريالار چېھرىدە ئۇنىڭ سىيماسى،
گويا كۆك شايىغا ئۈنچە تاققاندەك.
كۆرۈندى ئالماستىن تاج كىيگەن تاغلار،
سۈتتەك ئاي نۇرىدا بىر ئۇز يالتىراپ.
كائىنات يۈزىدە ھايات جىلۋىسى،
شادلىقىم جۇش ئۇردى بۇ ھالغا قاراپ ...
تۈن نېسپى ... ئۇ قوغلاپ ئۆتمەكتە ۋاقىت،
ئاھ، ئەجەب ياپتىغۇ ئايمۇ يۈزىنى.
سانجىلدى باغرىمغا ھىجران تىغ بولۇپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرسەتمەك كويىدا يەنە ئۆزىنى.
ۋە لېكىن چۈشەندىم شۇ ھېكمەتنى مەن،
ھاياتتا يار ئىكەن ۋىسال ۋە ھىجران.
قارىڭا! يىرتىلدى تۈننىڭ پەردىسى،
پارلىدى سۈبھىدە نۇرانە چولپان.
كۆپ ئۆتمەي مۇقەددەس تاغلار كەينىدىن
ئالتۇن رەڭ نۇر تۆكۈپ چىقتى ھەم قۇياش.
باشلاندى دەريادەك جۇشقۇن بىر ھايات،
بۇ شۇنداق ھاياتكى، قەلبىكە سىرداش.
قان ۋە تەر ياشناتقان بۇ گۈل دىياردىن
كېتەلمەس ئاي، چولپان، قۇياش ئايلىنىپ.
كۈن كەتسە ئاي كېلەر، ئاي كەتسە چولپان،
تاڭدا كۈن تەلپۈنۈپ، كېلىدۇ يېنىپ!
بۇ گويا بىز باسقان ھاياتنىڭ يولى،
گاھ بەخت ـ خۇشاللىق، گاھى دەرد ـ ئازاب.
ۋە لېكىن كۆكسۈمدە لاۋىلدار ئۈمىد،
ئىنىلدىم بىر پارلاق ئىستىبالغا قاراپ!

## ئاھ، لالەم

چىدىمىدىم، چىدىدىڭ قانداق،
ئۆزگىگە جۆر بولۇشقا لالەم.
بىراۋ قەستى گۈل قىلىپ سېنى،
ئۇپۇقتا ئوت تاشلىدى نالەم.
ئاھ، تۆكۈلدى بەخت شارابىم،
ئاھ، چاراڭشىپ سۇندى پىيالەم.

بۈگۈن ساڭا توي، ماڭا ھازا،
كۆڭنى قۇچتى ساز، ناغرا ـ سۇناي.
ئۆتەمدىغان بىر قوشۇق غىزا،
كۆز ياشلىرىم ئاقار توختىماي.
سەن قەلبىمدە ھىلال ئاي ئىدىڭ،
ئۆچتىڭ كۆكتىن ھۆسنۈڭگە تولماي.

مۆكتۈك بولۇت كىرىشىگە بىردىن،
يۈرەك بولدى ئاھ، تىلىم ـ تىلىم.
چىدىمىدىم، قانداق چىدايمەن،
كۆيدى قۇندۇز چېچىكىدەك دىلىم.
قۇرۇپ كەتسۇن سېنى «ئۆزگىنىڭ —
جۈپتى بولدى» دېسە گەر تىلىم.

ئېسىڭدىمۇ باللىق چاغلار،
سامانلىقتا، باغدا مۆكۈشۈپ،
ئوينىشاتتۇق چوڭلار ئالدىدا،
قۇچاقلىشىپ، ئەركىن سۆيۈشۈپ.
ھېچكىم بىزدىن رەنجىمەس ئىدى،
زوقلىناتتى راسا كۈلۈشۈپ.
قول تۇتۇشۇپ بېرىپ مەكتەپكە،
قولتۇقلىشىپ يېنىشماپمىدۇق؟
تايچاقلاردەك قىيغىتىپ سەكرەپ،
شوخلۇق قىلىپ چېپىشماپمىدۇق؟
«ئۆي تۇتۇشۇپ» ئويناپ ئايدىڭدا،
جىق گەپلەرنى دېيىشمەپمىدۇق؟

«ئۆي تۇتۇشۇپ» ئوينىغان ئويۇن،
ئويۇن پېتى قالدىغۇ، ئەپسۇس!
ئاھ، مۇمكىنمۇ ئەمدى چېلىشماق،
خالايىقتىن قىلماستىن نومۇس.
ئەي باللىق، قايتىلانساڭچۇ،
قېنىۋالسام ساڭا راۋۇرۇس.

مۇھەممەتجان سادىق

# مۇھەببەت لىرىكىلىرى

## سېنىڭسىز

كۆزۈمدە ...
كۆڭلۈمدە ...
ئولتۇرسام ـ قوپسام
كەتمەيدۇ زادىلا خىيال، ئويۇمدىن.

ئاھ، مېنىڭ قىزىتمام ئۆرلىگەنمىدۇ؟
چېچىلار ئوتلۇق تەپ ئېغىز، بويۇمدىن.
قەلبىمدە سېغىنىش ئىنتىزارلىقى،
گويا جان ئارامى مەيگە تەشنا مەن!

جىمجىتلىق ئىچىدە ئاقىدۇ خىيال،
يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا گويا ئاشنا مەن! ...
كۆزلىرىم ئۇزۇلمەس تونۇش يوللاردىن،
ۋە لېكىن، ئاڭلانماس ئاياغ شەپىسى.
شۇنچىلىك مۇڭ،
ئېغىر جىملىققا چۆككەن،
ئاھ، مېنىڭ —
مەجنۇننىڭ غېرىب كەپىسى ...
شۇنچىلىك سېغىنىدىم سېنى، قارا كۆز،
قەيەرگە يوقالدىڭ،
خەۋىرىڭمۇ يوق.
بىلدىمكى: سېنىڭسىز بولمايدىكەن (راست!)
ئەمدى بۇ ئۆمرۈمدە شادلىق،
ھەۋەس،
زوق ...

## تۇر، قېنى، ئورنۇڭدىن كۈلۈپ، قارا كۆز

بايىلا بار ئىدى،
كەتكەندۇ نەگە،
(تۈن شۇنچە قاراڭغۇ)
تولۇن يۈزلۈك ماھ؟!
نەدىسەن دىلبىرىم،
ئىز - دېرىكىڭنى
ئالالماي چېكىمەن تەنھالىقتا ئاھ! ...
مەن باردىم قۇتلۇق ئىز قالغان جايلارغا،
«كەلمىدى نىگارىڭ!» دېدى گۈل - گىياھ ...
مەن بىلەن بىرلىكتە يىغلىدى كاككۇك،
يىغلىدى ئاپئاق قۇش ئۇچقان يار - قىيا ...
مەن سېنى ئىزدەيمەن ئەمدى قەيەردىن،
ئالدىمدا شېرىن چۈش يوقالغان كۈندۈز.
بىردىنلا مەجنۇنغا ئايلاندىم، پىغان
ئۆرلىدى كۆكسۈمدىن،
قارايدى يۇلتۇز ...
شاماللار، شاماللار!

مېنىڭ يارىمنى
كۆردۈڭلار قەيەردە، كۆزلىرى ياشمۇ؟!
ۋە ياكى يۈرەمدۇ خىيالسىز، بىغەم،
يىغلىغان ئايمىدۇ، يا قەلەم قاشمۇ؟!
ئوت كەتتى ئاھ، مېنىڭ قۇلاقلىرىمغا،
سۆرەمدۇ ئوي - خىيال ھەسرەتلىك نىگا؟!
يىغلامدۇ چۈشۈپ يا، ئۆمۈچۈك تورىغا
كۆزلىرى يولۇمغا بولۇپ ئىنتىزار؟!
ئاھ، خۇدا!
ھاياتتىن تۈگەيدۇ قاچان،
بۇ تورلار —
بۇ سىرلىق قاپقارا تورلار؟!
ئۆمۈچۈك!
توقۇما،
بولدى قىل ئەمدى،
كۆردۈڭمۇ، ئاقماقتا چىرايلىق نۇرلار! ...
پەرىشتەم، بىر سادا بەرگىن، مەجنۇنىڭ
كۆمۈلۈپ كەتمىسۇن غەم - قايغۇسىغا!
ئاتلىنار چولپاندەك جەڭگە، ئىشەنگىن،
ئۈنۈڭنى ئاڭلاپ تۈن قاراڭغۇسىغا! ...
مۇھەببەت ئالدىدا دوزاخمۇ ئۇچقۇن،
ئۆمۈچۈك تورلىرى قانچىلىك نېمە!؟
ئۆرلەيدۇ دولقۇنلار يېرىپ قىرغاقنى،
قول تۇتۇپ بىز چۈشكەن چىرايلىق كېمە!...
كۆردۈڭمۇ، كۆرۈنگەن يېشىل قىرغاقنى،
ئۇ يەردە گۈللەر بار،
گۈل - چېچەكلەر بار!
ئۆمۈچۈك تورىدىن خالىي ئۇ چىمەن،
سەن ۋە مەن ئويلىغان كېلەچەكلەر بار! ...
سۆرت، قېنى، كۆزۈڭنى،
يىغلىغان بولساڭ،
تېز تۇرغىن ئورنۇڭدىن كۈلۈپ، قارا كۆز!
كەل مېنىڭ قېشىمغا،
كەلگىن ئۇچقاندەك،
كۈتمەكتە بىزنى ئۇ كەڭرى دالا - تۈز! ...

## مۇھەببەت

بىلمىدىم، جەننەتمىدۇ، جەھەننەممىدۇ؟!
ئويلايمەن: ئۇنىڭدا ھەر ئىككىسىنى ...
سۇرگۇزەر بېھىشنىڭ پەيزىنى ساڭا،
يېقىملىق تەبەسسۇم، خۇلقى ـ جىلۋىسى ...
گاھى ئۇ شۇنداق تاتلىقكى:
جىنەستە لەۋلەر —
شىرنىسى، ھۇزۇرى، لەززىتى
باردەك...
گاھى ئۇ جاراڭلار كۆڭۈلدە لەرزان،
خۇش كەيىپ تۇيغۇلار چاچقۇچى
ئەۋرىشىم تاردەك ...
گاھى ئۇ، قان قىلار يۈرەكنى شۇنداق:
قايغۇ ـ ئەلەمنىڭ تۈن ـ كېچىسىدە
تەمترەيسەن
يۈرىكىڭنى سىيپىلاپ.
كۈتۈشنىڭ ئېيتقۇسىز قىيناقلىرىدا
ئازابلار روھىڭنى،
قىيما ـ چىمىلاپ ...
گاھى ئۇ ئېزىتقۇ گۇمان دەشتىدە
چاپتۇرۇپ ھەريان،
ئالىدۇ ئەقىل ـ ھوشۇڭنى،
قىينايدۇ مىسالى شەمسى جانانىدەك.①
ۋىژىلداپ قۇم ئۇچقان چۆللەردە
سۆيگۈ قۇشۇڭنى ...
شۇنداق، ئۇ جېنىكى تۇيغۇ شاھلىقى:
كۆيدۈرەر،
كۈلدۈرەر،
ئۆلتۈرەر ...
ئەسىرگە ئېلىپ ...
بىلمىدىم، شۇڭلاشقا قىممەتلىكمىدۇ،
بىلمىدىم، شۇڭلاشقا تاتلىقمىدۇ؟!
بىلىدۇ ھەر ئىنسان
ئۇنىڭ خۇيىنى
سېھىرلىك قەسىرگە كىرىپ ...
ئويلايمەن:
خىيالىم سەنەمدە مېنىڭ،
قاشلىرى قەلەمدە مېنىڭ؟ ...
ھۆرلىقا ياغلىقى ھەمراغا داۋا! ②
شۇنچىلىك چەكسىزمۇ قىينىلىپ ئازاب.
بەختىقۇ،
جەننەتقۇ
كۆرسەڭلا ۋاپا! ...

## خاتىرە تاشتىكى خەتلەر

تىكلەندى بىر قەبرە،
تېخى شىۋاقسىز
بىر قەبرە، كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ قەلبىمگە!
ئورناتتىم خەت چېكىپ خاتىرە تېشى
ياشلىقىم ئىشقىنى كۆمگەن قەبرەمگە:
«بۇ يەردە ياتىدۇ ئاچچىق پۇشايمان،
يېڭىلگەن ياشلىقىم،
ئۆلگەن مۇھەببەت!
ياتىدۇ گۈل بېرىپ گۈل ئالالمىغان،
نەشتەردە تىتىلغان ۋاپا ۋە ھۆرمەت!» ...

ھوشۇر ئىبراھىم

## سىنى ئىزدەپ...

سىنى ئىزدەپ مەلەڭگە، جانان،
ئېقىن سۇدەك ئېقىپ كېلىمەن.
چىمەنلەردىن تىزىپ دەستە گۈل،
كۆكرىكىمگە تاقاپ كېلىمەن.

سىنى ئىزدەپ مەلەڭگە، جانان،
تەلمۈرىمەن، بېقىپ كېلىمەن.
بىز ئۆيىنغان قىرغاقىا قاراپ،
گويا چوغدەك يېنىپ كېلىمەن.

① «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىدىكى مەشۇق ئىسمى، ئۇ ھەر خىل قىينچىلىقلار ئارقىلىق تەمەر شاھـ نىڭ مۇھەببىتىنى سىنايدۇ.

② «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان» داستانىدا، ھەمراجان يەتتە قات ئاسماندىن يىقىلىپ، ھوشىدىن كەتكەندە، ھۆرـ لىقا ئۆز ياغلىقى بىلەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ.

سېنى ئىزدەپ مەلەڭگە، جانان،
شوخ دولقۇنلار ئېتىپ كېلىمەن.
ئىزىڭ چۈشكەن تۇپراققا تامام،
قىزىلگۈللەر چېچىپ كېلىمەن...

ئىزدەپ چىقساڭ دولقۇنلارغا باق،
ساڭا سۆيگۈم دولقۇن ئاتىدۇ.
ياشلىقىمدەك قەلبىمگە تېخى
بىر ئالەمچە سۆيگۈ پاتىدۇ.

دولقۇنلاردىن ئىزدىگىن مېنى،
دولقۇن سىڭگەن تىنىقلىرىمغا.
سۆيگۈڭ بىلەن يۈرەك ئۆرتىنىپ،
شوخلۇق سىڭگەن قىلىقلىرىمغا...

ئاشۇ ۋەجىدىن ۋىسال قۇشىدەك
كۆكتە قانات قېقىپ كېلىمەن.
سېنى ئىزدەپ مەلەڭگە، جانان،
دولقۇن بولۇپ ئېقىپ كېلىمەن!

## بۇلاق بېشىدا

مەن تۇرىمەن سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە
بېلىق كۆزى كەبى بۇلاق بېشىدا.
شىۋىرلايدۇ كۆز شامىلى ھۇشقىرتىپ،
مەن تۇرىمەن بىر تۈپ تېرەك قېشىدا.

ئاي شولىسى بۇلاق ئىچرە چۆمۈلگەن،
ئاقار سۈيى كۆز ياش بولۇپ شىرقىراپ.
بەڭباش شامال ئۈچۈرغان زەر ياپراقلار
ھەسرەت بىلەن ئاقار يىراق،
شىرقىراپ!

ئاشۇ تېرەك - ئاشۇ غوللۇق سۈۋادان،
باھار بىلەن بىخ چىقارغان ياپيېشىل.
ئوينىغانغۇ ئاشۇ بۇلاق بېشىدا
نىگار بىلەن ۋىسال تېپىپ بىر ئىجىل.

شۇ كۈنلەردە نازۇك ھېسلار ئۇلغىيىپ،
نىگار بىلەن ئارزۇيىمىزغا قېنىشقان.
ئاشۇ سايە، ئاشۇ بۇلاق بېشىدا
شوخلۇق بىلەن گۈلخان كەبى يېنىشقان.

مەن تۇرىمەن سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە،
تەنھا كۆڭلۈم تەنھا پېتى قالىدۇ.
مەن قارايمەن قۇرۇپ قالغان ياپراققا،
يۈرىكىمدە ھىجران ئوتى يانىدۇ!

ھەسرەت يېشى كۆزلىرىمدىن سىرغىدى،
ئەسلەپ قايتىپ كەلمەس جۇشقۇن چاغلارنى.
ئۆتتى ياشلىق بىلىندۈرمەي غىپپىدە،
يۈرەكلەردە قويۇپ ھەسرەت - داغلارنى.

ئابلىكىم خېۋىر

## ئۇ دۇنيادىن كەلگەن باغاق

ئامراتلىق، قاشاقلىقتىن جاق تويغان ئەل
تۇش - تۇشتىن ئىسلاھاتنى باشلىغاندا؛
بەز بولغان ئەقىدىلەر تورلىرىنى
ئازاد ئاڭ بىر - بىر چۇۋۇپ تاشلىغاندا؛

قايسى بىر نۇر ئۆتمىگەن بۇلۇڭلاردا
غەۋغاچى بىر ئۇزۇن بەل كاسسا تولغار.
يولۋاسنىڭ بۇرۇتىنى تاقاپ ئېلىپ،
ھەممىگە شالۋاق پۈركۈپ، مۇھىت بۇلغار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قورسىقى تويۇپ قاپتۇ، دېسەكمۇ خوپ،
كەتسەك ھەم شۇ بۇلۇڭغا سالماي نىگاھ.
كەينىڭدىن ماراپ ئېغىز سالار ساڭا،
ئاق كۆڭۈل دوستلار، بولۇڭ ئۇندىن ئاگاھ.

ئاخىرقى ئۈمىدىنى، بۈگۈن ئاخشام
«ئاخىرقى ئەرز»گە يىغىپ يازدى ئۇزاق.
بىر كىمگە كويزا ـ كىشەن پۈتكۈزدى ئۇ،
بىر كىمگە كېسىم قىلدى بەلكى دوزاخ.
سۈبھىدە پۈتتى ئەرزى، كېرىلدى ئۇ،
ئەينەككە قاراپ قالدى خېلى ئۇزاق.
ئەركەك شىر يايلىسىدەك شالاڭ چاچقا
ئاۋايلاپ بىر پەس سىلىپ كۆردى تارغاق.
ئالەمنىڭ ئىشلىرىمۇ قىيىن ئىكەن،
چېچىنىڭ تەڭ يېرىمى تۆكۈلۈپتۇ.
چېچىدەك نۇرغۇن ئەرز، ئىسپات سۇندى،
بىر قېتىم كۈلمەي قەددى پۈكۈلۈپتۇ.
ياق، ئۇمۇ ئۆز ئۆمرىدە كۈلگەن بىر رەت،
ئاتىنى قان قۇسقۇزغان ئاشۇ بىر دەرد...
تەبىئىي ئاپەت بولغان ئاشۇ يىلى،
ئاتىسى ئاچ ئوغلىنى ئويلاپ كۆرۈپ؛
ئېتىزدىن ئۇچتال كۆكباش ئۆزگەنىدى،
كېچىدىن، ئاي، يۇلتۇزدىن سوراپ كۆرۈپ.
ئەتىسى سازايىغا قالدى ئاتا،
ئوغلىچۇ؟ مەيدىسىگە گۈل تاقىدى.
سىنىپتا گۇرۇپپىغا بولدى باشلىق،
نامىمۇ يۇرت ئىچىگە بىر تارقىدى.
ئۆمرىدە شۇ بىر قېتىم سۇنغان ئەرزى،
بېشىغا ئاز ـ پازغىنە سايە سالدى.
كۆپلەرنى ئاتىسىدەك قىلماقچىدى،
چېقىملار...ھەي،پېشكەللىك...قاردا قالدى.
چاچ تۆكۈل ساقالغىمۇ، بۈگۈن قاراڭ،
سانجىپتۇ قېرىلىقنىڭ قوللىرى ئاق.
ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولدى ئۇنىڭ،
غىلىلداپ قالدى بىرجۈپ سارغۇچ مونچاق.

شۇ چاغدا «شىتىر» قىلدى پەنجىرىلەر،
چۆچۈدى، قولىغا ئۇ ئالدى پىچاق.
ئىتتەردى كىمدۇر بىرى قاپقاقلارنى،
تالادىن ئۇچۇپ كىردى بىر تال باغاق.
ئەمەلمۇ، تاڭەي، چەككەن دېرىزىنى،
يا نۇسرەت ئاڭا جىلۋە قىلغىنىمۇ؟
چاقماقلار مىسران قىلىچ سۇنۇپ ئاڭا،
توسقۇنلار باغرىنى قاق تىلغىنىمۇ؟
ئۇزۇن بەل يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى،
ئالدىراپ باغاقنى ئۇ ئالدى يەردىن.
ئۇ دۇنيا ئاۋەتكەن بىر باغاق ئىكەن،
ئۆتكۈزدى ھەممە خەتنى ئۇ نەزەردىن.
ــ ئەبلەخلەر!ــ تىللىدى ئۇ، ــ باغاق يېزىپ،
شۇنچە تېز ئېپ كېتەمسەن بۇ جېنىمنى؟!
مەن ياشقۇ، ئىشلىرىمۇ يۇلتۇزدەك كۆپ،
ئەي خۇدا، ئامان قويغىن، ئامان مېنى!
ئەبلەخلەر ماڭا باغاق ئېپكەلگىچە،
پەريادۇ دادىمغا بىر يېتىشسەڭچۇ؟!
ئاشۇنداق ئۇچۇق كەتسە بولماس كۆزۈم،
بىر ئەمەل بېرىپ ئاندىن كېتىشسەڭچۇ؟!
باراڭنى بوران سوقتى، سۇندى قاپاق،
كالا بار، ئۇنى تېخى سويغىنىم يوق.
چۈشۈمگە ئايان بولدى نەچچە «گۇرۇھ»،
ئۇلارغا تېخىچە ئات قويغىنىم يوق.
ــ كايىماڭ، بىزنى مۇنچە، ئوبدان قاراڭ،
تەكلىپتە قانداق مەزمۇن يېزىلىپتۇ؟
ئاڭلىنىپ دېرىزىدىن غايىپ بىر ئۈن،
تورۇستا بىر ئاق پەردە يېيىلىپتۇ.
بىر گۈزەل كىردى شۇنداق دېرىزىدىن،
سوردى:
ــ قانداق، ئۇ يەر ياقمىدىمۇ؟
ــ ئاستاراق! خوتۇن ئاڭلاپ قالسا ئەگەر،
قاچقۇسى ئەڭ ئاخىرقى ئامىتىممۇ.
ــ كېرەك يوق، ئەتەبىر كۈن ئويلاپ كۆرۈڭ،
مەيلىغۇ ئەتە جاۋاب بەرسىڭىزمۇ.

بۇ دۇنيا سىزگە بەكمۇ بىۋاپاكەن،
ئۇ يەردە تەلدۈر كۈتكەن نەرسىڭىزمۇ.
توققۇز يۈز توقسان توققۇز نامزات ئىدى،
تاللىدۇق، سىزنى ئاخىر لايىق كۆرۈپ.
دوزاختا ئىشلەمسىز يا جەننەتتىمۇ،
تاللارسىز ئۇ دۇنيادا بىر پەس يۈرۈپ.
تەپەككۇر جەھەتتىدە سىزگە جەننەت،
بەك لايىق ئالدىنقى سەپ كۆرۈنىدۇ.
ئۆتكۈر كۆز، چاقماق مېڭە سىزدە باركەن،
خۇدامۇ چوقۇم سىزگە يۆلىنىدۇ.
كۆز بۇياپ جەننەتلەرگە كىرگەن كىشى،
دوزىخى بولغاي سۇنغان ئەرزىڭىزدىن.
خۇداغا ئۇدۇل بارار سۇنغان ئەرزلەر،
پاراسەت بەكرەك ئىشلەر قەھرىڭىزدىن.
يولۋاستەك قەھرىڭىزگە دوزاخ مەيدان،
ئىشلەيدۇ سىزدە بولغان ھەممە ھۈنەر.
ئىنسانلار داد - پەريادى مۇزىكىدەك
قەلبىڭىز قاچىسىغا قۇيار كەۋسەر.
بۇ دۇنيا توغرىلىق كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ،
ئۇ دۇنيا يېتەر سىزگە، قۇچىقى كەڭ.
بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى قانداق قىلاي:
ئىشىمىدىن ھېچ نەتىجە كۆرۈنمەيدۇ.
ھەممىسى بارار، ئاخىر، ئۇ دۇنياغا،
ھەر كىشى ئالدىمىزدا ئۆمىلەيدۇ.
— ئۇ دۇنيا تارتتى زوقۇ رىغبىتىمنى،
ئـۈچ كۈنلۈك مـۆھلەت بېرىڭ، پـەقەت
ئۈچ كۈن.
ئاچامدىن ئالىدىغان ئۆچ بار ئىدى،
بىر چاقاي، ماڭلىيىدىن چىقسۇن تۈتۈن.
— نېمە ئىش؟
— مەندىن مىراس تالاشتى ئۇ،
سوتقىلا بىر ئەرز سۇناي دېگەنىدىم.
ھارامدىن تاپقان مەخپىي بالىسىغا،
مەن كۆپ يىل ئاتا بولۇپ كەلگەنىدىم.
مىراستا قىلچە ھەققى يوق ئۇنىڭكى،
ئەنجۈرلۈك باغقا پاتماس چىشى پەقەت.
سوتتا بىر رەسۋا قىلاي دەيمەن ئۇنى
بوينىغا ئەسكى كەشنى ئېسىپ بۇ رەت...

* *

ئۇ دۇنيا، ئۇندا ساڭا تىنچلىق يوق،
قالىدۇ ئىشسىز مۆنكىر - نېكىرلىرىڭ.
ئەزرائىل، قۇۋۋۇق چۈشەر بوينۇڭغىلا،
دوزاخسىز كۆيەر، جەننەت، ئەركىلىرىڭ.
ئەي، خۇدا، سەنمۇ بىر كۈن جىق دېلودىن
تۆزىتىپ يۈرەرسەنمۇ ئـۇۋۋاللىقنى؟
كىم كەتتى، ساڭا بىزدىن بىلسەڭ ئىدىڭ،
ئۇ دۇنيا ئاز كۆرەتتى زاۋاللىقنى.
ئەي، خۇدا گەر ئۈستۈڭدە بىراۋ بولسا،
بىر كۈنى سېنىمۇ ئەرز قىلىدۇ ئۇ.
گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ، كۆرۈپ باققىن،
بار شۇملۇق، زۇغۇيلۇقنى بىلىدۇ ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سەھەرلىقلار

(پوۋېست) ①

ئالىمجان ئىسمايىل

6

قوشبۇلاققا قىش ناھايىتى تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى. ئۇدا ئىككى كۈن يامغۇر يېغىپ ئاخىرى قارغا ئايلىنىپ كەتتى. قار بىلەن كىرگەن سوغۇق دېھقانلارنىڭ ئېتىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى زىرائەتلىرىنى ئۈششۈتۈپ ياتقۇزۇۋەتتى. ئېرىقلاردىكى سۇ يۈزىدە نېپىز بىر قەۋەت مۇز پەيدا بولدى. يامغۇر، قار بىلەن پاتقاققا ئايلانغان يوللار ئەمدى توڭلاپ چۆيۈندەك قېتىپ كەتتى. قار توختىشى بىلەنلا جاڭگالساي تەرەپتىن ئاچچىق شىۋىرغان سوقۇپ، قوشبۇلاقنى زىمىستانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. كۆۋرۈك بېشىدىكى «پارك مەركىزى» مۇ چۆلدەرەپ قالدى. قوشبۇلاقنىڭ ئەركەكلىرى ئەمدى ئېشەك ھارۋىلىرىنى قېتىپ جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىشكە، ئۇن تارتىش ئۈچۈن تۈگمەنگە مېڭىشقا تۇتۇش قىلىشتى.

دېھقانلارنىڭ كۈنى مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئۇلار يازدىچە ئالدىرىدى، ئىرمىشىپ - ئىرمىشىپ يەرگە تەر تۆكتى. ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي، ئۇيقۇسىغا قانماي قارا يەرگە قادىلىپ تۇرۇپ ئىشلىدى. ئەمدى ئۇلارغا ھاردۇق يەتتى، يازدىچە يىغقانلىرىنى كاڭنىڭ ئىسسىق بوغىزىدا يېتىپ يەيدۇ، ماغدۇر يىغىدۇ. ئەتىيازلىقتا كۈن ئىللىشى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ تىنىماس جاپالىق تۇرمۇشى يەنە باشلىنىدۇ. شۇنداق ئىشلەپ ياشلار قېرىيدۇ، باللار چوڭ بولۇپ قېرىلاردىن ئېتىز ئىشىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ خۇددى تاماقتىن كېيىنكى دۇئادەك ئادەتكە ئايلانغان ئىش. قوشبۇلاقلىقلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ شۇنداق ياشاپ دۇنيادىن

«تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئۆتكەنىدى. لېكىن سانىخان ئەجدادلارنىڭ ئىزىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ پەشنى قېقىپ، ھەممىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش قوشبۇلاقتىكى يانلارنى قاتتىق ئاۋرىتىۋەتتى. قوشبۇلاقتا ھەپتە - ئون كۈنگىچە مۇشۇ ھەققتە پاراڭ بولدى.

سانىخاننىڭ شەھەردە قېلىشى كېرەمگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى دەسلەپ ئاڭلىغاندا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە ھەر تۈرلۈك ئويلار كېلىشكە باشلىدى. «ھېلىقى غىتجەككە تەگكەندۇر بەلكىم، بولمىسا ئۇنىڭغا تەييار تۇرغان خىزمەت نەدىكەن؟... ياكى پولات ئۇنىڭغا خىزمەت تېپىپ بەرگەنمىدۇ؟ كىم بىلىدۇ، بىرەر كادىرنىڭ بالىسىنى بېقىۋاتقان بولسا شۇنىمۇ خىزمەت دەپ ماختىنىپ خەت يازدىمۇ؟...نېمە بولسا بولامدۇ...ماڭا دېسە ھاكىم بولۇپ كەتسۇن، مېنىڭ نېمە كارىم...».

كېرەم سانىخاننى ئۇنتۇپ كېتىشكە نەچچە قېتىملاپ ئىچىدە قەسەم قىلدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنى تىللايتتى. «سانىخان خەتنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنى نېمىشقا ئويلاۋېرىمەن؟ جاھاندا قىز تۈگەپ قالغاندەك...» ئۇ مەھەللىدىكى قىزلارغا سەپسېلىپ باقتى، لېكىن ھېچكىممۇ ئۇنى سانىخاندەك ئۆزىگە تارتالمايتتى. سانىخان شەھەرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، كېرەمنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرىگە ئازراق تۇغقان كېلىدىغان ئىمىن مىراپنىڭ قىزىنى كېرەمگە لايىق تاپقانىدى. بۇ قىز باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى، قىز تەرەپمۇ بېرىشكە رازى بولۇشقانىدى، لېكىن كېرەم ئۇنىماي تۇرىۋالدى.

كېرەم ھاراق ئىچىپ غەۋغا چىقارغاندىن كېيىن، بىر ھەپتىگىچە تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى. ئۇ ئورۇقلاپ خۇددى نەچچە ئاي كېسەل تارتقان ئادەمدەك بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى خۇش خۇي مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ جىمغۇر بولۇۋالدى. ئۇ بەزىدە ئادەم يوق چاغلاردا دۇكانغا كىرىپ بىر نەچچە ئوتلام ھاراق ئىچىۋېلىپ، قوم دۆڭلىرىگە چىقىپ كېتەتتى ۋە كۆز يەتمەس جاڭگالنىڭ يىراق چەتلىرىگە سائەت - سائەتلەپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۇ دەسلەپتە خۇداگويى زاھىتلاردەك ئادەملەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. مەدەنىيەت ئۆيى تەرەپكىمۇ ئاياغ باسمىدى. ئۇ پەقەت سانىخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتاتتى. كېرەم «ئەمدى ئۇنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، نېمە قىلىۋاتقىنىنى قۇلىقىممۇ ئاڭلىمىسۇن» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن سانىخاننىڭ شەھەرگە كەتكىنىنى ئاڭلىغاندا نېمىشقىدۇ يۈرىكى ئېچىشىپ، قاتتىق بىئارام بولدى، ئازاب چەكتى. ئۇ سانىخاننى ئۇنتۇپ كېتىش، كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. كېرەم ئۆز ئۆزىدىن بوغۇلۇپ يۈرگەن كۈنلەردە «دۆلەتنىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دېگەندەك، بەزىلەر ئۇنىڭ سانىخاننى قولدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى دارىتمىلاپ مەسخىرە قىلدى. كېرەم دەسلەپ ئاچچىقىنىڭ دەستىدە ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغۇدەك بولدى،

كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ، كۆپ ئويلايدىغان بولدى. ئۇ، سانىخاننىڭ نېمە
ئۈچۈن ئۆزىنى ياراتمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى پولات بىـ
لەن سېلىشتۇرۇپمۇ كۆردى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئاشۇ شەھەرلىكتىن نەرى كەم. بەش ئە ـ
زاسى ساق، يولۋاستەك كۈچى بار، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىقتىسادىي جەھەتتە قوش ـ
بۇلاقلىقلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالايدۇ. سانىخاننى پۈتۈن كىيدۈرۈپ، يېگۈزۈشكە
قۇربى يېتىدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ دېھقان بولغانلىقى، ھېلىقى شەھەرلىكتەك ياسىنىپ
يۈرۈشنى بىلمەسلىكى گۇناھمۇ؟ سانىخان ئۆزىمۇ دېھقان قىزىغۇ؟...ياق، سانىخاندا
گۇناھ يوق، بەلكىم ئوقۇغان ئادەم شۇنداق بولسا كېرەك، توغرا، ئۇن يىل ئوقۇپ
كۆزى ئېچىلدى ـ دە، بەلكىم، ئەمدى دېھقان بولۇشنى خالىمايدىغاندۇ...

نېمىشقىدۇر كېرەمنىڭ كۆز ئالدىدىن سانىخاننىڭ قىياپىتى زادىلا نېرى بولمايت ـ
تى. ئۇ قانچە ئويلىماي دېسىمۇ كۆڭلى ئىختىيارىغا بويسۇنمايتتى. ئۇ ئەمدى سانىخان ـ
نى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇ قانچىلىك ئەلەم قىلمىسۇن، ئۇنى كۆڭلىدىن
چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئېنىق سېزىشكە باشلىدى. سانىخان كېتىۋىدى، يېزىمۇ چۆلدەرەپ
قالغاندەك سەت كۆرۈنگىلى تۇردى. ھەممە نېمە مەنىسىز تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭمۇ يىراق
بىر ياقلارغا كېتىپ، كاللىسىنى سەگىتىپ كەلگۈسى كېلەتتى. «قانداق قىلاي؟ ـــ
دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدە يىراقلارغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇپ، ـــ
سانىخاننىڭ كەينىدىن شەھەرگە بېرىپ باقايمۇ؟ ئۇ چاغدا سانىخان بۇ رودىپايىدىن
ئەجەپمۇ قۇتۇلالمىدىم، دەپ مېنى تېخىمۇ يامان كۆرۈپ قالامدۇ؟ ياق، ياق، ئۇنداق
قىلسام ئۆزۈمنى پەستلەشتۈرۈپ قويغۇدەكمەن. ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان،
مەن بولسام ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك، لېكىن
نېمە قىلسام بولار؟ سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن دەسمايە كېرەك، نېمە ئىش قولۇمدىن
كېلىدۇ مېنىڭ؟...»

كېرەم بىرنەچچە كۈنگىچە ئويلاندى، لېكىن قوشبۇلاقنىڭ ئۆزىدە بىرەر ئىش قىلىش ـ
نىڭ يولىنى تاپالمىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشى گاراڭ، كۆڭلى غەش بولۇپ كەت ـ
كەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ دادىسى تىككەن جۇۋۇلارنى سېتىش ئۈچۈن ھازىرقى يېزا
مەركىزى بولغان قاراسۇغا بېرىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىنىگىمۇ بىرەر يىل ـ
دىن ئاشقانىدى. ھازىر قاراسۇ باشقىچىلا ئاۋات بولۇپ كەتكەنىدى، شەخسىيلەر يېڭى ـ
دىن بىرمۇنچە ئاشخانىلارنى ئاچقان، سودىگەرلەر كىچىك ياغاچ ئۆيلەرنى ياساپ، رەڭگا
رەڭ ماللارنى تىزىۋەتكەنىدى. بازاردا ئاشلىقتىن تارتىپ يۇڭ ـ تېرىگىچە ھەممە
نېمە بار ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ كېرەمنىڭ كۆزى تورلاشتى. ئۇ ئەكەلگەن جۇۋۇلىرىنى
جۇۋا بازىرىغا ئەكېلىپ يايدى. لېكىن ئۇنىڭ جۇۋۇلىرىغا تۈزۈك بىر خېرىدار چىقمىدى.
ھازىر بۇنداق كۆرەك جۇۋىغا ھېچكىممۇ قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى. نامازدىگەر مەزگى ـ
لى بولغاندا ئۇنىڭ قېشىغا ئىلگىرى تراكتور پونكىتىدا زاپچوز بولۇپ ئىشلەيدىغان
تونۇشى يۈسۈپ كېلىپ قالدى.

ـــ ھوي، كېرەممۇ سەن؟ ـــ دېدى ئۇ كۆرۈشۈپ، ـــ سەنمۇ تىجارەتچى بولۇپ
كەتتىڭمۇ نېمە؟

كېرەم يۇسۇپنى ئاران تونۇدى. يۇسۇپ ئۈستىگە كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ غەلىتىلا ياسىنىۋالغانىدى. قولىدا بېغىشىغا ئۆتكۈزۈۋالغان قارا خۇرۇم سومكا بار ئىدى.

— ھە، جۇۋىلارنى قانداق سېتىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ كېرەمنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆتەكتە ئولتۇرۇپ.

— 40 كوي.

يۇسۇپ جۇۋىلاردىن بىرىنى ئېچىپ كۆردى. يۇڭلىرىنى قولىدا قايرىپ قاردى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ئېست تېرە، — دېدى ئاخىرى ئۇ، — ھارام قىلىۋېتىپسىلەر ـ دە، سەن جۇۋىچىلىق قىلىۋاتامسەن؟

— ياق، دادام قىلىدۇ.

— تېرىدىن يەنە بارمۇ؟

— دادامنىڭ يىغىپ قويغانلىرى بار...

— ماڭا قارا كېرەم، — دېدى يۇسۇپ ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈلۈپ، — بۇ جۇۋىلىرىڭ پۇلغا يارىمايدۇ. تېرىنى بىكارلا نابۇت قىلىپسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە تېرە پېتى مەن ئالاي، قانچىلىك تېرە تېپىپ بېرىسەن؟

— تېرىلەرنى نېمە قىلىسەن؟ — قىزىقتى كېرەم.

— پۇل بولىدىغان يەرگە ئاپىرىمەن، — يۇسۇپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، — يا بولمىسا ئىككىمىز شېرىكلىشەيلى، يۆتكەيدىغان ماشىنا مەندىن. ھازىرچۇ تېرە، يۇڭ دېگەن بازىرى تېز مال، نەچچە ھەسسە پايدا ئالغىلى بولىدۇ. ھە، راست، قوشبۇلاقتا چارۋا جىققۇ، تېرىلەرنى يىغىپ قويامسەن، ماشىنا ئېلىپ باراي، يۇڭ، تىۋىت بولسا تېخىمۇ ياخشى.

— مېنى شېرىك قىلامسەن؟ — كېرەم بىر دەم ئويلاپ بىر قارارغا كەلدى.

— سەنمۇ تىجارەتچى بولاي دەپسەن ـ دە، ماقۇل بىللە قىلايلى، — يۇسۇپ دەرھال ماقۇل بولدى، — قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ، يۈرە، ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى، جۇۋىلىرىڭغا ماۋۇ ئادەم قاراپ قويىدۇ.

ئۇلار جۇۋىلارنى بىر سېتىقچىغا ھاۋالە قىلىپ تاپشۇرۇپ قويۇپ ئاشخانىغا كىرىشتى. كېرەمنىڭ راستىنلا قورسىقى ئاچقانىدى. تاماق يېگەچ يۇسۇپ ئۆزى توغرىلىق، ئۇرۇمچى، ئىچكىرىلەردە قىلغان سودىلىرى، سودىگەرچىلىكنىڭ ئېپى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى.

— بەزىدە دېھقان بىچارىلەرگە قاراپ ئىچىم سېرىلىدۇ، — دېدى يۇسۇپ، — مانا، سەنمۇ دېھقان، ئالتە ئاي ياز ئىشلىدىڭ، ئىسسىقنى ئىسسىق، سوغۇقنى سوغۇق دېمىدىڭ. كۈزدە ئالىدىغىنىڭ ناھايىتى ئون تاغار ئاش، يىغىپ كەلسەڭ بىرەر مىڭ كويلۇق ئوقەت، ئەگەر سودىگەرچىلىكنىڭ ئېپىنى تېپىۋالساڭ، بىرەر مىڭ كوي دېگەننى بىر ھەپتىدىلا تاپىسەن، پەم كېرەك، پەم...

كېرەم قاراسۇدىن تاتلىق ئۈمىدلەر بىلەن قايتىپ كەلدى ۋە ئاخشىمى دادىسىغا مەسلىھەت سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ سەن؟ — توختى كۆنچىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى، — ساڭا سودىگەرچىلىكنى كىم قويىدى؟ ئىچىڭ پۇشقان بولسا جۇۋۇچىلىق قىل، ئاتا كەسپىڭنى تاشلىما. ئوغۇل بالا دېگەنگە ھۈنەر ئەسقاتىدۇ.

— ھازىر جۇۋا بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، ئەنە، ئالتە ئاي ياز تىككەن جۇۋىلىرىڭىز ئاران 200 كويغا ياردى.

— شۇنچىلىك پۇلغا يارىسا بولدى ئەمەسمۇ، ئىككى يۈز كوي ئاز پۇلمۇ؟

— سودىگەرچىلىك قىلسام ئۇنچىلىك پۇلنى بىر كۈندە تاپىمەن.

— كۆرسىلە بۇنى، — توختى كۆنچى زاڭلىق قىلىپ كۈلىدى، — سودىگەرنىڭ ئالدىغا پۇلنى چېچىپ قويىدىكەن - دە؟ كىمنىڭ بىكار قالغان پۇلى باردۇ؟ نەدىكى شەيتاننىڭ گېپىگە كىرمەي تىنچقىنا ھۈنەر ئۆگەنگىنە...

— ياق دادا، سودىگەرچىلىكنى بىر قىلىپ باقاي، بولمىسا كۆڭلۈم زادىلا ئارام تاپمايدۇ، — دېدى كېرەم دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. «بۇ بالا يېقىندىن بۇيان باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتىدۇغۇ؟ — دەپ ئويلىدى دادىسى، — ئانىسى دېگەندەك راستىنلا جىن چېپىلغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟» توختى كۆنچى ئوغلىنى موللا تېپىپ بىر ئوقۇتۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

قوشبۇلاقتا ئەزەلدىن تېرە، يۇڭ ساتىدىغان ئادەت يوق ئىدى. ئۇلار تېرىلەرنى جۇۋا قىلىپ كىيىشەتتى ياكى تاسما قىلىپ ئىشلىتەتتى، يۇڭلارنى بولسا ئاياللار توپال ئىگىرىپ پالاس توقۇشاتتى، كىگىز بېسىشاتتى. ئۇلار كېرەمنىڭ پۇلغا سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تېرە، يۇڭنى ئەكىلىپ توشقۇزۇۋېتىشتى. ئۇلار باھامۇ قويۇشمىدى. دېھقان ئۇچۇن چاي - تۇزغا چۇشلۇق پۇل بولسىلا رازى بولۇشاتتى. كېرەم بىر ھەپتىگە قالمايلا بىر ماشىنا توشقۇدەك تېرە، يۇڭ ھەتتا تىۋىتمۇ يىغدى. يۈسۈپ بۇلارنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتمايلا قالدى.

— ئەگەر مۇشۇلارنى ساق - سالامەت جايىغا يەتكۈزۈپ سۇ قىلىۋالساق، بىر يىللىق دېھقانچىلىقنىڭ كىرىمى چىقىدۇ، — دېدى يۈسۈپ قانائەتلەنگەن ھالدا.

— بۇنى ساتقۇزامدۇ؟ — كېرەم ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— تېرە بىلەن يۇڭنى قاتتىق تۇسايدۇ، لېكىن ئامالىنى قىلىمىز، خاتىرجەم بول، — دېدى يۈسۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويۇپ، — ھەممىدىن تىۋىتنى يىغىپ ياخشى قىپسەن، يەنە تاپقىلى بولامدۇ؟ جىقراق بولسا ئىچكىرىگىلا ئاپىرىمىز.

— مەن يەنە ئىزدەپ باقاي، تاپقىلى بولىدۇ.

— ئەمىسە، مەن ئۆگۈنلۈككە ماشىنا ئېلىپ كېلىمەن، تەييار بولۇپ تۇر، بولامدۇ؟

توختى كۆنچىنىڭ چىرايلىق نەسىھەتلىرى، تىللاپ پوپوزا قىلىشلىرى كېرەمگە كار قىلمىدى، ئۇ تەلىيىنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولغانىدى. كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامالىلىق بىر تاڭ سەھەردە كېرەم بىر ماشىنا يۈكنى بېسىپ قوشبۇلاقتىن يولغا چىقتى. ئۇ قوشبۇلاق تارىخىدىكى تۇنجى سودىگەر ئىدى. سانىخاننىڭ قوشبۇلاقنى تاشلاپ كەتكەنلىكى پۈتۈن مەھەللىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان بولسا، كېرەمنىڭ بۇ «ئەخ-

مەق» لىقى بۇ خىلۋەت يۇرتنى زىلزىلىگە سالغان يەنە بىر يېڭىلىق بولۇپ، نەچچە كۈنگىچە بارلىق ياش - قېرىنىڭ سۆھبەت مەركىزىگە ئايلاندى.

7

سانىخان مەلىكەنىڭ زورلىشى بىلەن ئون كۈندەك دەم ئالدى. مەلىكەنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسى ئۇنى سوقۇر ئۈچەيىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان دەپلا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار سانىخاننىڭ تۇرۇشىغا زادىلا يول قويمايتتى. سانىخان بولسا ئىتتىكرەك خىزمەتكە چۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

— خىزمەت قاچمايدۇ، قىزىم، — دەيتتى مەلىكەنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا، — تەن ساقلىق ئەۋزەل. سىلەر ياشلار ئېرەڭشىمەيسىلەر، كېيىن ياش چوڭ بولغاندا دەردىنى تارتىسىلەر. خىزمىتىڭىزگە ئالدىراپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇ يەرنىڭ باشلىقى سالىم ئاخۇننىڭ ئىنىسى، ئۆز ئادەم. ئاۋۋال ساقىيىڭ...

بۇ مېھرىبان كىشىلەرنىڭ كۆيۈمچانلىقى سانىخاننى بىر تەرەپتىن خاتىرجەم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئازابلايتتى. ئۆيدىكىلەر ئىشقا كەتكەندە ئۇ يوشۇرۇنچە يىغلاۋالاتتى. ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىكى، ئەخمەقلىقىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ھەققىدە ئەنسىزلىك، بىئاراملىق بىلەن خىيال قىلاتتى. ئەمدى ئۇنى قانداق تەقدىر كۈتۈۋاتىدىكىن؟ توغرا، ھازىر ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلغان بىر ھاياتقا قەدەم قويدى. ئۇ بۇ ھاياتقا ماسلىشالارمۇ؟ تۇرمۇش ئۇنى يەنە ئالداپ كەتمەسمۇ؟ ياق، ياق، ئۇ بىر قېتىم كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇرنىغا يېدى، موللا بولدى. ئەمدى ئەر كىشى زاتىغا قاش كۆتۈرۈپ قارىمايدۇ، پەندىيات... ئەمدى ئۇ پۈتۈن زېھنىنى كەسپىگە بېغىشلايدۇ. تەلەيسىزلىك ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈپ قويۇلمىغاندۇ. ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ بولسا، ئونبەشى ئايدىڭ، دەيدىغۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ كەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس. بەلكى مۇشۇ پېشكەللىك يۈز بەرمىگەن بولسا ئۇ شەھەرگىمۇ تەۋەككۇل قىلىپ كىرمىگەن، ئاشۇ قوشبۇلاقتىن ئىبارەت تار قەپەستە ئۆمرى ئۆتۈپ كېتكەن بولاتتى.

سانىخان بۈگۈن ئۆزىنى ساقتەكلا ھېس قىلدى. ھەممەيلەن خىزمەتكە كەتكەندىن كېيىن باش - كۆزىنى يۇدى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. ئاندىن ئۇ ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز تۇرقىغا تۇنجى قېتىم نەزەر سالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ قان دىدارى قالمىغان، ئەمما بۇرۇنقىدىن ئاقىرىپ سۇزۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقىدىن خېلىلا ئورۇقلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئىككىگە ئايرىپ ئۆرۈۋالغان چاچلىرى ۋە ئۇچىسىغا كىيگەن سەھراغا لايىق كىيىملىرى ئۇنى بەئەينى چوڭلا ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى، سانىخان ئۆزىنىڭ سەت ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتى، ئەمما بۇ كىيىملەر ئۇنى كۆرۈمسىز قىلىۋېتكەنىدى. بەلكىم پولات ئۇنىڭ مۇشۇنداق تۇرقىدىن خىجالەت بولۇپ قاچتىمىكىن؟...

www.uyghurkitap.com



دالاندا مەلىكەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ھايال ئۆتمەي ھولۇققان ھالدا ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ يۈزى ئالمىدەك قىزارغان، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى بىرەر يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلگەندەك تۇراتتى.

— تۇرۇۋاپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ قوللىرىنى ئۇگۇلاپ تۇرۇپ، — زېرىكىپ كەتتىڭ ھە؟ ئەتە دەم ئالىدىغان بولدۇم، خۇدايىم بۇيرۇسا، سېنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ ئوينىتىپ كېلىمەن، بولامدۇ؟

سانىخان كۈلۈپ بېشىنى ئېغىتتى.

— باياتىن ئىشتىن كېلىۋېتىپ پولاتنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى مەلىكە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — قارىسام، غادىيىپقىنا كېتىۋاتىدۇ. قانداق قىلىدىكىن دېمەمسەن، ئالدىنى توسۇۋېلىپ تازا تىللىدىم. سانىخان سېنىڭ باشلىقىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن دەپ يۈرىدۇ، دېسەم قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سېنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ، يېزىڭغا قايتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. مەن بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم، ئەمما سېنى بىر تۇغقىنىڭكىدە تۇرۇۋېتىپتۇ دەپ قويدۇم. قاراپ تۇر، ئۇ نەچچە كۈن تاماق يېمەيدۇ ئەمدى. ئەتە ـ ئۈگۈن سەن سەل ماغدۇرىڭغا كېلىۋالغاندىن كېيىن مەن سېنى ئۇنىڭ ئىدارىسىگە ئاپىرىمەن، ئىدارىسى بىلىپلا قالسا چوقۇم چارە كۆرىدۇ...

سانىخاننىڭ چىرايى غەمكىنلەشتى.

— مەلىكە، — دېدى ئۇ ئاستا، — بولدى ئاداش، بۇ ئىشنى ئەمدى كوچىلىمايلى.

— نېمىشقا؟ — مەلىكە ئەجەبلەندى، — بار زىيانىنى سەن تارتساڭ، ئۇ غوجام غەم تارتماي يۈرۈۋەرسە بولامدۇ؟ بۇ قېتىم ئۇنىڭغا تازا بىر جاجىسىنى بەرمىسەك يەنە بىرمۇنچە قىزلارنىڭ بېشىغا چىقىدۇ، ئۇ نوچام...

— جېنىم ئاداش، ئۇنىڭدىمۇ گۇناھ يوق، ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە، — سانىخاننىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى.

— سېنى ئالداپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئويلاپ باق، سەن نېمىدىن ئايرىلدىڭ بىلەمسەن؟ بىز قىزلارچۇ مۇشۇنداق قىلىپلا زىيان تارتىمىز...

— مەلىكە، — سانىخاننىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — مەن خۇش بولاي، ئەمدى شۇ گەپلەرنى قىلمىساڭ، بولمىسا يېزىغا قايتىپ كېتىمەن...

— بوپتۇ، بوپتۇ، توۋا مانى... — مەلىكە بوشاشتى.

كەچتە ئۇلار تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ ئۇخلىغىلى يېتىشتى. لېكىن سانىخاننىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، بۈگۈن مەلىكە دەپ بەرگەن گەپلەر ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالغانىدى. «مەن پولاتقا نېمىشقا ئىچ ئاغرىتتىم؟ — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە، — دەرۋەقە، ماڭا ئۇ ئاز ئەلەم قىلدىمۇ؟..مەلىكە توغرا دەيدۇ، مەن ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمدىن ئايرىلدىم، خارلاندىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن پولاتنى سوتلىتىۋېتىسەممۇ ئۆچۈم چىقمايدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىپ نېمىگە ئېرىشىمەن؟ يوقاتقان نەرسەم قايتىپ كېلەمدۇ؟ ياق، ئەكسىچە ئۆزۈمنى سازايى قىلىمەن، كىشىلەر مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ،

خالاس. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈمگە زىيان ئەمەسمۇ؟ بولدى. ئۆتكەن ئىش كەتتى، ئەمدى بۇ جاراھەتنى كوچىلىماسلىق كېرەك. پولاتمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسۇن...»

سانىخان ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ يېنىكلەپ قالدى.

ئەتىسى چايدىن كېيىن ئۇلار شەھەر ئايلىنىشقا جابدۇندى. بۈگۈن سانىخان ئۆزىنى خېلى يېنىك، ئازادە ھېس قىلدى، ئۇ خۇددى تويغا ماڭغان ئاپىسىغا ئەگەشكەن كىچىك بالىدەك ھاياجانغا چۆمگەنىدى.

— يېڭى كىيىملىرىڭنى كىيۋال، — دېدى مەلىكە ئۇنىڭغا. سانىخان سومكىسىدىكى كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كىيىپ كۆردى، لېكىن مەلىكە بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ياراتمىدى.

— قويغىنا ئاداش، بۇنداق كىيىملەرنى ھازىر شەھەردە ھېچكىم كىيمەيدۇ. توختاپتۇر، — مەلىكە ئىشكاپنى خېلى ئۇزاق ئاختۇرۇپ بىر يۈرۈش گۈللۈك يۇڭ كىيىمنى تېپىپ چىقتى، — ماۋۇنى كىيىپ باققىنا، ماڭا سەل ئۇزۇن كېلىپ كىيەلمىگەنىدىم.

سانىخانىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ بۇنداق ئېسىل كىيىمنى ئۆمرىدە كىيىپ كۆرمىگەنىدى.

— ساڭا قۇيۇپ قويغاندەكلا كەلدىغۇ بۇ، — مەلىكە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىگە ئۆتۈپ زوقلاندى، — «ئادەم سەتى يوق، كىيىم سەت...» دېگەن گەپ راست ئىكەن، توۋا، چىرايىڭ باشقىچىلا ئېچىلدى، مانا. لېكىن چېچىڭنى مومايلاردەك چاپلاپ تاردىۋالىدىكەنسەن... بۇ دەۋرە قىلدۇرۇۋەتمەيلىمۇ، شۇنداق قىلساق تازا يارىشىدۇ.

— قويغىنا ئاداش، مەن دېگەن سەھرالىق تۇرسام...

— سەن ئەمدى شەھەرلىك بولدۇڭ. شەھەرگە لايىق يۈرسەڭ بولىدۇ، ھە راست، مۇشۇ سانىخان دېگەن ئىسمىڭنىمۇ مەن ياراتمايمەن، ئۆزگەرتىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— نېمە دەپ ئۆزگەرتىمىز؟ — سانىخان قىزىقىپ سورىدى. مەلىكە لېۋىنى چىشلىگىنىچە بىردەم ئويلىدى.

— مەسىلەن، خان دېگەننى ئېلىۋېتىپ «سانىيە» دېسەك بولىدى ئەمەسمۇ، — مەلىكە ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدىن خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىۋەتتى، — توغرا، ئىلگىرىكى سانىخان ئەمدى يوق، سەن يېڭى ئادەم بولدۇڭ، ئەمدى سانىيە دەيمىز سېنى.

سانىخانىنىڭ ئىسمى ئۆزىگىمۇ يارىمايتتى، دوستىنىڭ بۇ دىتىغا ئۇمۇ قايىل بولدى.

ئۇلار ياسىنىپ چىققاندا كۈن چۈش بولاي دېگەنىدى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە بۈگۈن كۈن ئوچۇق ئىدى. دېكابىرنىڭ باشلىرى بولۇشىغا قارىماي ھاۋا يەنە ئىللىق ئىدى. شەھەرنىڭ ئازادە كوچىلىرى، قەۋەت - قەۋەت بىنالار قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. سانىيە بۇ كىيىملەردە زادىلا قولىشالمىغاندەك، ئېگىز پاشنىلىق توفلىدا پۇتى قايرىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئوڭايسىزلىناتتى. مەلىكە ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنى قولتۇقلىۋالدى:

— ھېچقىسى يوق، دەسلەپ شۇنداق بىلىنىدۇ، بىردەمدە كۆنۈپ قالىسەن.

سانىيە ئەتراپىغا ئەجەبلەنگەن ھالدا قارايتتى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇ

www.uyghurkitap.com



شۇنى ھېس قىلدىكى، شەھەرنىڭ ئادەملىرى، بولۇپمۇ قىزلار ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ خۇددى بايراملاردىكىدەك چىرايلىق ياسىنىپ يۈرىدىكەن، غەلىتە - غەلىتە كىيىملەرنى كىيىپ، ئايىماي پەدەز قىلىدىكەن، كۆپكۆرۈندۈزى قىزلار يىگىتلەرنى قولتۇقلاپ، گېرە سېلىشىپ ماڭىدىكەن. ئۇلارغا ھېچكىممۇ زەن سالمايدىكەن. توۋا، ئەگەر قوشبۇلاقتا قىز - يىگىتلەر شۇنداق ماڭىدىغان بولسا مەھەللىنىڭ پۈتۈن بالىلىرى ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشى، خوتۇن - قىزلارنىڭ بۆلۈك - بۆلۈكلىرىدا غەيۋەت قىلىشى تۇرغان گەپ. توۋا، شەھەر دېگەن ئەركىن دۇنيا ئىكەن ...

— مانا، كېلىپ قالدۇق، — دېدى مەلىكە چىرايلىق ئاياللارنىڭ رەسىملىرى چاپلانغان ئەينەكلىكنىڭ بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا توختاپ:

— نەگە كەلدۇق؟ — سانىيە تېڭىرقاپ سورىدى.

— ساتىراشخانىغا.

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسەن؟

— ماقۇل دېگىنە. ئەمدى بىراقلا شەھەرلىككە ئوخشىغىن، — مەلىكە ئۇنىڭ تارتىنىشقىنىغا قويماي ساتىراشخانىغا ئىتتىرىپ ئەكىردى. ساتىراشخانىنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي ئاياللار بىلەن تولغانىدى. بىرسىنىڭ بېشىغا بىرەر يۈزدەك قىسقۇچنى ئېسىۋەتكەنىدى، يەنە بىرسىنىڭ بېشىغا بولسا قوم قازاندەك تۆمۈر قالپاقنى كىيگۈزۈپ قويغانىدى. سانىيە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ياش ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدە «توۋا» دەپ قويدى. مەلىكە ئەڭ چەتتىكى ياشقىنە بىر خەنزۇ ساتىراش قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇ قىز بۇرۇلۇپ ھودۇقۇش، تارتىنىش بىلەن قىزىرىپ تۇرغان سانىيەگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى - دە، يېنىدىكى ئورۇندۇقنى شەرەت قىلدى.

— بەك ئوبدان بۇدۇر قىلدۇ، — دېدى مەلىكە ئۇنى ساتىراش كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا تارتىپ، — نېمانداق تىترەيسەن، مۇزلاۋاتامسەن؟

— ياق، قورقۇۋاتىمەن.

— ئەخمەق، نېمىدىن قورقىسەن؟

سانىيە بىر سائەتتىن كېيىن قىزارغان، تەرلەپ پىشقان ھالدا ساتىراشخانىدىن چىقتى. ئۇنىڭغا ساتىراش خۇددى چېچىنى سىيرىپلا چۈشۈرۈۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ، ھە دەپ بېشىنى تۇتۇپ كۆرەتتى، گويا كوچىدىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بېشىغا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. مەلىكە بولسا ھە دەپ ئۇنىڭ چېچىنى ماختايتتى:

— مەن دېمىدىممۇ، مانا، تازا ياراشتى. چىرايىڭ ۋاللىدە ئېچىلدى. ئەگەر يىگىت بولغان بولسام سېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇڭغىلا كۆيۈپ قالغان بولاتتىم. راست، ۋىيەي ساراڭ، ئەجەب چىمدىدىڭغا، — مەلىكە بىلىكىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئۇھ تارتتى، — خۇدايىم ماڭا نېمىشقىمۇ تۈزۈك چىراي بەرمىگەندۇ، سېنىڭ چىرايىڭنىڭ يېرىمىنى بەرگەن بولسىمۇ كاشكى ...

ئۇلار يەنە بىرەر سائەتتەك كوچا ئايلىنىپ ئۆيگە قايتتى. ئۆيدە مەلىكەنىڭ

ئاپىسى بار ئىكەن، ئۇ سانىيەنىڭ چېچىغا زوقلىنىپ قاراپ قويدى.

— پاھ، ئەمدى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، قىزىم، — دېدى ئۇ سانىيەنى ماختاپ. ئاندىن كېيىن مەلىكەگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — رىسالەت سىزنى چاقىرغىلى كەلگەنىكەن. بۈگۈن مېھمان چاقىرغان ئوخشايدۇ، سانىيەنىمۇ ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلگىن.

— ھە، راست، ئىككى كۈن ئاۋۋال ماڭىمۇ ئېيتقانىدى، — دېدى مەلىكە، — سانىيە، كەچتە بىرىپ كېلەيلى ھە، شەھەرنىڭ مېھماندارچىلىقىنىمۇ كۆرگىن.

— ياق، ياق، سەن ئۆزۈڭ بېرىپ كەلگىن، — سانىيە ئالمان - تالمان رەت قىلدى، — مەن ئۆيدە تۇرۇپ تۇراي.

— مۇشۇنداق ياۋايىلىقىڭنى ئەمدى تاشلا، — مەلىكەنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى.

— بوپتۇ، بېرىڭ قىزىم، — مەلىكەنىڭ ئاپىسى گەپكە ئارىلاشتى، — نەچچە كۈندىن بېرى يېتىۋېرىپ ئىچىڭىز پۇشۇپمۇ قالغاندۇ.

سانىيەنىڭ ھازىرچە بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا بارغۇسى يوق ئىدى، لېكىن دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاپ ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى. ئۇ مەلىكەنىڭ ھۇجرىسىدىكى ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەينەككە قاراپ باقتى. ئۇ ئەينەكتە قوشبۇلاقلىق سانىخانى' پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر شەھەر قىزىنى كۆردى. دولقۇنلىنىپ تۇرغان قوڭۇر چېچى يەلكىسىگە يېيىلىپ ئۇنى تېخىمۇ ياشارتىۋەتكەنىدى. مانا، بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمىمۇ، جىسمىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. شەھەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى ئەمدى ئۇنى قەدەممۇ قەدەم ئۆز قوينىغا تارتماقتا ئىدى. سانىيە مۇشۇنى ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدى، ئۇ ھازىر بۇنىڭغا ئېرىشتى، لېكىن ناھايىتى زور زىياننىڭ بەدىلىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە قانداق بەدەل تۆلەيدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ...

تاماقتىن كېيىن ئۇلار يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تاراندى، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى، گۈگۈم چۈشكەندە مەلىكە سانىيەنى ياساندۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىن ئۈنئالغۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۆي ئىگىسى — ئىسپورتچىلاردەك بەستلىك كەلگەن قىز ئۇلارنى دالاندا قارشى ئالدى. ئۇ سانىيەگە ھەۋەسلەنگەندەك قاراپ قويدى.

— مېنىڭ دوستۇم سانىيە، — دەپ تونۇشتۇردى مەلىكە ئۇنىڭغا.

— ياخشىمۇ سىز؟ — دېدى قىز ئەرلەردەك غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا، — قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، سىلەرنى ساقلاپ چايمۇ تارتمىغانىدىم، — رىسالەت مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇلارنى ئىچكىرىگە باشلىدى.

سۆتتەك يورۇق ئۆيدىكى تولۇپ ئولتۇرغان قىز - يىگىتلەرنى، ئۈستەللەردىكى نازۇ نېمەتلەرنى كۆرۈپ سانىيە ھودۇقۇپ قالدى. مەلىكە بولمىغان بولسا بەلكىم ئۇ بىر قەدەممۇ ماڭالمىغان بولار ئىدى. ئۇ ئۆيگە قانداق كىرگەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئولتۇرۇپ بىرنەچچە مىنۇتقىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى. ئۇنىڭغا ئۆيدىكىلەر ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە قاراۋاتقاندەك ۋە «بۇ سەھرالىق بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ...» دەۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئۆتكەندە ئۆزىگە كەلدى ۋە ئاستا يەر ئاستىدىن ئەتراپىغا نەزەر سالدى. دەرۋەقە، رەڭگارەڭ كىيىنىۋالغان قىزلارنىڭ سىنچى ئېۋەن ئاختۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن قارشى تەرەپتە ئولتۇرۇشقان يىگىتلەرنىڭ قىزىقىش، ھەۋەس بىلەن باققان نەزەرلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى ۋە دەرھال يەرگە قارىۋالدى. مەلىكە بولسا ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كىملەرگىدۇ چاقچاق قىلاتتى، قاھ ـ قاھلاپ كۈلەتتى.

ساھىبخان چاي ئەكىردى. سانىيە تېخىچىلا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى، مەلىكە چاي ئالغىن، دېگەندەك ئۇنى ئاستا نوقۇپ قويدى. سانىيە قانچە ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ پىيالىسىنى پەتنۇسنىڭ گىرۋىكىگە ئۇرۇۋېلىپ چاينىڭ يېرىمىنى داستىخانغا تۆكۈۋەتتى. يېنىدىكى بىر قىز بۇنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. بۇنىڭسىزمۇ ھودۇقۇپ ئاران ئولتۇرغان سانىيە بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە بۇ يەرگە كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان قىلدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئاداش؟ — مەلىكە ئۇنىڭغا ئېگىلىشىپ پىچىرلىدى، — بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرساڭچۇ ...

ئەمما سانىيە زادىلا ئۆزىنى تۇتالمىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقالغان بىر تىترەك ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئاستا يەر ئاستىدىن ئىككى يېنىغا سەپ سالدى، قىزلار سۆزلىشىپ، ئالدىدىكى نەرسىلەردىن چىمداپ ئېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. يىگىتلەرنىڭ گەپلىرىگە ھال تارتقان ھالدا جاۋاب بېرىشەتتى. ساھىبخان قىز سانىيەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى، لېكىن ئۇ قولىنى مىدىرلىتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭغا ئۆيدىكى ھەممە كۆزلەر ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك، قولىنى سوزسا يەنە بىر نەرسىلەرنى ئۆرۈۋېتىپ مەسخىرىگە قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ھېچنەرسە تارتمايتتى.

ساھىبخان بىردەمدىن كېيىن پەتنۇستا ماركىلىرى ۋال ـ ۋۇل پارقىراپ تۇرغان غاز بويۇن بوتۇلكىلارنى ئېلىپ كىرىپ ئۈستەلگە تىزدى ۋە بوتۇلكىلارنىڭ بىرىنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— سېنىڭ خېلى ئېپىڭ بارغۇ، ئۆزۈڭ قۇيۇپ بەرگىن، — دېدى.

سانىيە ئەجەبلەنگەن ھالدا دوستىغا قارىدى.

— ھەيران قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى مەلىكە ئۇنىڭ قۇلىقىغا، — بۇ ھاراق ئەمەس، شامپانسكى، ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىدىغان نەرسە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ساڭىمۇ ئىچىشنى ئۆگىتىمىز.

سانىيە بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتىكى ھەممە نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن نەزەر سالاتتى ۋە بۇنى ئۆز يېزىسىدىكى مېھماندارچىلىق بىلەن سېلىشتۇراتتى. يېزىدا ئادەتتە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئولتۇرۇشلارمۇ بولمايدۇ. توي ـ تۆكۈنلەردىمۇ قىزلار ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ھاراق ئىچىشقۇ بۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر يىگىت بىلەن

ئۇسسۇلغا چۈشۈپ قويسىمۇ ئانىسىدىن يەتكۈچە تاياق يەيدۇ، كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەپ ئاخشىمى ئۆيگە كەلسە ئۇنى مىلىك تۈرلۈك ئىشلار كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇن - تاماشىغا ۋاقتى يەتمەيدۇ. ئۇلار ھېچنېمىنىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمەي قېرىپ موماي بولىدۇ ... بۇ يەردىچۇ، پۈتۈنلەي باشقا دۇنيا، بۇلار توپا - چاڭ دىدارىنى كۆرمەيدىكەن، كىنو - تىياتىرلارغا خالىغان چاغدا كېتىۋېرىدىكەن. ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئۇلارنى ئەركىگە قويۇپ بېرىدىكەن، بۇلار توي چېيى، مەسلىھەت چېيى ھەتتا تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش چېيى دېگەندەك ناملار بىلەن مېھماندارچىلىق ئوينايدىكەن. نېمىدېگەن ئىسراپچىلىق. يېزىدا بولسا قىز تويىمۇ بۇنچىلىك ھەشەمەتلىك بولمايدۇ. تۇۋا، شەھەرنىڭ قىزلىرى مۇشۇنداق راھەتلەردىن يېرىلىپ كېتىشمەيدىكەن ...

ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى سانىيەنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن پولاتنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى، يۈرىكى ئوخچۇپ ئاغزىغا تىقىلدى ۋە مەلىكەنىڭ بىلىكىگە يېپىشتى. مەلىكە بولسا پولاتنى كۆرۈپ دىمىقىنى قېقىپ قويدى - دە، غال - غال تىترەۋاتقان سانىيەگە پىچىرلىدى:

— چۆچۈمە ئاداش، نېمىدىن قورقىسەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇر، كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتسۇن ...

پولات سانىيەگە دىققەت قىلمىغانىدى. يىگىتلەر ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزۇشتى، رومكا تۇتۇشتى.

پولاتنىڭ كېلىشى سانىيەنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ ئۇچۇردى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىترەك بېسىلىپ، كەيپىياتى بىرئاز ياخشىلانغاندەك بولدى. يېنىدىكى قىزلارمۇ بىر - بىرى بىلەن كىيىم - كېچەكنىڭ پاردىمىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. سانىيە ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلمىغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراشقا جۈرئەت قىلدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كۆزى پولاتنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. پولاتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. سانىيە ئىتتىكلا چەتكە قارىۋالدى.

ھايال ئۆتمەي تانسا باشلاندى، ئېگىز بويلۇق، چىرايلىق كىيىنىۋالغان بىر يىگىت سانىيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوڭ قولىنى ئالدىغا سوزۇپ تەزىم قىلدى. سانىيە باياتىن ئۇنىڭ قادىلىپ قاراشلىرىدىن بەدىنى شۈركىنىپ ئولتۇرغانىدى.

— تانسا ئوينايلى، — دېدى يىگىت بەستىگە ماس بولمىغان ئىنچىكە ئاۋازدا.

سانىيە ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي مەلىكەگە قارىدى، مەلىكە ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى.

— ئەركىن! سانىيە راستىنلا ئۇقمايدۇ، — دېدى ئۇ يىگىتكە، — كېلىڭ، ئىككىمىز ئوينايلى.

يىگىت سانىيەگە رەنجىگەندەك قاراپ قويدى - دە، مەلىكە بىلەن ئويناپ كەتتى. سانىيە يەنە باشقىلارنىڭ تانسىغا تەكلىپ قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاستا قوپۇپ

www.uyghurkitap.com

بالكونغا چىقتى. بۇ يەر خېلىلا سالقىن ئىدى. كوچىلارنىڭ، ئېگىز بىنالارنىڭ چاقناۋاتقان چىراغلىرى خۇددى يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ تۇراتتى. بىنانىڭ ئالدى تەرىپى چوڭ كوچا بولۇپ، ماشىنىلار، ۋېلىسىپىت مىنگەن كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە زوقلىنىپ قاراشقا باشلىدى.

ئۇ يېنىك يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى. بالكونىنىڭ ئىشىكىدە پولات تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ سانىيەنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى.

— سانىخان ... — دېدى ئۇ تەمتىرىگەن ھالدا، — مەن سىزنى يېزىغا كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ھېلىقى كۈنى نەگە كەتتىڭىز؟ ...

سانىيە ئۇنىڭغا گەپ قىلماستىن يىراقلارغا قاراپ تۇرۇۋەردى. ئۇ، پولاتنىڭ تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇردى. سانىيەنىڭ يۈرىكى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك سىقىراپ ئاغرىپ كەتتى. مانا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى خاراب قىلغان، ئۇنى تۈگىمەس ئازابلارغا گىرىپتار قىلغان كىشى تۇرۇپتۇ، سانىيە ئۇنى ھازىر قانچە تىللاپ، يۈزلىرىگە تۈكۈرسىمۇ دەردى چىقمايدۇ. لېكىن سانىيە ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ كىچىكىدىنلا خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلارنى ئىچىگە سىڭدۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناھكار، — دەيتتى پولات يالۋۇرغان ھالدا، — ئۆتكەندە ئايالىم بىلەن ئاجراشماقچى بولغانىدىم، كېيىن ئۇ يېنىۋالدى، بۇ قېتىم زادى ئۈزۈل - كېسىل ئاجرىشىمەن. شۇڭا بۇ ئىش بىر تەرەپ بولغۇچە سىز ھېچكىمگە تىنماي تۇرسىڭىز ياخشى بولاتتى ...

سانىيە ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

— پولات! — دېدى سانىيە ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ، — ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، سىز مېنى ئالدىدىڭىز، خارلىدىڭىز. سىز بىلىپ قويۇڭ، بىز سەھرالىقلار ئەپۇچان، كەڭ قورساق كىشىلەرمىز. بىز نى - نى دەرد - ئەلەملەرنى ئۈن - تىنسىز ئىچىمىزگە سىڭدۈرۈۋېتىشكە ئادەتلەنگەن. سىز ئەمدى ئۆز يولىڭىزدا مېڭىۋېرىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىگۈچى بولماڭ. لېكىن بۇ مېنىڭ سىزنى ئەپۇ قىلغانلىقىم ئەمەس، مەن غەزىپىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم، خالاس. ئەگەر يەنە مېنى ئۆز ھالىمغا قويمىسىڭىز، مېنىڭ غەزىپىم ۋولقان بولۇپ تېشىپ چىقىدۇ. مېڭىڭ، ئەمدى مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمەڭ.

بالكونغا مەلىكەنىڭ چىقىشى بىلەن سانىيە گېپىنى توختىتىۋالدى.

— سانىيە! — دېدى مەلىكە ھودۇققان ھالدا، — بۇ يەردىمىدىڭ؟ — ئۇ بىر چەتتە تۇرغان پولاتنى كۆرۈپ زەردە بىلەن دېدى، — ھە، پولاتجان، دوستۇمنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئەگىشىپ قاپسىزغۇ؟ سىز بوزەك قىلىدىغان سانىخان ھازىر يوق، بىلىپ قويۇڭ، بۇ قىزنىڭ ئىسمى سانىيە بولىدۇ، ئەمدى قۇيرۇقىڭىزنى غىت قىسىپ يۈرگىنىڭىز تۈزۈك، سانىيەنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، سىزنى تۈرمىگە سولىتىۋېتەتتىم. يۈر، ئاداش، بۇنىڭ يالغان گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچە بىردەم بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئاچايلى ...

مەلىكە سانىيەنى بىلىكىدىن تارتقىنىچە ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى.
ئولتۇرۇش ئەلىياتقۇ مەھەلگىچە داۋاملاشتى. بايىقى ئېگىز يىگىت سانىيەدىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئاخىرى ئۇ ئاستاغىنا سانىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— تونۇشۇپ قالايلى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز ئۈرۈمچىدىن كەلدىڭىزمۇ؟
— ياق، — دېدى سانىيە، — مۇشۇ يەردىن.
— شەھەردە كۆرمەپتىكەنمەن، قەيەردە ئىشلەيسىز؟
— ماشىنىچىلىق كارخانىسىدا ...
— ھە، مۇنداق دەڭ، — يىگىت قاشلىرىنى سوزدى، — مەلىكە بىلەن تۇغقان ئوخشىمامسىز؟
— ياق، دوستۇم بولىدۇ.
— تونۇشۇپ قالدۇق، ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، ئولتۇرۇشتىن يانغاندا ئاپىرىپ قوياي، ماقۇلمۇ؟
— مەن مەلىكە بىلەن كېتىمەن، — دېدى سانىيە ۋە تەتۇر قارىۋالدى.
سانىيەنىڭ غۇزۇردە ئاچچىقى كەلدى. قارا بۇنى، كۆرۈشمەيلا ئاپىرىپ قويايمۇ دېگىنىنى، بۇمۇ پولاتتەك ئالدامچىنىڭ بىرى ئوخشايدۇ، ئەمدى ئۇنداق تۇزاققا دەسسەۋېرىدىغان سانىيە يوق.
سانىيە ئولتۇرۇشتىن قايتقاندا يولدا كېتىۋېتىپ بۇ ئىشنى مەلىكەگە دەپ بەردى.
— مۇنداق - دە، — مەلىكە قاقاقلاپ كۈلدى، — ئۇمۇ سېنى چېكىپ باقاي دەپتۇ - دە. بىزنى نېمىشقىمۇ قىز قىلىپ ياراتقاندۇ خۇدايىم، بەزىدە شۇنداق ئويلاپ كېتىمەن، بىز بىر گۈلگە ئوخشايدىكەنمىز، ھەممە ئادەمنىڭ ئۈزۈۋالغۇسى، قولىغا ئېلىپ پۇرىغۇسى كېلىدىكەن. قارا ئاداش، سەن ساۋاقتا ئىگە بولدۇڭ. ئەمدى ھەربىر قەدىمىڭنى ئويلاپ باس. يىگىتلەر كەينىڭگە كىرىۋالسا قاپىقىڭنى ئاچما، ئالدىراپ خاپا بولۇپمۇ كەتمە. ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەر ...
سانىيە مەلىكەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كېتىۋېتىپ يەنە خىيالغا چۆمدى. ئۇ پولات بىلەنغۇ ئادا - جۇدا بولدى، جاھاندا پولاتقا ئوخشايدىغانلار ئازمۇ؟ يەنە قانچىلىگەن پولاتلار ئۇنىڭ يولىدا توغرا تۇرۇۋالامدۇ، كىم بىلىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىن ئالغان ساۋاقنى ئەستىن چىقارماسلىققا ئۆز - ئۆزىگە ئەھد قىلدى ...

8

ئۇ پويىز ئىستانسىدىن چىققاندا كۈن ئېگىز بىنالارنىڭ كەينىگە ئۆتكەندى. ئىستانسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيدان مىغىلدىغان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ تاكسى ماشىنىدىن بىرسىگە

www.uyghurkitap.com

ئولتۇردى - دە، شوپۇرغا مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى جايلاشقان كوچىغا مېڭىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئاۋۋال قورساقنى تويغۇزۇۋېلىپ ئاندىن كېيىن ياتاققا بېرىپ قانغۇچە ئۇخلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يەتكەن، بەدىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىسىگىمۇ قىزىقماستىن بېشىنى ئىرۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىغان ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇردى. ئۇ ھەر قېتىم بىرەر ئىشنى پۈتتۈرگەندە مانا شۇنداق ھارغىنلىق ھېس قىلاتتى، بىرەر كۈن مىدىرلىماي ئۇخلايتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇ بىر ئايدىن بۇيانقى قىلغان ئىشلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى چىقاردى، ئالغان مالنى ساق - سالامەت ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ماڭدىمۇ؟ بەزىدە كۈن بويى تاماق يېمىدى، كېچىلىرى ئۇيقۇنى قۇربان قىلدى. بۇنداق نەپ تېگىدىغان مالغا ھەممە ئادەم چاڭ سالىدۇ، گۇاڭجۇدەك چوڭ شەھەردە تىمىسقىلاپ يۈرگەن سودىگەر ئازمۇ؟ مالنى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ ئېلىپ كېتىش ئاسان ئەمەس. ئۇ بىر يىلدىن بۇيان بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆردى. نەچچە قېتىم بۇرنىغا يېدى. ھېچكىمنىڭ زىيان تارتقۇسى كەلمەيدۇ. سەن كېلىشىپ قويغان مالنى باشقا بىر سودىگەر ئون تىيىن ئۇشۇق باھا قويۇپ سۇپۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ، سېنىڭ مىڭ قاقشاپ، رەنجىشلىرىڭ، مال ئىگىسىنى مېھمان قىلغانلىرىڭ ھەممىسى بىكار. چۈنكى مال ئىگىسىگىمۇ پايدا كېرەك، پۇل كېرەك! پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ يەردە سېنىڭ ئاتا - ئاناڭمۇ، دوستۇڭمۇ، جېنىڭمۇ پۇل!...

ماشىنىنىڭ چىرقىراپ تورمۇزلىنىشى ئۇنىڭ ئۇيقۇ ئارىلاش خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەينەكتىن قارىدى ۋە سەنلىۋەن كوچىسىغا يېتىپ كەلگىنىنى بىلىپ ماشىنىدىن چۈشتى. بۇ گۇاڭجۇدىكى شىنجاڭلىق سودىگەرلەر تۈرىدىغان كوچا ئىدى. بۇ يەردە قىممەت بولسىمۇ شىنجاڭدا ئىستېمال قىلىدىغان ھەممە تاماقلارنى تېپىپ يېگىلى بولاتتى. ئۇ ئىشىكىنىڭ بېشىغا «مۇسۇلمان ئاشخانىسى» دەپ خەت يېزىپ قويۇلغان بىر قەۋەتلىك ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئالدىراپلا ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. ياتىقىغا 5 - 10 قەدەم قالغاندا ئارقىسىدىن:

— كېرەم ئاخۇن، ھاي كېرەم قوتاز! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

كېرەمنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ھازىر ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشكۈسى يوق ئىدى، پۇت - قولى سىرقىراپ ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ ئىلاجى بار بالدۇرراق يېتىۋېلىش ئۈچۈن تاماقنىمۇ ئالدىراپ - سالدىراپلا يېگەنىدى.

كېرەم ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگۈچى كىشىنى ئاۋازىدىنلا تونۇدى. ئۇ ئۈرۈمچىلىك سودىگەر يىگىت بولۇپ، ئىسمى جامال ئىدى.

— ئاداش كېرەمئاخۇن، بېشىمىغا كۈن چۈشتى، — دېدى ئۇ — بىر ياردەم قىلىۋەتسەڭ...

— نېمە بولدۇڭ، بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟

— ھېلىقى... ياسىن قىزىلكۆزنى بىلىسەنغۇ، ئاشۇ لۈكچەك سودامنى بۇزۇپ، شايكىلىرىغا مېنى ئۇرغۇزدى... مانا، بېقىنىمدىكى كۆكلەرنى كۆرۈپ باق...

— ھە، مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ — دېدى كېرەم كۆزىنى قىسىپ.

— ھوي، مەقسىتىمنى چۈشەنمىدىڭمۇ؟ قىزىلكۆزدىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بەر دەۋاتىمەن، ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟ تاياق زەربىدىن بىر ھەپتىگىچە ھوشىنى تاپالمىسۇن. ئەگەر مالنى قايتۇرۇۋالالىساق تېخىمۇ ياخشى. سودا بۇزۇلمىغان بولسا نەق 50 - 60 مىلى يۈەن پايدا ئالغىلى بولاتتى. مالنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرسەڭ پايدىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ساڭا بېرىمەن. قانداق دەيسەن!؟

— ھەي، جامال، مېنى ئەمدى بۇنداق ئىشقا ئاۋارە قىلما. ئويلاپ باقسام، سودىگەرچىلىك يولىغا قەدەم قويغاندىن بېرى نەدە جېدەل بولسا ئارىلىشىپ، ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ تۇمشۇقىنى يېرىۋېتىمەن. بولدى ئەمدى، تويدۇم بۇ ئىشتىن.

— ھوي، سەن يامان ئىش قىلىشنىڭ يوققۇ، پەقەت بوزەك قىلىنغانلار ئۈچۈن يان باستىڭ، شۇ ...

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن مەن جاھاندىكى بوزەك قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى يۆلەپ بولالمايمەن - دە. ئەگەر پۇلدىن قىسىلىپ قالغان بولساڭ 40 - 50 مىڭ يۈەن بېرىپ تۇراي، لېكىن ئەمدى مېنى جېدەل بار يەرگە سۆرىمە.

جامال كەتتى. كېرەم پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، ياتىقىغا كىردى. ئۇنىڭ ياتىقى بىر كىشىلىك چاققانغىنا ئۆي ئىدى. ئۇ كىيىملىرى بىلەنلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى. كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. سىرتتىن ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن، سىگنال بەرگەن ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چىراغنىمۇ ياقماستىن خىيالغا چۆكتى. بىردىنلا جاھاننىڭ نېرىقى چېتىدە قالغان يۇرتى يادىغا كېلىۋالدى. مەھەللىنىڭ توپىلىق يوللىرى، قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلىرى، بىللە ئۆسكەن ئاغىنىلىرى. ئۇلار دائىم پاراڭ قىلىشىدىغان كىچىككىنە سېمونت كۆۋرۈك ... بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. مانا، كېرەمنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. بۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ يۈرگەن يەرلىرى، كۆرگەن ئىشلىرى ئاز ئەمەس. بۇ يىللار ئۇنىڭغا ئۆزىمۇ قىياس قىلالمىغان يېڭىلىقلارنى ئاتا قىلدى. ھازىر ئۇ بېشىنى سىيرىپ چۈشۈرۈپ، ئاددىي دىكادىن كىيىم كىيىدىغان تارتىنچاق يېزا يىگىتى ئەمەس. ئەمدى ئۇ چەت ئەلنىڭ رەختىدە مودىلىق كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گەجگىسىگىچە چاچ قويغان، قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈكلەر قادىغان سالاپەتلىك يىگىتكە ئايلاندى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا پۇللار پېچەتتى بىلەن تۇرىدۇ. قولىنى نەگە سوزسا يېتىدۇ. «كېرەم قوتاز» دېگەن نامى شىنجاڭلىق ھەممە سودىگەرلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدۇ.

ئەمما ئۇ بۇ كۆڭلىنىڭ ئاسان ئېرىشكىنى يوق، ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلگەندەك، ئۇ پۇل تېپىشنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى ئۆزى بىلىدۇ. نەچچە قېتىم جېنىدىن ئايرىلغىلىمۇ قىل قالدى ... ئۇ بىر ماشىنا تېرە، يۈك بىلەن قوشبۇلاقتىن ئايرىلغان چاغدا ئۆزىنىڭ بۇنداق يىراقلارغا كېتىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇلار يۈكنى ئېلىپ ئۈچ كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ھەر ھالدا سەپەر ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، يۈسۈپ يۈكنى تو-

www.uyghurkitap.com

ساقلاردىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئەكەتتى. بەزىلەرنىڭ كۆزنى غەلەت قىلدى، بەزىلەرنىڭ يانچۇقىغا پۇل سۇڭگۇتتۇەتتى. كېرەم پۇلنىڭ قۇدرىتىنى مانا شۇ يولدا كېتىۋېتىپلا كۆردى. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئۇلار تېرە بىلەن يۇڭنى تېزلا سۇ قىلدى. كېرەمنىڭ قولىغا ھەممە چىقىملاردىن ئېشىپ نەقلا 3 مىڭ كوي تەگدى. ئۆمرىدە ئۈچ يۈز كوينىمۇ تۇتۇپ خەجلەپ باقمىغان كېرەم بۇنچىۋالا پۇلنى كۆرۈپ بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى، خۇشلۇقتىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى. ئۇ تاراقلاپ تۇرغان ئون كويلۇقلارنى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە خالتا قىلىپ تىكىۋالدى. يەنە 30 كىلودىن كۆپرەك تېرىدىت بار ئىدى. يۈسۈپ بۇنى سېتىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، خېرىدار چىقمايۋېتىپتۇ. كېرەم ئەمدى نېمە قىلارىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ بىر-ئىككى كۈنگىچە بازارلارنى ئارىلىدى. شەھەردىكى ماللارنىڭ جىقلىقى، خىلىنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتاتتى. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلەردىن ئالغۇسى كېلەتتى. بىر ماگىزىندىكى ماللار يەنە بىر ماگىزىندىكىدىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى. شەخسىي تىجارەتچىلەر جايلاشقان بازارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. نېمىدېگەن جىق مال. بۇلار بۇنچىۋالا نەرسىلەرنى نەدىنمۇ ئەكىلىدىغاندۇ؟ كېرەمنىڭ دۇكانلاردا كېرىلىپ ئولتۇرۇشقان سودىگەر يىگىتلەرگە ھەۋەسى كەلدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ دۇكىنىنى كۆردى، دۇكاننى ئۇنىڭ ئايالى ئاچاتتى، يۈسۈپ بولسا مال ئۇقۇشۇپ توشۇپ بېرەتتى.

كېرەم بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى. بىر كۈنى يۈسۈپ ئالدىراش ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى.

— بىرەيلەننىڭ 60 كىلودەك تېرىدىتى بار ئىكەن، ئەسلىدە ئىچكىرىگە ئېلىپ ماڭغانىكەن، سوۋېتتىن تۇققىنى كېلىپ قالغاچقا ئىچكىرىگە بارالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، 150 كويدىن كېلىشتىم. پاكىزە تېرىدىت ئىكەن...

— 150 كوي؟ — كېرەم ھاڭ-تاڭ بولدى، — بەك قىممەتقۇ؟...

— قىممەت ئەمەس، — يۈسۈپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — سەھرالىقلار ئۇنىڭ باھاسىنى بىلمىگەنلىكتىن ساڭا كىلوسىنى يىگىرمە كويدىن بەردى، لېكىن بۇ يەردە يۈز ئەللىك كويغىمۇ ئالغىلى بولمايدۇ. ئىچكىرىگە ئاپارساق 200 كويدىن ئاشىدۇ... مېنىڭ پۇلۇم يەتمىدى، ئىككىمىز تەڭ ئالامدۇق؟

— ئىچكىرىگە ئاپىرامدۇق؟

— ھەئە، سەنمۇ ئىچكىرىنى كۆرۈپ كېلىسەن، بۇ يەردە 3 مىڭ كوي بىلەن ھېچقانچە سودا قىلالمايسەن. ئىچكىرىدىن ساڭا ئوبدان مال ئېلىپ بېرىمەن، قانداق؟

كېرەم بىردەم ئارىسالدا بولۇپ ئويلاپ قالدى. ئۇ 3 مىڭ كوينى يانچۇقىغا سېلىپ كۆڭلى توق بولغانىدى، ھازىر بۇ پۇلنى يەنە بىر تەۋەككۈلگە تاشلىسۇنمۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئىزنى تاپالامدۇ-يوق، يۈسۈپنىڭ دېگىنىدەك راستىنلا ھەسسىلەپ پايدا ئالغىلى بولارمۇ؟ دەيلى، ئىتتىن قورققان دىۋانە بولماپتۇ دەپتىكەن، دەسلەپ بۇ يولغا ماڭمىغان بولسا بولاتتى، ئەمدى مېڭىپ قويغاندىن كېيىن ۋاي دېمەسلىك كېرەك.

— ھە، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىكى پۇلنى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، — پېشانىمىزدىن

كۆرەيلى، ئىشقىلىپ مېنى يامان يولغا باشلىماسسەن.

— بىز بىر يۇرتلۇققۇ، سېنى زىيان تارتقۇزمايمەن.

شۇنداق قىلىپ يۇسۇپ بىلەن كېرەم 100 كىلوغا يېقىن تىۋىتنى قەغەز ساندۇقلارغا چىڭداپ قاچىلاپ تۆپىسىگە ئۇرۇك قېقىنى يېيىتىپ گۇاڭجۇغا ماڭدى. كېرەم يۇسۇپنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئۇرۇمچىدە بىر قۇر شەھەرگە لايىق كىيىملەردىن ئېلىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى. بەك كۆزگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن بادام دوپپىسىنى تاشلاپ شەپكىسىدىن بىرنى ئېلىپ كىيدى، چېچىنى قويۇۋەتتى. ئۇ پويىزنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان دەرەخلەرنى، شىۋاقلىق ئېدىرلارنى، قىزغۇچ توپىلىق چۆل - جەزىرىلەرنى قىزىقىش، ھەيرانلىق بىلەن تاماشا قىلماقتا ئىدى. يۇسۇپ بۇ يوللارنى تولا ماڭغاچقىمۇ ئورۇندۇققا قىيسايغىنىچە ئۇخلىماقتا ئىدى. بەزىدە ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ تۆپىدىكى ساندۇقلارغا كۆز تاشلاپ قوياتتى ۋە كېرەمگە ساندۇقلارغا قارا، دەپ تاپىلايتتى.

پويىزدا يەنە بىر نەچچە ئىرقەتچى ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغانىدى، يۇسۇپ ئۇلارغا قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىپ ماڭدىم، دەپ قويدى. ئۇلارنىڭ بىرسى پات - پاتلا يۇسۇپنى گەپكە تۇتاتتى، گۇاڭجۇنىڭ قەيىرىدە چۈشىدىغانلىقلىرىنى كوچىلاپ سورايتتى. گۇاڭجۇغا كەلگەندە ئۇلارغا يەنە 2 - 3 كىشى قوشۇلدى. ئۇلار كەتمەستىن بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ كېرەملەرنى كۆزىتەتتى.

— ئىش چاتاق، — دېدى يۇسۇپ تىترەپ، — بۇلار بىزنىڭ پېيىمىزغا چۈشكەندەك تۇرىدۇ، بۇ يەردىن تېز يوقىلايلى.

يۇسۇپ تاكسى تېپىپ كېلىپ ساندۇقلارنى قاچىلىدى ۋە شەھەر چېتىدىكى «سەنلىۋەن» مېھمانخانىسىغا ماڭدى. ئۇ يەردە ئىشەنچلىك ئادەملەر بار ئىدى. كېرەم بولسا بۇ شەھەردىكى چۈمۈلىدەك مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرگە، كۆككە تاقاشقان بىنالارغا قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ بېشى تۆرەپ قالغاندەك بولۇپ، كۈنپېتىش تەرەپ بىلەن كۈنچىقىش تەرەپنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن قەھرىتان سوغۇق مەزگىلدە يولغا چىققانىدى، بۇيەر بولسا يازدەكلا ئىسسىق ئىكەن، كىشىلەر يالاڭ كىيىملەردە يۈرۈشۈپتۇ.

ئۇلارنىڭ ماشىنىسى ئادەم شالاڭ بولغان تاشيولغا چىقتى. ئەتراپنى گۆگۈم قاراڭغۇلۇقى قاپلىغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي بىر سېرىق پىكاپ ئۇلارنى يانداپ ئۆتتى - دە، يۈز مېتىر نېرىغا بېرىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭدىن 5 ئادەم چۈشۈپ يولنى توسۇپ تۇرۇۋالدى.

— بولاڭچىلار، — يۇسۇپ ۋارقىرىدىۋەتتى، — مالدىن ئايرىلىدىغان بولدۇق. تۈگەشتۇق ...

يۇسۇپ غال - غال تىترىگەن ھالدا بۇتتەك قېتىپلا قالدى. كېرەم دەسلەپ يۇسۇپنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئەمما ھايال ئۆتمەي ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھەممە مالدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قان مېڭىسىگە تەپتى.

مۇشتى تۈگۈلدى. ئۇ يېزىدىكى چاغلاردا ئادەتتە ھېچكىم بىلەن ئۇرۇشمايتتى، لېكىن تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى. بىر قېتىم كۆمۈر كانىغا كىنو كۆرگىلى بارغاندا كان ئىشچىلىرىدىن بىرى مەست بولۇۋېلىپ يېزىلىقلارنى بوزەك قىلىشقا باشلىدى. كېرەم دەسلەپ جېدەلگە ئارىلاشماي يېزىدىن كەلگەنلەرنى بېسىپ تۇردى. ھېلىقى مەستنىڭ ئاغىنىلىرى بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. ئاخىرىدا كېرەم سەكرەپ ئوتتۇرىغا چۈشتى - دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە لۈكچەكلەرنىڭ ئىككىسىنى يەرگە چاپلىۋەتتى. ئىشچىلار ئەس - ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە يېزىلىقلار ۋېلىسىپىتلىرىغا مىنىپ قېچىپ كېتىشتى. شۇ ئىشتىن كېيىن مەھەللىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولغانىدى...

كېرەم يۈسۈپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— نېمە يىغلايسەن؟ قېنى، بۇلاپ باققىنىنى كۆرۈپ باقاي مەن...

بۇلاڭچىلار كۆزلىرىگە قارامتۇل كۆزەينەك تاقىۋېلىشقانىدى. دوغىلاقىراق كەلگەن بىرسى يانچۇقىدىن قولىنى چىقارماستىن بۇلارغا بۇيرۇق قىلدى.

— ماشىنىدىن چۈشۈش!

يۈسۈپ كېرەمگە قاراپ قويۇپ تىترىگەن ھالدا يەرگە چۈشتى ۋە دۇدۇقلىغان ھالدا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— جېنىم ئاكىلار، رەھىم قىلىڭلار، بىزگە ئۇۋال بولىدۇ، ھەممىمىز بىر شىنجاڭلىق ئەمەسمۇ؟...

— يۈسۈپ! — ئېگىز بويلۇق بىرسى ۋارقىرىدى، — ئۆتكەندە بىزنىڭ سودىمىزنى بۇزۇپ ئەكەتكىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ چاغدا بىزگە رەھىم قىلمىغانىدىڭغۇ، ئۆتنە ئالەم بۇ. ماڭ يولۇڭغا! بولمىسا خېمىر قىلىۋېتىمىز! — ئۇ يۈسۈپنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى. يۈسۈپ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تۇرۇپ قالدى. كېرەم ئالدىغا ئۆتتى.

— مال مېنىڭكى، يۈسۈپنىڭ ھەققى يوق، — دېدى.

— نەدىن كەلگەن نېمە سەن؟

— ئۈرۈمچىدىن.

— شۇنداقمۇ؟ — ئېگىز بويلۇق يېنىدىكى دوغىلاق يىگىتكە بۇرۇلدى، — ئەكبەر! بۇ يېڭىياچى ئوخشايدۇ. يولىنى كۆرسىتىپ قويايلى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگەش بىلەنلا دوغىلاق يىگىت كېرەمنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇردى. كېرەمنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولۇپ قۇلىقى غۇڭۇلداشقا باشلىدى، غەزەپتىن ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشتى. دوغىلاق يىگىت ئىككىنچى مۇشتىنى ئاتقاندا كېرەم چاققانلىق قىلىپ ئېگىلىپ ئۆزىنى يانغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ ساغرىسىغا بار كۈچى بىلەن تەپتى، دوغىلاق يىگىت بۇ زەربىدىن يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ قوپقۇچە كېرەم ئۇنىڭ بىقىنىغا ئىككى - ئۈچنى تېپىۋەتتى. دوغىلاق يىگىت ئىڭرىغىنىچە تۈگۈلۈپ يېتىپ قالدى. غەزەپتىن كېرەمنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئېگىز يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ ئاغزى - بۇرنىغا نەچچىنى قويدى. ئاڭغىچە قالغانلارمۇ كې-

رەمگە يۇپۇرۇلۇپ ئېسىلىشتى. ئۇلار كىرەمنىڭ ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە سالاتتى. بىر كەمدە كىرەم ئۇلاردىن يۇلقۇنۇپ چىقتى، بايىقى ئېگىز يىگىت ئاغزى - بۇرنى قان بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. كىرەم يەنە بىرسىگە كاللا قويۇپ ئۇنى موللاق ئاتقۇزدى. ئۇنىڭ ئەلپازى دەھشەتلىك تۇسكە كىرگەنىدى. ئۇ بېلىدىن پىچاقنى سوغۇرۇپ ئالدى.

— قايسىڭ كەلسەڭ سويۇۋېتىمەن! — دېدى ئۇ ھۆركىرەپ، — جېنىڭدىن تويغىنىڭ كېلىشە!...

ئېگىز بويلۇق يىگىت ئاغزى - بۇرنىنى چاڭگاللىغىنىچە ماشىنا تەرەپكە يۈگۈردى، دوغىلاق يىگىت تېخىچىلا ئىنجىقلاپ ئورنىدىن قوپالمايۋاتاتتى. باشقىلار دوغىلاق يىگىتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ماشىنىغا سالدى ۋە ئوپۇل - توپۇل شەھەر تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى.

يۈسۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپلا قويغانىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىش خۇددى چۈشتەكلا تۇيۇلاتتى.

— كىرەم، ئوغۇل بالىكەنسەن... يۈر، تېز كېتەيلى، — يۈسۈپ ماشىنىغا چىقتى. شوپۇر باياتىن ماشىنىدىن چۈشمەي ئولتۇرغانىدى. ئۇ بەش ئەرگە تەڭ كەلگەن بۇ تەمبەل يىگىتكە ئەيمەنگەن ھالدا قاراپ قويدى.

ئۇلار مالنى ساق - سالامەت جايلاشتۇرۇۋالدى. ئىۋىتنىڭ ھەقىقەتەن بازىرى ئىتتىك ئىكەن، يۈسۈپ ئۇنى 25 مىڭ يۈەنگە ساتتى.

ھېلىقى كۈنكى ۋەقە گۇاڭجۇدىكى پۈتۈن شىنجاڭلىق سودىگەرلەرگە پۇر بولدى، كىرەم شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرقانچە يەككىمۇ - يەككە جەڭلەرگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ھەممىسىدە غالىب كېلىپ، «كىرەم قوتاز» دېگەن لەقەمگە ئېرىشتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇستىخىنى چوڭ، بوي - بەستى ئېگىز بولۇپ، قوتازدەكلا كۈچى بار ئىدى. بارا - بارا بوزەك قىلىنغانلىكى سودىگەرلەر كىرەمنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغان بولدى. كىرەممۇ ئىككىلەنمەستىن مەيدانغا چۈشۈپ، زوراۋانلىق قىلغۇچىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ يۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىن بارغان سودىگەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا چېقىلىشقا ۋە ئۇنىڭ سودىسىنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغان بولۇشتى.

كىرەم «قوتاز» دېگەن لەقەمگىمۇ كۆنۈپ قالدى. يېڭىدىن تونۇشقان ئاغىنىلىرى ئۇنى كۆز ئالدىدىلا «كىرەم قوتاز» دەپ چاقىرىسىمۇ ئۇ تېرىكمەيدىغان بولدى.

يۈسۈپ كىرەمنى گۇاڭجۇدا تۇرۇپ مال يۆتكەپ بېرىشكە ئۇناتتى، ئۆزى بولسا شىنجاڭغا قايتىپ مالنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە پايدىنىڭ 3 تىن 2 قىسمىنى كىرەمگە بېرىدىغان بولدى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان كىرەم گۇاڭجۇنىڭ نوپۇسسىز گىراژدانى بولۇپ تۇرماقتا. ئۇ ھازىر بۇ شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن تارتىپ بەش قولدەك بىلىدۇ، ئۇنىمۇ تونۇمايدىغانلار ئاز، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ھەممە ئىشلارنى كۆردى. ئەڭ ئالىي تانسلارغىمۇ كىردى، چىرايلىق نازىنىنلار بىلەنمۇ ئۇلپەت بولدى، يەر ئاستى ئۆيلەردىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىمۇ بولدى. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ تاتـ

لىقىنىمۇ، ئاچچىقىنىمۇ تېتىپ كۆردى. ئۇ ھەممىسىگە تويدى، سەسكەندى. ئەمدى يىراقتا قالغان يۇرتىنىڭ تۇپىلىق يوللىرى، قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغان بولدى. ئۇ تۈنۈگۈن يۇسۇپكە تېلېفون بېرىپ، بۇ قېتىم مالنى ماڭغۇزۇۋېتىپ ئۆزىنىڭمۇ قايتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ ئەتە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى ئېلىپ قويدى. ئەتە بۇ شەھەر بىلەن خوشلىشىدۇ. ئەمدى يەنە قاچان كېلىدۇ؟ بۇنى بىر نەرسە دېمەك تەس. ئۇ بۇ شەھەرگە پۇلنى دەپ كەلگەنىدى، پۇلنىمۇ يېتەرلىك تاپتى. ئۇ بۇ پۇل بىلەن ئۈرۈمچىدە ياكى ئۆز يۇرتىدا بىرەر دۇكان ئاچسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئانچە تەس ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ جاھاننى كۆردى، كۆزى ئېچىلدى، ئاتا - بوۋىسى ئاڭلاپ باقمىغان جاھاندارچىلىقنىڭ سىرلىرىنى ئۆگەندى. بۇ كېرەم ئۈچۈن پۇلدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى...

كېرەمنىڭ تېخىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ تۇرۇپ تاماكا چەكتى، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ شاۋقۇنلۇق شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە نەزەر سالدى. كوچىلاردا يەنە ئادەملەر كۈندۈزكىدەكلا قىمىلداپ يۈرمەكتە، ماشىنىلار غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ، كافېخانىلارنىڭ ئالا - يېشىل چىراغلىرى ۋاللىداپ خېرىدارلارنى چاقىرماقتا. بۇ شەھەرنىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزىنىڭ پەرقى يوق ... ئۇنىڭ ئېسىگە تاسادىپىيلا قوشبۇلاق كەلدى. «ھازىر ئۆيدىكىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇخلىدى، توغرا، ھازىر ئۇ يەردە ئەلياتقۇ مەھەلى بولدى، ھەممىسى ئۇخلاپ كەتتى، مەن چىقىپ كەتكەندىن بۇيان كىملەر توي قىلدىكىن؟ سەمەت توي قىلماقچىدى، ئايۇپمۇ ئۆينى قوپۇرۇۋالسام ئۆيلىنىمەن دەۋاتاتتى ... سانىخان نەدىدىدۇ؟ پولات بىلەن توي قىلغان بولسا بالىلىقمۇ بولغاندۇ؟ پولات ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولسىچۇ...»

بۇ كېچە سانىخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىن زادىلا چىقمىدى.

9

سانىيە پۈتۈن قىشنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىگە قاراشلىق مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ سەيپۇڭچىلىق كارخانىسىغا ئورۇنلاشتى. شىركەت تەۋەسىدە سەيپۇڭچىلىق كارخانىسى، مېھمانخانا، رېمونتخانا ۋە زىيالىي ياشلار ماگىزىنلىرى بار ئىدى.

بىر كۈنى شىركەتنىڭ مۇدىرى ئىمام ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئۇ 35 ياشلارغا كىرگەن ئورۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئورا كۆزى كىشىگە يەۋەتكۈدەك قادىلاتتى. سانىيە بۇ ئادەمنى كۆرگەندە نېمىشقىدۇ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كېتەتتى. ئىمام پات - پاتلا ئۇنىڭ كۆكسىگە قارايتتى. مەلىكە ئۇ ئادەم توغرىلىق قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەلىكەنىڭ دېيىشىچە، ئىمام ئىلگىرى بىر قېتىم ئۆيلەنگەنىكەن، ئايالى بەكمۇ بوشاڭ بولغاچقا ئىمام ياراتماي بىر بالا بىلەن قويۇۋېتىپتۇ.

— ئىمام ئاكام ئۇنداق تۈرگىنى بىلەن بەكمۇ زىل ئادەم، — دېدى مەلىكە، — ئاندىن ئۇنداق - مۇنداق ئاياللارنى ياراتمايدۇ، نەچچە يەردىن لايىق تاپقاندۇق، ھەممىسىنى ياراتمىدى...

شىركەتتە ئىمام توغرىلىق ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەر ئېقىپ يۈرەتتى. تولىراقى ئۇنى خىيانەتچى دەپ گۇمان قىلاتتى، لېكىن ھېچكىم پېتىنىپ ئاشكارا گەپ قىلالمايتتى...

سانىيە كىرگەندە ئۇ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ سانىيەنى مۇلايىم قارشى ئالدى.

— ئۆگىنىپ قالدىڭىزمۇ؟ — ئۇ پاپىروستىن بىر تالنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ سانىيەگە باشتىن - ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، — سىزنى خېلى قولى ئەپچىل ئىكەن دېيىشىدىغۇ؟

سانىيە خىجالەت بولۇپ يەرگە قارىدى.

— ئىش جىق كېلىۋاتامدۇ؟

— ئاز - تولا بار...

— كارخانىمىزنىڭ ھازىرقى ئۇستىلىرى كونىچە كىيىملەرنى تىكىپ ئۆگەنگەن، ھازىر كونا پاسوندىكى كىيىملەرنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ كەتتى، لېكىن ئۇستىلىرىمىز يېڭى پاسونلارنى ياراتمايدۇ، تىكىشنىمۇ بىلمەيدۇ. بازار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى تىكمىسەك بولمىغۇدەك، شۇڭا بىز سىزنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتەيلى دېيىشتۇق.

— مېنى؟ ... — سانىيە ئەندىكىپ كەتتى.

— مەلىكەنىڭ دېيىشىچە، سىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەنىكەنسىز، بىرەر ئايدىن بۇيان تىكىشنىمۇ خېلى تېز ئۆگىنىۋاپسىز ... ئۇرۇمچىدە سەيپۇڭچىلىق كۇرسى ئېچىلىدىكەن، — ئۇ گېزىتنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — ۋاقتى تۆت ئاي ئىكەن، كېسىمچىلىكنى ئۆگىنىپ كېلىسىز، بولامدۇ؟

سانىيە خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئۈرۈمچىنىمۇ كۆرىدىغان بولدى، ئۇزۇندا قالماي كېسىمچى ئۇستا بولىدۇ، باشقىلار ئالدىدىمۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ، خۇدايىمنىڭ رەھمى كەلدىمۇ قانداق، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىۋاتىدىغۇ. ئۆيدىكىلەر ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر؟...

ئۇ ئىمام مۇدىرگە رەھمەت ئېيتتى، مۇدىر ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن ھالدا كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— تەشكىلنىڭ بۇ غەمخورلۇقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ ئۈرۈمچىدىكى كۇرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ قايتتى. مانا ھازىر ئۇ كارخانىنىڭ رەسمىي ئۇستىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. شەھەردە ئۇنىڭ داڭقى چىقىشقا باشلىدى.

ئىمام مۇدىر پات - پاتلا ئۇلارنىڭ كارخانىسىغا كېلىدىغان بولدى، ئىمام. سانىيە نېمە دېسە دەرھال ھەل قىلىپ بېرەتتى. يىغىنلاردا سانىيەنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختايتتى. بۇ ئىش ئاياللار جىق بولغان بۇ كارخانىدا مىش - مىش گەپلەرنى پەيدا قىلدى. سانىيە ئىمام كەلگەندە ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە مەنىلىك كۆز قىسىشىپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزئارا پىچىرلىشىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. سانىيە ئەندىكىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقىدىن ئۆكۈندى. ئۇنى يەنە غەم باستى.

ئىمام بىر كۈنى كەچتە سانىيەنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ پوزۇر كىيىنىۋالغان، ئۆزىمۇ خۇش خۇي كۆرۈنەتتى. ئۇنى كۆرۈپ سانىيەنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى، لېكىن چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

— بۈگۈن سىزگە مېھمان بولۇپ كەلدىم، — دېدى ئىمام ئۆزىگە ياراشمىغان بىر كۈلكە بىلەن ھىجىيىپ، — قارشى ئالارسىز؟ بىرياققا بارامتىڭىز - يا؟

— ياق ... — سانىيە ھودۇقۇپ گېپىنى تاپالماي قالدى، — ياخشى بوپتۇ.

ئۇ ئالدىراپ چاي تەييارلىدى. ئىمام چاي ئىچكەچ سەيپۇڭخانا ئۈچۈن يېڭى ئۆي - ئىمارەت سېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئادەملەرنى كۆپەيتمەكچى ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەشكە باشلىدى. سانىيە ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تېخىمۇ ئەنسىزلىككە چۈشتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرەر يامانلىقنى ھېس قىلىپ داۋالغۇيتتى. ئۇ بۇ چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ تېزرەك كېتىشىنىلا تىلەيتتى. ئىمام بولسا كېتىشنى ئويلاپمۇ قويماي ھامان سۆزلىمەكتە ئىدى.

— ئۇنئالغۇڭىز يوقمۇ؟ — دېدى ئىمام بىردىنلا سۆزدىن توختاپ.

— يوق، — دېدى سانىيە.

— مەندە ئىككىسى بار، بىرنى ئەكىلىپ بېرەي، سىز ئىشلىتىڭ.

— ياق، ياق، لازىمى يوق.

— نېمە، خۇشىڭىز يوقمۇ؟ يا مېنى يات كۆرۈۋاتامسىز؟

ئىمام ئورنىدىن قوپۇپ سانىيەنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.

— سانىيە، بىز بىر ئۆيلۈك بولساق قانداق؟

سانىيە ئەس - ھوشىنى يوقىتىۋېتىشكە تاس قالدى، ئۇ تىترىگەن ھالدا قولىنى تارتىۋالدى.

— ئىمام ئاكا، بۇنداق گەپنى قىلمىسىلا، مەن...

— سانىيە، ياق دېمەڭ، قانداق شەرتىڭىز بولسا قوبۇل قىلىمەن. سىزنى كارخانىغا مۇدىر قىلىمەن...

سانىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى ۋە ئۆزى بوسۇغىدا تۇرۇپ:

— چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا ئادەم چاقىرىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىمام بىر مىنۇتچە سانىيەنىڭ تامدەك ئاقارغان قانسىز چىرايىغا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئورنىدەك چوڭقۇر كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى.

— قىلغان ياخشىلىقلىرىمىزغا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرىدىكەنسىز - دە، — ئۇ خىرىلدىغان ئاۋازدا دېدى، — ماقۇل، ئۇزۇن جاھان بۇ، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمىسىڭىزلا بولىدۇ...

ئىمام شۇنداق دېدى - دە، ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سانىيە

ئەس-ھوشىنى يىغىۋالالماي بىر پەسكە قاقشان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك، پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ كەتتى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى سىزىمىنى يوقاتقانىدى... ئۇ خېلى ئۇزاق ئۆتكەندە ئېسىنى يىغىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى، شۇندىلا ئۇنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. ئاندىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ خېلىدىن بۇيان يىغلىمىغان، تۇرمۇشتا خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھاياتتىن ئەمدى ئۇششۇقچە نەرسىنى تەلەپ قىلمايتتى. تارتقان ئازابلىرى، يوقاتقان نەرسىلىرى بەدىلىگە بولسىمۇ ئارزۇسىغا يەتكەنىدى. ئائىلە قۇرۇش توغرىسىدا بولسا ئويلاشتىنىمۇ قورقاتتى. ئەمما بۇ خاتىرجەملىك ھازىر يەنە بۇزۇلدى. ئىمام ئەمدى ئۇنى تىنچ قويارمۇ؟ سانىيە ئۇنىڭ ئۆچەكەشكەن ئادىمىنى ھامان يىقىتماي قويمايدىغانلىقىنى، ئۇ ئۆزىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان بىرنەچچە ئىشچىنى ھەيدىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. «ئەمدى قانداق قىلاي؟... — ئويلىدى ئۇ يېتىپ، — مەلىكەگە ھەممە ئەھۋالنى دېسەم قانداق؟ ئۇ مېنىڭ ھالىمغا يېتىدۇ، بەلكىم ئۇ ئىمامغا چۈشەندۇرەر، رايىدىن ياندۇرار... ھېلىمۇ ئېغىر كۈنلەردە ماڭا يارۆلەك بولدى، ھازىرمۇ قاراپ تۇرماس...» سانىيە شۇ ئۈمىد بىلەن سەل-پەل خاتىرجەم بولۇپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئۇ ئىشخانىسىمۇ چىقمىدى، كەچ كىرگەندە مەلىكىنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى.

— كەل، كەل، بارمۇسەن ئاداش؟ — مەلىكە ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى، — ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسەن. بۈگۈن تېخى بېرىپ كېلەيمىكىن، دەپ تۇراتتىم، بىلگەندەك ئۆزۈڭ كەپسەن. مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە، بىر قىسمىلا تۇرۇسىنغۇ؟ بىرسى رەنجىتتىمۇ-يا؟

سانىيە ئاخشام بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. سانىيە مەلىكەنى ئاچچىقى كېلىپ كىچىك دادىسىنى تىللاپ كېتەر دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە مەلىكە يايراپ كەتتى.

— مۇنداق-دە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — دېمەك، بىزگە كېلىن بولغۇدەكسەن-دە؟ ئىمام ئاكامنىڭ كۆزى بار جۇمۇ، ئەسلىدە سېنى ساقلاپتىكەن-دە، مەن يۈزدە-يۈز قوللايمەن، — ئۇ سانىيەنىڭ چىرايىدىكى غەمكىنلىكنى سېزىپ چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى، — ئىمام ئاكامنىڭ يېشىغۇ سەندىن چوڭراق، چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ؟ تېخى سېنىڭ قەدرىڭگە يېتىدۇ! ھازىرقى ياشلارنىڭ ۋاپاسىنى كۆردىڭغۇ، ھەممىسى ئالدامچى ساختىپەزلەر... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەنمۇ ھېسابتا بىر تۇرمۇشلۇق بولدۇڭ، بۇ تەرىپىنى ئويلىمىساڭ بولمايدۇ. ئىمامكامنىڭ ئىقتىسادىمۇ ياخشى، ناھايىتى ئېپى بار ئادەم، تۇرمۇشۇڭ گۈلدەك ئۆتىدۇ...

سانىيەنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى.

— مەلىكە، — دېدى ئۇ ئاستا، — ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

uyghurkitap.com



مەلىكەنىڭ چىرايى ئۆڭدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن قانداقمۇ بىللە ئۆتكىلى بولىدۇ؟ ئائىلە قۇرۇش پەقەت ياخشى يەپ، ياخشى كىيىش ئۈچۈنلىمۇ؟

مەلىكە ئۇنىڭغا قاراپ تامىقىنى قىقىپ قويىدى.

— سەن يېزىدىن نېمە مەقسەتتە كەلدىڭ؟ — مەلىكە ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ دېدى، — ياخشىراق تۇرمۇشقا ئېرىشسەم دەپ كەلگەنسەن؟ ھەممە ئادەم جىقراق پۇل تاپسام، باياشات ياشىسام دەپ پايپېتەك بولىدۇ. ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولدى، خىزمەتكىمۇ ئورۇنلاشتىڭ. بۇلار ئۆز - ئۆزىدىن بولۇپ قالمىغاندۇر؟ ساڭا مىننەت قىلىۋاتقىنىم ئەمەس، ھەرھالدا سەنمۇ ئوبدانراق ئويلاپ باقساڭ بولاتتى.

سانىيە مەلىكەدىن بۇنداق گەپلەرنى كۈتمىگەنىدى. ئۇنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. ئۇ ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى ۋە روھى چۈشكەن، دىلى ئازار يېگەن ھالدا ياتىقىغا يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ھەممە نەرسە مەنىسىز، يات تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى كاردۋاتقا تاشلىغان ھالدا خىيالغا چۆكتى. مانا، ئۇ ئىشەنگەن مەلىكەمۇ ئۇنىڭغا ھەمدەرد بولۇشنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭدىن رەنجىدى، ئۇنى ئەيىبلىدى. ئەمدى ئىمام ئۇنى پۈتلايدۇ، كارخانىدا تۇرغۇزمايدۇ. ئۇ ئەمدى نەگە باردۇ؟ كىم ئەمدى ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ؟ ئاھ خۇدا، بۇ جاھاندا ياشىماق نېمانچە تەس؟ ئۇ بەلكىم ئەينى چاغدا كېرەمگە ماقۇل دېگەن بولسىمۇ بۇنچىلىك دەردە-ئەلەمگە قالماستى. كېرەم سەھرالىق بولغىنى بىلەن ئاقكۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئىدى. مانا، ئۇ ئۆزىنى سىرلىق گۈزەللىكى بىلەن ۋەس - ۋەسىگە سالغان شەھەر تۇرمۇشىنىمۇ كۆردى. شەھەر قىزلىرىدەك ياسىنىشنى، كىيىنىشنى ئۆگەندى، تانسا ئويناشنىمۇ ئۆگەندى. ھازىر بولسا تانسىدىنمۇ، ئولتۇرۇشلاردىنمۇ زېرىكتى، ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان بولدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ھەر قانداق نەرسە سەن ئېرىشكىچە ئەتىۋارلىق، قىممەت بىلىنىدىكەن، سەن ئۇنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن بولسا ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىدىكەن...

سانىيە پەرەز قىلغاندەك ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىمام ئۆچ ئېلىشنى باشلىدى. «رەسمىي ئىشچى ئەمەس» دېگەن باھانە بىلەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارغان چاغدىكى ئىداردىن بەرگەن ئوقۇش پۇلىنى مائاشىدىن تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قولىغا تەگكەن 40 كوي پۇل تامىقىغا يېتىشمۇ ناتايىن ئىدى. ئىككىنچى قەدەمدە بولسا، كېيىمچىلىكتىن قالدۇردى.

سانىيە ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ كارخانىدا تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەڭ ياخشىسى، چىرايلىقچە بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتكىنى تۈزۈك ئىدى، لېكىن ئۇ نەگە باردۇ؟ بىرەر كارخانىغا كىرىش ئوچۇن يەنىلا ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش كېرەك. سايىم جوجاڭنىڭ يەنە ساخاۋەت قىلىشى ناتايىن، شەخسىي دۇكان ئاچقۇدەك ئىقتىساد يوق، سانىيەنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى.

سانىيە بۈگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىشتا بازارغا چىقتى. ئۇ شەخسىي سەيپۇڭلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمەكچى بولدى. ناۋادا مۇۋاپىقراق ئورۇن بولسا شىركەتتىن بوشىنىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شەھەردە تېخى شەخسىي سەيپۇڭلارمۇ جىق ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر نەچچە سەيپۇڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆردى، لېكىن ئۇ كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ئارقىسىغا ياندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تاتلىق سۇ ساتىدىغان دۇكانغا كىردى ۋە بىر بوتۇلكا گاز سۈيى ئېلىپ بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىغانىدى. ئۇ بۇ يەردە ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ دېمىنى ئېلىۋالماقچى بولغانىدى. دۇكاندا ئادەم جىق ئەمەس ئىدى. نېرىقى ئۈستەلدە پۈزۈر ياسانغان ئىككى يىگىت پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. سانىيە كۆڭلى پەرىشان ھالدا گاز سۈيى ئىچىپ ئولتۇردى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن نېرىقى ئۈستەلدە ئولتۇرغان بىر يىگىتنىڭ ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. «نەگە بارساممۇ بۇ بەزلەردىن قۇتۇلالمىدىمغۇ؟ نېمىشقىمۇ قىز بولۇپ يارىلىپ قالغان بولغىيدىم؟...» سانىيەنىڭ كەيپى ئۇچۇپ تەتۈر قارىۋالدى ۋە بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ گاز سۈيىنى تېز ـ تېز ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدىلا قوپاي دەپ تۇرغاندا ھېلىقى يىگىت يېنىدا پەيدا بولدى.



ـ ياخشىمۇسىز؟ ـ دېدى يىگىت سىپايە كۈلۈمسىرەپ.

سانىيە ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى، ئۇچىسىغا چەت ئەل مودىسىدا چىرايلىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا، بېشىغا شلەپە كىيىپ، كۆزىگە ئۆزگىرىشچان كۆزەينەك تاقىغان بۇ يىگىتنى سانىيە تونۇيالمىدى.

ـ مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ ـ يىگىت كۆزەينىكىنى ئالدى.

سانىيە ھەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

ـ كېرەم... بۇ سىزمۇ؟ ـ سانىيە چەكچىيىپ قاراپلا قالدى.

ـ مەن سىزنى ئىشىكتىن كىرگەن چېغىڭىزدىلا تونۇغانىدىم، ـ دېدى كېرەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

سانىيە قىزارغان ھالدا يەرگە قارىدى ۋە:

ـ سىز بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، ـ دېدى.

ـ سىزمۇ ئۆزگىرىپسىز.

ـ سىزنى سودىگەر بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم، راست ئوخشىمامدۇ؟

ـ خەقلەرنى دوراپ باقتىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتامسىز؟
— گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەردە يۈردۈم، ئۈرۈمچىدە ئاز تۇردۇم، ئوقەتچى دېگەن مېڭىپلا يۈرىدىغان گەپ ئىكەن...
سانىيە ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىلكىدە ئۇنىڭغا نەزەر سالدى. ئاشۇ سەھرالىق كېرەم — ئۈستىبېشى توپا - چاڭغا مىلىنىپ يۈرىدىغان قوپال دېھقان بۈگۈن سۆلىتىدىن ئادەم ئەيمەنگۈدەك سودىگەرگە ئايلانغان. ئۇنى كىممۇ سەھرالىق دېھقان دەيدۇ. ئۈچ يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىش نېمىدېگەن چوڭ. مانا، ئۇنىڭ بويىمۇ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ئۈستىخانلىرىمۇ چوڭىيىپ قاۋۇل يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئۆزىمۇ خېلى تەمكىن بولۇپ قاپتۇ.
— قوشبۇلاقتىن قاچان چىقىپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سوردى سانىيە.
— سىزنىڭ ئارقىڭىزدىنلا مەنمۇ چىقىپ كەتكەن، — دېدى كېرەم سانىيەنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ.
— شۇنىڭدىن كېيىن قوشبۇلاققا باردىڭىزمۇ؟
— ياق، پۇرسەت بولمىدى، ئەمدى بارماقچىمەن، سىزچۇ؟
— مەنمۇ يېقىن ئارىدا باراي دەپ تۇراتتىم، سىز قاچان بارماقچىسىز؟
— مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە، خالىسىڭىز بىللە ماڭايلى. سىزنىڭ ۋاقتىڭىز يەتكەندە ماڭساقمۇ بولىدۇ.
— ئۇنداق بولسا كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — سانىيە سائىتىگە قاراپ قوزغالدى، — ئىش ۋاقتىم بولۇپ قاپتۇ، مېنىڭ ياتىقىم چوڭ مېھمانخانىنىڭ يېنىدىكى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئىچىدە، بېرىڭ.
— سىز ياتاقتىمۇ؟ — كېرەم ھەيران بولۇپ سوردى.
— ھەئە، — سانىيە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملەپ ۋىللىدە قىزاردى، — ئەمىسە بارامسىز؟
— چوقۇم بارىمەن...

## 10

كېرەم بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن سانىيەنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى كۆڭۈل غەشلىكى يوقالغاندەك بولدى. كېرەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كۆپ بويى كەتمەي تۇرۇۋالدى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدىكەنا، ئاشۇ تۇرقىدا كىممۇ ئۇنى دېھقان دەيدۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېلى پۇل تاپقان ئوخشايدۇ. كېرەم ھازىرقى ئەھۋالىمنى ئۇقسا ئەجەب مېنى يارىتمىغاندەك، كۆرگەن كۈنۈڭمۇ چاغلىق ئىكەنغۇ دەر... بايا نېمىشقىمۇ ياتاقتا كېلىڭ دېگەندىمەن، ئەجەب نېرى - بېرىسىنى ئويلىماپتىمەنا، يا بىرنەچچە كۈن بىر ياقلارغا كېتەيمىكىن؟...» سانىيە ئويلىغانسېرى ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى.
سانىيە ئۇيان - بۇيان ئويلاپ، بۇ ئەندىشىلىرىنى يەنە ئۆزى رەت قىلدى.

«ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنىدىم، لېكىن ھېلىقى كۈندىكى گېپىدىن قارىغاندا، مەندىن رەنجىمىگەندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىللە ئۆستۇق، مىجەز - خۇلقى ماڭا ئايان، ئەمدى ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرسەم بولماس...»

سانىيە مۇشۇنداق چېكىنىش، ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئۇ تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى، كۆڭلىدە كېرەم ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. راست، دېگەندەك تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سانىيە ئىشتىن قايتىپ كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقاندا كېرەم كىرىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن تېخىمۇ پۈزۈر ياسانغانىدى. سانىيە ئۇنى بىر تەرەپتىن ھەۋەسلەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندىشە قىلغان ھالدا قارشى ئالدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاماققا ئۈلگۈرۈپ كەلگەن ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ سانىيەنىڭ تاماققا تۇتۇش قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، — نېمە ئېتىۋاتىسىز؟

سانىيە ھودۇقۇپ قالدى.

— نېمىنى كۆڭلىڭىز تارتىدۇ؟ دەۋېرىڭ، ئېتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— لەڭمەن، خۇيىمەن دېگەندىن بىزار بولۇپ كەتتىم، — ئۇ سومكىسىنى ئېچىپ، يالتىراق خالتىغا قاچىلانغان گۆشنى ئېلىپ سانىيەگە سۇندى، — ئوخشىتىپ بىر گۆش نان قىلسىڭىز بەك رازى بولاتتىم.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — سانىيە ھودۇقتى، — گۆشۈمىمۇ بار ئىدى.

— بۇ ئىچكىرىنىڭ ئادىتى، — كېرەم گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇردى، — كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن سانىيە، ئۆزۈمچە ئەكەلگۈم كېلىپ قالدى...

سانىيە ئۇشۇق گەپ قىلمىدى.

— مەن تېخى سىزنى قوشبۇلاقتا غىپپىدىلا قاچتىمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى سانىيە گۆش توغراۋېتىپ.

— سىزنى تاشلاپ قانداق كېتىمەن؟ ۋەدىلەشكەن تۇرساق...

— سودىگەرلەرنىڭ ۋەدىسى يالغان بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى سانىيە چاقچاق قىلىپ.

— سىز مېنى شۇنداق چۈشىنەمسىز؟ — كېرەم كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. راست، ئىچكىرىلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىڭا، قانداق ئىكەن؟

— سۆزلىگۈدەك نېمە بار دەيسىز؟ شەھەرلەر بەك ھەشەمەتلىك ئىكەن، قۇرتتەك مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ دەستىدىن دەم ئالالماي قالىسىز. ھەممە ئادەم تىرىكچىلىك، پۇل تېپىشنىڭ كويىدا. دەسلەپ بارغاندا، ئۇ يەردە پۇل تېپىشقا كۆزۈم يەتمىگەنىدى، لېكىن ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالسا پۇل تاپقىلى بولىدىكەن، — كېرەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەمدى دىۋانىدەك مېڭىۋېرىشتىنمۇ تويدۇم. ئىچكىرىگە ئەمدى بارمايمەن. مۇشۇ يەردە بېرەر ئىش قىلىش خىيالىم بار.

— دۇكان ئاچامسىز؟

www.uyghurkitap.com

ــ ياق، راستىنى ئېيتسام، بىرەر شىركەت قۇرۇش ئويـۇم بار، پۇلىمۇ تېپىپتىمەن. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇقۇشۇپ باقتىم، شەھەرلىك ھۆكـۈمەتـتىكىلەر بىلەنمۇ سۆزلەشتىم، ئۇلار شەھەرنىڭ تېرە ـ خـۇرۇم كارخانىسىنى سايە قىلىۋاتىدۇ، بۇ كارخانا ھەر يىلى زىيان تارتىۋېتىپتۇ، شۇنى كـۆتۈرە ئالايمىكىن دەيمەن. كارخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى يامان ئەمەسكەن، ئەمما مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى بەك ناچار، تۈزۈككىنە ئۇستا يوق ئىكەن. ئۈرۈمچىدىن بىرنەچـچە ئۇستا تەكـلىپ قىلايمىكىن دەيمەن، ھوي راست، سىزمۇ سەيپۇڭ ئىكەنسىزغۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق، ئۈرۈمچىدە كۇرستا ئۆگەنگەن ...

ــ مانا، مانا، ــ كېرەم خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تـۇرۇپ كەتتى، ــ ئۇستام ئالدىمدىلا ئىـكەنغۇ، ماڭا ياردەم قىلامسىز؟

سانىيەنىڭ ماقۇل دەۋەتكۈسى كەلدى. ئەمـما كېرەم يەنە باشقىـچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپ:

ــ ئويلىنىپ باقاي، ــ دەپ قويدى.

ــ سانىيە، بىللە ئىشلەيلى، ــ دېدى كېرەم ئۇنى ئۇناتىماقـچى بولۇپ، ــ ئەگەر زاۋۇتنى رەسمىي قولغا ئالسام، قوشىۇلاقتىكى ياشـلارنى ئىشچىلىققا ئەكىلىمەن. يۇرتىمىزنى سىزمۇ بىلىسىز، ئادەم كـۆپ، يەر ئاز، پەرىـزىمچە، ئۇ يەردىكى ياشلار سېمونت كۆۋرۈككە يىغىلىپ پاراڭ سېلىشىۋاتقانـدۇ شۇ تاپتا. ھازىر دېھقانچىلىققا يۆلىنىپلا باي بولماق تەس. بىچارە دېھقانـلار قاچانغىـچە نامـرات ياشايـدۇ؟ ئىچكىرىدە يۈرگىنىمدە مۇشۇ مەسىلىنى جىق ئويلىدىم. مېنىڭمۇ تەلىيىم كېلىپ پۇل تاپتىم، بۇ پۇل ماڭا ئۆمۈرۋايەت ئوكدا ياتسامـمۇ يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كـۆرە مۇشۇ پۇل بىلەن يۇرتۇمغا ئازراق بولسىمۇ مەدەت بېرىپ، خەقنىڭ دۇئاسىنى ئالاي دەيمەن...

كېرەمنىڭ سۆزى سانىيەنىڭ قەلبىنى ئېـرىتتى. ھازىـر كېرەم ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە بىلىنىدىك، سالاپەتـلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆزىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ ئۆزىدىن ئۆزى نومۇس قىلدى. كېرەم ئۆز يۇرتىنىڭ، نامـرات قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ، سانىيەچۇ، ئۆز بېشىنىڭ خاتىرجەملىكى بىلەن ئاۋارە... ئېست، ئېست...

ئۇلار تاماقنى يېگەچ كەلگۈسى ئىشلار توغـرىسىدا ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى. سانىيە ئۆزىنى دەردتىن خالاس بولغاندەك ھېس قىلدى. كېرەمنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭـلىگە تەسكىن بەردى. كېرەمنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشلىرى ئۇنىڭ يـۈرىكىنى ئوينىتىۋېتەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىدە خۇددى ئۈچ يىل ئىلگىرى كۆل بويىدا پولات بىلەن بىللە بولغاندىكىگە ئوخشاش ھالەتنى ھېس قىلىشقا باشـلىدى. قەلبى نامەلۇم بىر ھاياجان بىلەن داۋالغۇشقا باشـلىدى. خىيالىدا كېرەمنى كەتمىسە ئىكەن دەپ تىلەيتتى. بەزىدە يەنە كېـرەم نېمە دەپ ئويـلاۋاتىـدىكىن، دەپ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى، لېكىن سۆز ـ ھەرىكىتى ھېچ قولاشمايتتى. ئۇ، كېرەمنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە قېتىپلا قالغانىدى. ھازىر ئۇ «ئىككىنچى ئەر كىشىگە قارىمايمەن» دېگەن قەسىمىنى ئۇنتۇپلا قالغانىدى. كېرەممۇ ئۇنىڭغا پات ـ پاتـلا ئوتلۇق نەزەر تاشلاشقا باشلىدى. سانىـ

يەنىڭ ئېسىگە ئۆتكەن ئىشلار كېلىپ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى، قەلبىنى ئېرىتكەن تاتلىق خىياللار خۇددى بىر چۈشتەك غايىب بولدى. ئۇ، كېرەمگە قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ؟ كېرەم ھېچنەرسىنى ئۇقمايدۇ، ياق، ئۇ كېرەمگە لايىق ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇلغانغان تېنى بىلەن كېرەمنىڭ پاك قەلبىنى ئالداشنى خالىمايدۇ. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال سانىيە، كۆڭلۈڭنىڭ رايىغا بارما، كېرەم غۇرۇرلۇق ئەركەك، ئۆتكەن ئىشلارنى ھامان يوشۇرغىلى بولمايدۇ، ھامان كېرەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، بەلكىم ئۇ چاغدا تېخىمۇ كۆتۈرەلمىگۈسىز پۇشايمانغا قالىسەن...

سانىيە ئېھتىياتچانلىق بىلەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— سىز قانداق قىلىپ سودىگەرچىلىك قىلىشنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

— بۇنىڭغا سىز سەۋەبچى بولدىڭىز.

— مەن؟...

— ھەئە، سىز يېزىدىن كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ زادىلا تۇرغۇم كەلمىدى، دېھقاننىڭ تەقدىرى شۇنداق بولسا مەنمۇ بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقاي دېدىم...

— ئۇنداقتا تاپقان پۇلىڭىزنىڭ يېرىمى مېنىڭ بولىدىكەن-دە، — سانىيە كۈلگىنىچە چاقچاق قىلدى.

— خالىسىڭىز ھەممىسىلا سىزنىڭ...

— ۋىيەي، ئاغزىڭىزدا ئۇنداق دېگەن بىلەن، پۇل دېگەن تاتلىق نېمە، پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە بولسا، بىر ئۇچى يۈرەكتە دەيدۇ...

— ئەمما مېنىڭ يۈرىكىمدە پۇل ئەمەس، سىزلا بار... — كېرەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — سانىيە، مەن سىزنى پەقەتلا ئۇنتالمىدىم.

كېرەم سانىيەنىڭ تىترىگەن تېنىنى ئۆزىگە تارتتى، بۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ ئەركىلەتتى. سانىيە دەسلەپ بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، ئەمما بايىقى خىياللار دەرھال كۆڭلىگە كېچىپ چۆچۈپ كەتتى.

— كېرەم، ئۇنداق قىلماڭ، بولمايدۇ، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ.

— نېمىشقا؟

— ياق، — دېدى سانىيە يەرگە قارىغان ھالدا، — مەن زادى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتمەكچىمەن، راست... سىز ئۇقمايسىز كېرەم، مەن سىزگە لايىق ئەمەس.

كېرەم ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى.

— سانىيە مەن ھەممىسىنى بىلىمەن، پولات بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئاراڭلاردا بولغان ئىشلارنى... مەن بىلىمەن. ئۇ ئىشلار دەسلەپ ماڭا ھار كەلگەنىدى، راستىمنى ئېيتسام، سىزنىڭ چىرايىڭىزغا قارىماسلىق، سىزنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يىراققا كەتكەنىدىم. لېكىن دۇنيانىڭ چېتىدە يۈرۈپمۇ سىزنى كۆڭلۈمدىن چىقىرالمىدىم، قاراڭ، مەن ئۈچ يىل جاھان كەزدىم، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى، ئادەملەرنى چۈشەندىم. ياشلىقتا كىم ئازمايدۇ، بۇ ئىشلار ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، سىز ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ...

كېرەمنىڭ سۆزى سانىيەنىڭ قەلبىنى شامدەك ئېرىتىۋەتتى، ئۇنىڭ كۆز چاناق-

ئۇيغۇر كىتابلىرى كۇتۇپخانىسى www.uyghurkitap.com

لىرىدا ياش لىغىرلىدى. ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالاي دېسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ كېرەمنىڭ كەڭ كۆكسىگە يۈزىنى ياققان پېتى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. سانىيە خۇددى شۇ يىغا بىلەن پۈتۈن دەرد - ئەلەمنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۇزاق يىغلىدى. كېرەم بولسا ئۇنى كىچىك بالىدەك بەزلەيتتى. يۈز - كۆزلىرىگە تويماي سۆيەتتى.

— كېرەم، راستىنلا مېنى كەچۈرەمسىز؟

— بايا دېدىمغۇ، سىز ئەيىبلىك ئەمەس...

— مەن ئۆز ۋاقتىدا سىزگە ماقۇل دېگەن بولسام بۇنچىلىك دەرد تارتمىغان بولاتتىم، — سانىيە ئېسەدەپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

— بىر ھېسابتا شۇ چاغدا ماقۇل دېمىگىنىڭىزمۇ توغرا بوپتىكەن، بولمىسا بۇ كۈنگە ئېرىشەلەمتۇق؟ لېكىن بىر ئىشتىن كېيىن قالدۇق، بىلەمسىز؟ — كېرەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، سانىيە سوئال نەزەرىدە قارىدى.

— شۇ چاغدا «ھە» دەۋەتكەن بولسىڭىز، بالىمىز ھازىر مېكتەپمۇ قالغان بولاتتى.

سانىيە ۋىللىدە قىزىرىپ، كېرەمنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى.

* *

شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، قوشبۇلاقتا كېرەم بىلەن سانىيەنىڭ تويى بولدى. قوشبۇلاق تارىخىدا بۇنداق چوڭ، ھەشەمەتلىك توي بولۇپ باقمىغانىدى. پۈتۈن يېزا تەۋرەپ كەتتى، تويغا يېزىنىڭ چوڭىدىن - كىچىك ھەممىسى كەلدى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا بۇلارنىڭ گېپى.

— ئەكەلگەن نەرسىلىرى ساپلا چەتنىڭ ئىكەن.

— سانىخاننىڭ قوللىرى ئالتۇن ئۈزۈككە توشۇپتۇ، تازىمۇ تەلىيى بار ئىكەن.

— كېرەم ئاخىرى سانىخاننى ئالدى دېسە...

— ئۇنچىلىك بايغا كىم تەگمەيدۇ، سانىخان بىكار ئوقۇغان ئەمەس.

— ئىككىسىمۇ بىر - بىرىگە ماسلىشىپتۇ. تۇۋا، كېرەمنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان...

سانىيە ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئاۋۋالقى دوستلىرىغا قاراپ ھەيران بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سانىيەنىڭ كۆزىگە چوپچوڭلا ئاياللاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاددىي، كىيىملىرىگە، قارىداپ قورۇلغان نۇرسىز چىرايلىرىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى: «بىچارىلەر، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — ياپياش تۇرۇپ موماي سىياقىغا كىرىپ قاپتۇ. مەنمۇ يېزىدىن كەتمىگەن بولسام ئاشۇلاردەك قېرىپ، پېشىمىگە دەسسەپ يۈرگەن بولار ئىدىم. ئۇلار تېخى مۇشۇ كۈنلىرىگە شۈكرى قىلىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا، ھايات دېگەننىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. بەلكىم ئۇلار بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتامدىكىن تېخى؟...

تويىنىڭ پاتپاراقچىلىقى تۈگىگەندە كېرەم بىلەن سانىيە مەھەللىنى ئارىلاپ چىقىپ، بىر چاغلاردا ئىككىسى پاراڭلاشقان ئۇرۇك تۈۋىگە كېلىشتى. ئېتىزلار يالىڭاچلان-

غان، ئوت-چۆپلەر سارغايغان بولۇپ، قوي-كالىلار، ئېشەكلەر ئوتلاپ يۈرەتتى. ئۆرۈك يوپۇرماقلىرىمۇ قىزغۇچ-سېرىق تۈسكە كىرگەن بولۇپ، يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىغانىدى. سانىيە بىردەم ئۆرۈك يوپۇرماقلىرىغا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇردى، ئاندىن كېيىن غازاڭلار بىلەن يېپىلغان يەرگە ئولتۇردى.

— كېلىڭ، بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى كېرەمنى شەرەت قىلىپ.

كېرەم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ كۈلۈپ قويدى-دە، سانىيەنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى.

— يېزىدىكىلەر بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟ — سورىدى سانىيە ئالدىغا چۈشكەن بىر يوپۇرماقنى قولىدا پىرقىراتقاچ.

— سۆزلەشتىم، هازىرلا ئون نەچچىسى بېرىشقا قوشۇلدى. چارۋىچىلارمۇ بىزنى تېرە بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى. سىزمۇ قىزلاردىن بىرنەچچىسىنى ئاپىرىپ ئۆگەتمەمسىز؟

— مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەيمەن. بىچارە ئاياللارغا قارىسام، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئېتىزدا جاپا تارتىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم، سانىيە، — دېدى كېرەم تاماكىنى پۇتىدا دەسسەپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، — كېيىنچە كارخانىمىز راۋاج تېپىپ قالسا ھەممىدىن ئاۋۋال قوشبۇلاققا توك تارتىپ بەرسەك دەيمەن، يۇرتداشلىرىمىز تېخىچىلا قارا چىراغ يېقىپ ئولتۇرسا ئادەم نومۇس قىلىدىكەن.

سانىيە مەمنۇنىيەت بىلەن كېرەمنىڭ قولىنى سىيلاپ قويدى. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار توغرىلىق خېلى پاراڭلاشتى.

— كېرەم، — دېدى سانىيە يەردە ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە سۈپسۈزۈك ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ، — هېلىقى بىر چاغدا مۇشۇ يەردىكى پاراڭلىرىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن؟

— مېنىڭ شۇ چاغدا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟

— ئىشقىلىپ مېنى ئويلىمايتتىكەنسىز، — كېرەم قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمچە كەلگۈسى توغرىلىق ئويلىغانىدىم، كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن شەھەرلىكلەرنىڭ هاياتىنى ئارزۇ قىلغانىدىم...

— هازىرچۇ؟ ئارزۇيىڭىزغا يەتتىڭىزمۇ؟

— يەتتىم، مەن بەختلىك، لېكىن بۇ بەختكە تولىمۇ تەستە ئېرىشتىم.

— جاپا چەكمىگۈچە هالاۋەت يوق ئەمەسمۇ... — كېرەم ئېگىلىپ سانىيەنىڭ قۇياش نۇرى يالتىرىتىپ تۇرغان پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى.

سانىيە بەخت ۋە لەززەتتىن هۆزۈرلىنىپ كۆزىنى يۇمدى. شۇ هامان كۆز پەردىسىدە قىپقىزىل دۇنيا نامايان بولدى. ئالتۇن نۇرلار بىلەن تولغان بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ مەنىلىك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدى راهەتلەندى. كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# چاقچاقلار

## «ھاراق باھالاش»

بۈگۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاشخانىسى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ناھىيىنىڭ ھاكىمى، شىۋجىلىردىن تارتىپ بۆلۈم باشلىقلىرىغىچە ئەللىك - ئاتمىش كادىر ناھىيىنىڭ ھەرقايسى ھاراق زاۋۇتلىرىدا يېڭىدىن ئىشلىنىپ چىققان ھاراق سورتلىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاپ بېكىتمەكچى ئىدى.

شىرەلەرگە خىلمۇخىل ھاراقلار قاتار تىزىلىپ، زاكۇسكا ئۈچۈن توخۇ گۆشى، بېلىق قاتارلىق ئون نەچچە خىل گۆشلۈك قورۇلمىلار ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلدى. شىرەنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇشقان كادىرلارنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. رومكىلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ سادالىرى بىلەن «قېنى، خوشە، ئىچەيلى!»، «بۇ ھاراق قالتىسكەن جۇمۇ!»، «پاھ، ماۋۇ ھاراقنىڭ تەمى بۆلەكچىكەن!» دېگەن ئاۋازلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئاشخانىنىڭ ئىچى بەئەينى ھەرە ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىشخانا مۇدىرى ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھاكىم، باھالاشنى باشلايلىمۇ؟ — دەپ يولىيورۇق سورىدى.

— ھە، ھە، باشلايمىز، باشلايمىز... قېنى، جاڭ جۇرېن، ئاۋۋال ماۋۇنى كۆتۈرۈۋېتىڭ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم! — دېدى ھاكىم بىر رومكا ھاراقنى ئىشخانا مۇدىرىغا تەڭلەپ.

«باھالاش» رەسمىي باشلانماستىنلا كادىرلارنىڭ تەڭدىن تولىسى تەڭشىلىپ قالدى. باھالاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن شۇجى دەلدەڭشىگەن ھالدا ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھاكىم... بۇ... بۇ... باھا... لاشنى باشقا بىر كۈنى قىلساق قانداق؟ — دېدى دۇدۇقلاپ. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئارانلا يەر دەسسەپ تۇراتتى. ھاكىم بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى - دە، شۇجىغا بىر رومكا ھاراق تۇتتى...

يەپ - ئىچىش، سىردىشىشلار يەنە بىرەر سائەت داۋاملىشىپ «باھالىغۇچىلار»

بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشتى. باھالاش كې-
لەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنى چۈشتىن
كېيىنگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى
باھالاشقا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپرەك ئادەم
ئىشتىراك قىلدى.

ھاكىم «ئۆتكەنكى ئاچچىق ساۋاقنى
قوبۇل قىلىپ، ھاراقنى ئازراق ئىچىش
ياكى تەمىنىلا تېتىپ كۆرۈش، ھاراق-
لارنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ئەستايىدىل پى-
كىر قىلىش» توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن
سۆزلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھاراقنىڭ
«كەيپى» ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، با-
ھالىغۇچىلارنىڭ گرادۇسى كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى ـ دە، باھالاش يەنىلا ئاۋۋالقىدەك
ئاياغلاشتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا
ناھىيە ئىچىدە «ھاراق باھالاش زىيا-
پىتى» ھەققىدە ھەر خىل سۆز ـ چۆچەك-
لەر تارقالدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان
ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ ئىشنى جىددىي
سۈرۈشتە قىلىپ ناھىيە رەھبەرلىرىنى
قاتتىق تەنقىد قىلدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە شە-
ھەرلىك ھاراق زاۋۇتىدىن ئىككى نەپەر
تېخنىك كېلىپ، سەككىز خىل ھاراقنىڭ
سۈپىتىنى بار ـ يوقى بىر سائەت ئىچى-
دىلا باھالاپ بېكىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ
بىر ۋاقلىق تامىقى ئۈچۈن پەقەت ئون
بەش يۈەنلا خەجلەندى. بۇ ئىش شۇن-
داق ئاخىرلاشتى. بىراق ئىككى قېتىم-
لىق «ھاراق باھالاش» ھەققىدىكى كۈل-
كىلىك گەپلەر ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ
ئېغىزىدىن چۈشمەي لەتىپە بولۇپ ئېي-
تىلىپ كەلمەكتە.

## «مايمۇن ئويۇنى»

يېقىندىن بۇيان شەھىرىمىزدە ماي-
مۇن ئوينىتىدىغان ئۇستاملار كۆپىيىپ
قالدى... مەن ئىلگىرى «مايمۇن ئويۇنى»
غا ئانچىلا قىزىقىپ كەتمەيتتىم. جاڭ-
جۇڭ قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىساملا بېشىم
ئاغرىيتتى. بۇ قېتىم بىر ئاغىنەمنىڭ
زورلىشى بىلەن «مايمۇن ئويۇنى» نى
باشتىن ـ ئاخىرغىچە كۆرۈپ ئۇنىڭغا ھې-
رىسمەن بولۇپ قالدىم.

ئۇستام ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىر-
گەن كىچىك بىر مايمۇنچاقنى ھەر خىل
ئىشلارغا بۇيرۇپ ئويۇنغا سېلىۋاتاتتى.
ئىككى پۇتىنى تىك كۆتۈرگەندە بويى ئا-
رانلا بىر گەز كېلىدىغان ئاۋاق، كۆزلىرى
چەكچىيىپ تۇرىدىغان قىزغۇچ مايمۇن-
چاق ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قاراپ، چى-
شىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ، قۇلاقلىرىنى
دىڭ تۇتقان ھالدا سەينانىڭ ئوتتۇرى-
سىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ
جاڭ ـ جۇڭنى ئۇرۇپ ئوقۇۋاتقان نەزمى-
سىگە قۇلاق سالغان ھالدا «ھۈنەر» كۆر-
سىتىۋاتاتتى. ئۇستىسى: «قېنى مايمۇن-
چىقىم، سۇڭ ۋۇكۇڭنى دوراپ بەرگىنە!»
دېسە ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ساندۇقنىڭ ئۈس-
تىدىكى قىزىل نىقابنى يۈزىگە تارتىپ
قولىغا گۈرزىنى ئېلىپ مۇللاق ئېتىپ
سۇڭ ۋۇكۇڭنى دوراپ بېرەتتى. ئۇستى-
سى: «قېنى مايمۇنچىقىم، ھاسائىنى قو-
لۇڭغا ئېلىپ بوۋاي بولۇپ باقىنە!»
دېسە، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ساندۇقنىڭ ئۈس-
تىدىكى ھاسىنى ئېلىپ توكۇلدىتىپ مۈك-
چىيىپ مېڭىپ بوۋاينى دوراپ بې-
رەتتى.

ئەتراپنى زىچ ئوراپ تۇرغان تا-
ماشىبىنلار مايمۇنچاقنىڭ غەلىتە قىلىق-
لىرىغا قاراپ تېلىقىپ كۈلۈشەتتى. ماي-

www.uyghurkitap.com

مۇنچاقنى كۆرسىتىپ نېمىلەرنىدۇ دېيىشەتتى.

ئۇستام مايمۇن ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئېتىكىنى ئاچقاندا كىشىلەر ئاتىغىننى تاشلاشتى. مايمۇنچاقمۇ ئۇستام بىلەن تەك سەينادا چۆگىلەپ ئالقىنىنى ئاچاتتى. مەن ئۇنىڭ ئالقىنىغا بىر سوم پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم. چۈنكى ئۇ بىچارە ئۇستىسىنى رازى قىلىپ تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرىمەن دەپ ئاز جاپا چەكمىدى - دە...

مايمۇنچاق ئۇستىسىنىڭ ئىشارىسى بىلەن قولىنى چېكىسىگە قويۇپ چاس بېرىپ تەزىم قىلدى. تاماشىبىنلار قاقاھلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مەن مايمۇنچاقنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم: تۇرمۇشىمىزدا ئەنە شۇنداق «ئۇزۇن يىل كۆندۈرگەن مايمۇنچاق» لارنى ھەرخىل سەنەمگە دەسسىتىپ «نەپ» ئېلىۋاتقانلار ئاز دەمسىز؟

مەن «مايمۇن ئويۇنى» نىڭ چىن مەنىسىگە ئەمدىلا چۈشەنگەندەك بولدۇم.

## «گۇمان» نىڭ سىرى

ئىشتىن چۈشۈپ ئالدىراپ ئۆيگە كېلىۋاتقان ئايىمنىسا يولدىشى قاسىمنىڭ ئۇزۇن چاچلىق، قارا كاستۇم - يوپكا كىيىۋالغان زىلۋا بىر ئايال بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ قاياققىدۇر كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

«ھە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا كېچىكىپ كېلىدىكىن دېسەم ئىش مۇنداقكەن تېخى، ‹خىزمەت ئالدىراش›، ‹كەچتە ئىشلەيمەن› دەپ مېنىڭ دوپپامغا جىگدە سېلىپ... ھۇ، كاززاپ، يېقىندىن بۇيان كاستۇم - بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ئاياغنى پارقىرىتىپ مايلاپ باشقىچە ياسىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى، مەن تېخى ئۇقماي يۈرۈپتىكەنمەن...»

ئۇ ئويلىغانسېرى ئۇغىسى قايناپتتى.

ئۆيدىكى چىنە - قاچىلارنى چېقىپ كۆكۈم‌تالقان قىلىۋەتكۈسى، قازاننى پىرقىرىتىپ تالاغا ئاتقۇسى كېلەتتى، بۇنداق ئۆينى ئوت قويۇپ ئۆرتىۋەتسىمۇ ئەرزىيدۇ - دە...

ئۇ ساراي ئۆيىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە توختىماي ماڭاتتى، قولى زادىلا ئىشقا بارمايتتى. بايىقى «كۆڭۈلسىز مەنزىرە» دىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبى ئاللىقانداق بىر قورقۇنچلۇق تۇيغۇلار ئىچىدە ئازابلانماقتا ئىدى.

ئۇ نېمىدىندۇ گۇمانلانغاندەك قاسىمنىڭ ئىش ئۇستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ تارتمىنى ئاچتى، تارتمىنىڭ ئىچىدە يوغان بىر ئاق كونۋېرت تۇراتتى. ئايىمنىسا كونۋېرتنى تۇتۇپ بېقىپ ئىچىدە سۈرەت بارلىقىنى سەزدى - دە، ئىتتىك ئېلىپ بىر قاراپلا زەھەر يۇتۇۋالغاندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ، سۈرەتنىڭ ئارقىسىغا قارىدى. ھېچقانداق خەت يوق، كونۋېرتقىمۇ خەت يېزىلمىغان. ئايىمنىسا سۈرەتتىكى قاش - كۆزلىرى جايىدا، ئاق يۈزلۈك، چاچلىرىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان 19 ياشلاردىكى بۇ قىزغا قارىغانسېرى چوغقا دەسسىۋالغاندەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتى.

«بۇ نېمە رەسۋاچىلىق؟! بۇ ھەقاچان ھېلىقى سەتەڭنىڭ ياش ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى! ھۇ، نىيىتى بۇزۇق! مېنى ئالداپ ‹ئات ئايلىخانىغا، يول سارىغانغا› دەپ يۈرۈپتۇ - دە... مانا بۇ پاكىت بولماي نېمە؟!...

تووۋا، مۇنداقمۇ نىيىتى يامان ئادەم

بولىدىكەن، كىشىنى شۈنچىمۇ ئانىي تاپقان بارمۇ - ھە؟!»

ئايىمنىسا بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ئورۇقلاپ، چىرايلىرىغا قورۇق چۈشۈپ، بۆلەكچىلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى.

قاسىم كەچ سائەت سەككىزلەردە ئۆيىگە قايتتى.

— مۇشۇ كەمگىچە نەدە يۈردىڭىز؟— دېدى ئايىمنىسا ئېرىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ.

— دوختۇرخانىغا ئالىمنى يوقلاپ...

— تولا كاززاپلىق قىلماڭ، بىر سەتەڭنى قولتۇقىڭىزغا قىسىپ تاماشا قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى مېنى كۆرمىدى دەمسىز؟ بۈگۈن سىز بىلەن ئوچۇق سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ!

— ھەي، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟! ئىشتىن چۈشۈپ دوختۇرخانىغا كېتىپ بارسام ئىدارىمىزدىكى ئايشەم ئۇچراپ قالدى، ئۇمۇ دوختۇرخانىغا مېڭىپتىكەن، بىللە باردۇق ... ئايشەمنى تونۇمامسىز؟

— يالغان، ئۇ ئايشەم ئەمەس! ...

— ھوي، بۇ زادى نېمە گەپ؟

— نېمە گەپلىكىنى ماۋۇ سەتەڭدىن سوراڭ!

ئايىمنىسا قولىدىكى سۈرەتنى قاسىمغا ئاتتى، قاسىم يەردىكى سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

«بۇ قىز كىمدۇ؟» ئۇ سۈرەتتىكى قىزنى كىمگىدۇ ئوخشاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن زادىلا ئېسىگە ئالالمايتتى.

قاسىم ئىنتايىن قىيىن، سىرلىق بىر تېپىشماققا دۇچ كەلگەن كىشىدەك بىر ئايىمنىساغا، بىر سۈرەتكە قارىغىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئايىمنىسا ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تىل - ئاھانەتكە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ قاسىمنىڭ ئانىسى تىللاخان ھەدە كىرىپ كەلدى.

— يائاللا، يەنە نېمە بولۇشتۇڭلار؟ قولۇم - قوشنىلاردىن نومۇس قىلمامسىلەر؟ ھەر قانداق ئىش بولسا چىرايلىقچە سۆزلەشسەڭلار بولىدۇغۇ! — دەپ ئۇلارنى كايىدى.

ئايىمنىسا ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى ...

— ئاپا، ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭا ... — دېدى قاسىم ھېلىقى سۈرەتنى ئاپىسىغا تەڭلەپ.

— ھە، بۇ ھاماچاڭنىڭ سۈرىتى بالام، نېمە بولدى؟— دېدى تىللاخان ھەدە سوئال نەزەرىدە قاسىمغا قاراپ.

— نېمە، ھاماچامنىڭ ... بۇ سۈرەت ھاماچامنىڭ سۈرىتىمۇ؟!

— شۇنداق، ھاماچاڭنىڭ ياش ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى، ماڭا شۇ سۈرەتنى ئەۋەتىپ بەرگىن دەپ خەت يېزىپتىكەن، سۈرەتنى ساندۇقنىڭ ئىچىدىن مىڭ تەسلىكتە تېپىپ قېشىڭغا كىرسەم يوقكەنسەن، تارتمىڭغا سېلىپ قويغانىدىم، كونۋېرتقا ئادرېسىنى يېزىپ بەرگىن، تېزرەك ئەۋەتىپ بېرەيلى، بالام.

قاسىم يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر تاغدىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ ئىتتىك ئايىمنىساغا قارىدى. ئايىمنىسا بولسا خىجىل بولغانلىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھۇپپىدە قىزارغىنىچە يەرگە قاراپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

دىلشات سايىت

# قەترىلىرىم چاچسا خۇش ئىپار



دىلشات سايىت 1966-يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1987-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىدىلا شېئىرىيەتكە ھەۋەس باغلىغان بۇ ياش ئاپتور ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئارزۇسىنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى جەھەتتە يېڭى ئىمكانىيەتكە ئىگە بولدى. 1985-يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

## قەدىمىي شەھەردە

تۇن قوينىدا تەمبۇر ساداسى
يۈرەكلەرنى تىترىتەر لەرزان.
روھقا مەدەت قەشقەر ھاۋاسى
شامال بىلەن ئۇچۇدۇ ھەريان.
ھېيتگاھدا ئۇيغۇر ساماسى
يۈرەكلەرنى تىترىتەر لەرزان.

قۇندۇز كېچە جىمجىتلىقىدا
پەر يايىدۇ كوچا ناخشىسى.
قىزىل، تۇمەن قىرغاقلىرىدا
مەجنۇنتالنىڭ مەيىن تەۋرىشى.
شەرقىي كۆلنىڭ ئويناقلىقىدا
پەر يايىدۇ كوچا ناخشىسى.

رەستىلەرگە قۇت پەرى قونغان،
مۇنارىلار كۆرۈنەر قايتا.
ئالماس قوللار نەقىشلەر ئويغان
ياقۇت كۆزلۈك ئايسىمان ھالقا،
قاسساپلىرى پاخلاننى سويغان،
مۇنارىلار كۆرۈنەر قايتا.

«تارىم مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئانار گۈلى ئۈنگەن گىلەمدە،
قىلار دوپپا باشلاردا جىلۋە.
مەھمۇد، يۈسۈپ بىر نامايەندە،
قەبرىلىرى سەجدەمگە قىبلە.
خەس سىياقتا يۈرمە ھەرەمدە،
سەرخىل دوپپا باشلاردا جىلۋە.

## گۇناھكار

بۇلاقلارغا چۆمۈلۈپ تۈندە
پاك سۇلارنى قىلمىغىن غۇبار.
يۇيۇلمايدۇ يۈزۈڭدىكى داغ
قىلىنىسمۇ ساڭا ئېتىبار.
ئۆز تىلىڭنى يوقاتتىڭ نېچۈن،
قەۋمىڭ تۇرسا دۇنيادا پۈتۈن؟!...

## ئاجايىپ ئىنسان

سوۋغا قىلدىم يوقسۇزلۇقىمنى
مەي جامىدىن ئاققان ياشلارغا.
ئويۇپ ئېلىپ ئۈنسىز كۆزۈمنى،
ئالماشتۇردۇم رەزگى تاشلارغا.

جىغان بولغان مۇھەببەت ئۆچتى
كۆكسۈش تۇمان ئىچىدە پىنھان.
لېكىن خىيال تومۇرغا كۆچتى،
ئېقىپ يۈرەر،
ئاجايىب ئىنسان ...

## ئاھ، جان ئانا!

چۈش بۇزۇلۇپ يەر گۈمبىزى بولسىمۇ پارە،
قىبلىلەرنىڭ توغانلىرى تاشسىمۇ قايناپ؛
يۈكۈنسىمۇ ساكىيامۇنى، ئەيسادا نالە،
كۆز بەرگىمدە دۇر ئويىنىماس تىل لەۋنى چايناپ.
ئاھ، جان ئانا، ئۆزۈڭ خۇدا، ئۆزۈڭ پەيغەمبەر،
قىبلىلەرنىڭ توغانلىرى تاشسىمۇ قايناپ.

باغرىڭ يۇمشاق، سەبىيلەردەك ياپرايدۇ قۇياش،
مېھرىڭ قانات، ئىككى بوستان يەلپۈنەر لەرزان.
قان تومۇرۇڭ خىيالدىكى جەننەتكە تۇتاش،
مۇڭغا سېلىپ قىبلىلەرنى تىترىتەر ئەزان.
ئاھ، جان ئانا، ئۆزۈڭ خۇدا، ئۆزۈڭ پەيغەمبەر،
مېھرىڭ قانات، ئىككى بوستان يەلپۈنەر لەرزان.

يەر شارىنىڭ ئۆزى قەپەس، تۇخۇمدەك گويا،
ئىنسان جەۋھەر ھەم گۈندىپاي، ئاچقۇچ ئۆزىدە.
ھېركورىغا چىقىش ئۈچۈن تەۋرەيدۇ دۇنيا،
«مۆمىن بەندە» ... بىر ئاجىزلىق ئۇخلار كۆزىدە.
ئاھ، جان ئانا، ئۆزۈڭ خۇدا، ئۆزۈڭ پەيغەمبەر،
ئىنسان جەۋھەر، ھەم گۈندىپاي، ئاچقۇچ ئۆزىدە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئايرىلىش چاغلىرى

...

سىرىق ياپراق ئۇچار مەسخۇش شامالدا
تاغ باغرىدا تۇرغان ئاقۇش كەپىگە.
يۈرەكلىرىم قالغان ئىدى قامالدا،
ئۇزاپ كەتكەن چاغلىرىڭدا مەيدە.

يېشىل شارپاڭ يەلپۈنەتتى شوخ، لەرزان،
چىلان تورۇق ئۆكسۈپ كىشنەپ قويۇاتتى.
قول كۆتۈردۈم: «بولما نىگار، — دەپ، — سەرسان»
خاتىرەڭدىن تونۇش ھىدلار پۇرايتتى.

جىمجىت تۇرۇپ يىراقلارغا كۆز تىكىپ،
چاناقلارغا ئۇنچە تىزدىم بولۇپ لال.
دەريالاردا ھىجران بىلەن كۆي ئېقىپ،
مۆلچەرلەيتتى كەلگۈسىگە ئېچىپ پال.

كېلەمسەن ياقىپقالاسەن بىلمىدىم،
ئەسلەپ تۇرساڭ مۇھەببەتكە كۆپايە.
ئويلىرىمنى قايچا بىلەن بۆلمىدۇم،
بىللە ماڭغان يوللىرىمدا سىپايە.

## تۆمۈرچى بالا

سەككىز يۈرەك ئۆي ئىچىدە ئويقۇدا،
تۆن جىسمىقى ئويغا چۆككەن باشلاردەك.
قۇرۇم باسقان دۇكان تىترەر بولقىدا،
ئوت تولغىنار شامالدىكى چاچلاردەك.

جەڭ دۈمبىقى چېلىنغاندەك سەھەرادا،
بازغان بىلەن تۆمۈر سوقار سەبىي ياش.
ئانىسىدۇر پالەچ، ئاتا بىر ئەرۋاھ،
تۇرمۇش يولى قاچقان ئۇندىن بەرەي ئاش.

نارەسىدە قارىچۇقلار شۇ قولغا
تەلمۈرىدۇ باچكىلارنى ئەسلىتىپ.
جان كۆكىنى ساتار ئاكا شۇ پۇلغا،
تەبىئەتكە قالغاچ ھۇنەر ئەسقىتىپ.

تاغلار نېچۈن مىدىرلايدۇ يەر تەۋرەپ؟
ئاي نېمىشقا چۆكۈپ كەتكەن دۇغلارغا؟
مەجنۇنتاللار بەل تولغايدۇ ئەزۋەيلەپ،
قاراپ باقماي شۇ ناتىۋان قوللارغا...

## كۆمۈلگەن قۇدۇق

كۆلرەڭ بۇلۇت تاشلاپ تۇرار كۆلەڭگە
ساي قوينىدا تىنغان قۇدۇق ئۈستىگە.
پىرقىرايدۇ شامال بېرىپ گۈزەللىك
داغ قاپلىغان سۇنۇق كۆكۈل ھۆسنىگە.

تۇنەپ چىقار' تورغاي شىۋاق بەرگىدە
شۇكرى - سانا ئېيتىپ دىلدىن سۆيۈنۈپ.
پىژغىرىمدا كارۋانلارغا ئەسلىدە
بەرگەن ھايات كەتسىمۇ تەن بۆلۈنۈپ.

ئىدى سۈيى زەمزەملەرگە شاھىنشاھ،
گويا چاڭقاق دوزاختىكى بۇلاقتەك.
ئالقۇنلاردا ئازغانلارغا بوپ پاناھ،
دېڭىزلاردا بولغان يەلكەن، پالاقتەك.

ئۇ ۋاقىتسىز كۆمۈلۈپتۇ، كۆزلەردە
قۇيۇنلارنىڭ سەرگەردانى ئېتىپ تاش.
بىراق مالدى ۋىجدان سوراق بىزلەردە،
ئۆزىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئوت قالاش.

قۇربان ئىمىن

# مۇھەببەتنامە

(مۇتەمسسە)

بىر مۇھەببەتنامە يازدىم، مېھرىبان يارىم ساڭا،
تاڭ سەھەرنىڭ چولپىنىدەك كۆزى خۇمارىم ساڭا،
قولنى كۆكسۈمگە ئېلىپ، قىلدىم سالام جانىم ساڭا،
دىلدىكى ئىشقىم تەئەللۇق ئەي ۋاپادارىم ساڭا،
جان تەسەددۇق ھۆسنى رەنا، بويى رەيھانىم ساڭا،
مەڭگۈ باغلىق ئىختىيارىم ــ تەندىكى بارىم ساڭا،
يۈزلىرى ئايدىن چىرايلىق غۇنچە دىلدارىم ساڭا،
سېغىنىپ يازدىم بۇ خەتنى ئەمدى جانانىم ساڭا،
سۆيگۈ دەرياسىدا سەلدەك ئاقتى ئەشئارىم ساڭا.

قايسى گۈلزاردا تېپىلغاي سەن كەبى نازۇك بەدەن؟
سەن ئەمەسمۇ بۇ نازاكەت باغىدا ئۆسكەن چىمەن؟
سەن ئەمەسمۇ دىل ئارامىم، ئاق كۆڭۈل، شېرىن سۇخەن؟
ئىزدىسەم ھېچ يەردە يوقتۇر، سەن پەرىزاتتەك لەۋەن،
ئاقتۇرۇپ كۆرسەم دىلىمدا مەرتىۋەڭ تاغدىن بەلەن،
سەرۋى قامەتلىك بويۇڭدا قىلچە يوق نۇقسان ـ ئېۋەن،
ناز قىلىپ بىر كۈلگىنىڭ تەڭ نەچچە ئون داستان بىلەن،
دىلدىكى ئىشقىم تەئەللۇق ئەي ۋاپادارىم ساڭا،
جان تەسەددۇق ھۆسنى رەنا، بويى رەيھانىم ساڭا.

خەلقى ئالەم گۈزەلىگە مەن سېنى ئوخشاتمىدىم،
ئىشتىياقىڭدا كۆيۈمنى بىر مىنۇت توختاتمىدىم،
كۆرگىنە، باغرىمغا سەندىن ئۆزگىنى ئورناتمىدىم،
بارچە ئىنسان يۈمسا كۆز، ئاراەخۇدا ئۇخلاپمىدىم؟
سەن بىلەن نېچۈن شىكاردا بىللە ئات ئويناتمىدىم؟
باشتا «كاككۇك بىرلە زەينەپ» تەقدىرىن ئويلاپمىدىم؟
خۇددى پەرھاتتەك سېنى دەپ تاغ ـ داۋانلار ئاتلىدىم،
چۈنكى باغلىق ئىختىيارىم ــ تەندىكى بارىم ساڭا،
يۈزلىرى ئايدىن چىرايلىق غۇنچە دىلدارىم ساڭا.

شۇنچە كۈتسەم غەمگۇزاردىم كەلمىدىڭ ھالىم سوراپ،
ئاتلىساڭ ئالتۇن بوسۇغاڭ، ئالدىمۇ يولنى توراپ؟
خەت ــ خەۋەرمۇ بەرمىدىڭ، نەلەرگە كەتتىڭ سەن يوقاپ؟
«خەت - يېزىم دىدار» ئىكەن، كۆرسەم قىلاتتىم مىڭ تاۋاپ،
يەككە - يىگانە كىشىنى يەيدىكەن تۆت تام شوراپ،
ساقمۇ سەن - ئاغرىقمۇيا، ھالىڭ تۈزۈكمۇ يا خاراپ؟
بول ئامان بەختىمگە سەن، تۇردۇم يولۇڭغا مەن قاراپ،
ساق - سالامەتلىك تىلەيمەن، ئەي ئۈمىدۋارىم، ساقىا،
مېھرى گوياكى قۇياش، سادىق پىداكارىم ساقىا.

ۋەسلىگە يەتمەك مۇقەررەر، يارىغا سادىق يۈرەك،
ھەر جاپانى يەڭگۈچىدۇر ھەرقاچان ئاشىق دىمەك،
يار ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ گۈلزار بىنا قىلماق كېرەك،
ئىشقا ئاشقاي ئاقىۋەتتە كۆزلىگەن ئارزۇ - تىلەك،
قانغۇسى تەشنا كۆڭۈللەر سۇغا لىق تولسا چېلەك،
پاكىزە ۋىجدان كېرەكتۇر يارغا مېھنەتتىن بۆلەك،
ئىككىمىزنىڭ قەلبىمىز بىر، سەن ئۆزۈڭ بولغاچ زېرەك،
گۈلنى دەمسەن، ئالما دەمسەن، مەن تۇتاي يارىم ساقىا،
چۆللىرىڭدە ئۈندۈرەي گۈل، سوۋغا - ئىنئامىم ساقىا.

تۇردى سامساق

# شېئىرلار

## سېھىرگەر

سېھىرگەركى، ھۈنىرى تولا،
كۆز باغلاشتۇر كەسپى، ئادىتى.
شۇ ئادەتتىن گاھ كېلىپ قالار
ئوڭ يا سولدىن ئۇنىڭ ئامىتى.

شۇ ئامەتنىڭ ئىشقىدا «پىدا»،
ئۆز پەمىگە ئۆزى پەرۋانە.
مەنسەپكە مەست، شۆھرەتكە شەيدا،
خۇلقى خۇددى روھىي دىۋانە.

## مەككار

بىر ئۆتەڭگە ئوت قويدى مەككار،
ئۆچۈرمەككە ئۆزىنى ئاتتى.
«ئاكتىپ» لىقنى شۇملۇق شىلدى - دە،
نەپرەت بىلەن لەنەتكە پاتتى.

## كۆزەينەك

كۆزەينەكنىڭ تۈرلىرى تولا،
ئوخشاشمايدۇ ھېچبىر خىسلىتى.

گاھىسى بار ئاقنى تۇم قارا —
كۆرسىتەركى، شۇدۇر ھېكمىتى.

شۇ خىسلەت ھەم «ھېكمەت»بىلەن ئۇ،
ئېتىبارغا ئىگە بولغان، بەس.
ھەقىقەتنىڭ كورلىرى بىلەن
ۋىجدان كۆزى بولماس ھەمنەپەس.

... گە

يىلان يىللىق ئادەملەرمۇ بار،
ئادەت قىلغان ئادەم چېتىشنى.

بەزىلەرنى پەلەيپەي قىلىپ،
ئۆزى ئۆرلەپ «ئېگىز» چىقىشنى.

ئۆمىلەيدۇ ئەسەبىيلەرچە،
يامىشار كۆپ كەلمىشنى كۆزلەپ،
تىمىسقىلار تايغاندەك ھەريان،
تاپان يالاش ئېپىنى ئىزدەپ.

يىلان يىللىق ئادەملەرمۇ بار،
ئادەت قىلغان ئادەم چېقىشنى.
تەقدىر تەقدىم ئەيلىگەنمىكىن،
تومۇردا زەھەر ئېقىشنى؟!...

مۇھەممەت روزى

# شېئىرلار

## ھېسلار مەۋجىدە

كۆرسەتكەندە قۇياش نۇرلۇق چىرايىن،
ھال رەڭ ناخشا تۆكەر ھال رەڭ
تەبىئەت.
ياپراقلاردا ھال رەڭ تۇيغۇ جىلۋىسى،
شىۋىرلايدۇ شادلىقىدا ئۇ قەۋەت.

سەزگۈلىرىم بولۇپ ئىلھام شارابى،
سىڭىپ كېتەر تەبىئەتنىڭ قوينىغا.
تۇيغۇلىرىم ئەقىدەمنى بېزەكلەپ،
كۆيىدىن مارجان تاقار ھايات بوينىغا.

دەريا ئاقار بولۇپ سۈيى لالەرەڭ،
ئاقار كۆيۈم ئۆركىشىدىن ئېلىپ سىن.
ئارمانلىرىم يېزەر ئالەم قوينىدا
تەبىئەتنىڭ كۆيلىرىگە قوشۇپ ئۈن.
كۈلەر قۇياش،
ناخشا، ھېسلار مەۋجىدە،
كەڭلىكلەرگە سىڭەر نۇرى، زىياسى.
شىۋىرلايدۇ شادلىقىدا ئۇ ئەجەب،
گۈل چېھرىدە ئوتقاشتەك نۇر جۇلاسى.

## سەن ۋىسال، سەن سۆيگۈ

چوققىدىن ھالقىغان ئاق قۇغا ئوخشاش
تۇيغۇمنىڭ كۆيلىرى پەر قاقار مەيىن.
زېمىننىڭ ئەركىسى نۇرلۇق زەر قۇياش،
ئىسسىتار قەلبىمنى كېلىپ بەك يېقىن.

بىر ئېزگۈ تەبەسسۇم جىلۋىسىن تۆكۈپ،
تۇرىدۇ تەنلەرگە بېرىپ ئۇ ھۇزۇر.
قەلبىمگە كېتىدۇ ناخشىدەك سىڭىپ
زەر قۇياش چېھرىدىن تۆكۈلگەن شۇ نۇر.

ئەي قۇياش، ئۇلۇقسەن، مىسالى ئانا،
زېمىنگە بېرىسەن مېھرىڭدىن قۇۋۋەت.
ياشلىقىنىڭ كۈلكىسى بار سەندە يانا،
سەن ھايات، سەن ياشلىق ھەم سەن
مۇھەببەت.

www.uyghurkitap.com

## ئىشچى ناخشىسى

تالماس مەزمۇت قوللاردا بازغان تۇتقان ئىنسانمەن،
چىن مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈم بىر بازغانمەن.

يەر ئۈستىدە، ئاسماندا، ياكى دېڭىز ـ ئوكيياندا،
تىلسىملارنى يەڭگۈچى غالىب، چېۋەر پالۋانمەن.

ئاتەش، ئىسسىق، تومۇزدا، جۇت ـ شىۋىرغان، قار ـ مۇزدا،
ئەسلى تۇرقىن يوقاتماس، مۇشكۈللەرگە قالقانمەن.

كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك، بىغۇبار پاك قۇندۇزدەك،
تۇرغان مەڭگۈ يالتىراپ خۇددى ئۆچمەس چولپانمەن.

ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەس، قەددى ئەسلا پۈكۈلمەس،
ئىش ـ ئەمگەكنىڭ ئەھلىگە تائەبەتكە غەمخانمەن.

لالە ـ رەيھان ئۈندۈرەر، ئەلگە بەخت كەلتۈرەر،
ھايات بەخش ـ جان بەخش، مەڭگۈ تۈگىمەس كانمەن.

دوستقا باھار ھەر لەھزە، ياۋغا ئەجەللىك نەيزە،
پەيتى كەلسە ئەل ئۈچۈن ھازىر جاۋاب قۇربانمەن.

قۇدرىتىم ۋە خىسلىتىم ھېكمىتىم ھەم شۆھرىتىم
تەرىپلىنەر تىللاردا، ھېچ تۈگىمەس داستانمەن.

ئېلى زاھىت

## «شۈكرى قىل!»

خامىنىڭغا كەتسە ئوت كۆيسە دېنىڭ،
دان بىلەن تەڭ ئۆرتىنىپ كۆيسە جېنىڭ،
«شۈكرى قىل» ــ دەيدۇ شۇئان كېلىپ بىراۋ، ــ
«تەقدىرىڭگە شۇ پۈتۈلمىشتۇر سېنىڭ.»

مېھرىبانىڭ ياتسا ئېغراپ، تولغىنىپ،
كەتسە ھالدىن گۈل چىرايى ھەم سۇنۇپ.
«شۈكرى قىل، ــ دەيدۇ يەنە بىراۋ كېلىپ، ــ
يۈرگۈسى جەننەتتە گۈلگە چۆلغىنىپ.»

خەق ئوزۇپ كەتسە سېنىڭدىن بەيگىدە،
سەن ئەلەم چەكسەڭ قېلىپ ھەم كەينىدە،
«شۈكرى قىل، ــ دەيدۇ ساڭا ھامان بىراۋ، ــ
بىھاجەتتۇر قالغىنىڭ ۋەسۋەسىدە.»

«شۈكرى قىل»بولدى كىشەن، بولدى تۇساق،
شۇڭا قالدىڭ كەينىدە بەكمۇ يىراق،
يەنە قالماسلىق ئۈچۈن ئۇندىن ئۇزاق،
تاشلا ئەمدى «شۈكرى» نى، ئېلىپ ساۋاق!

ئەل رىقابەتتە بۈگۈن، ئاچقىن كۆزۈڭ،
تەقدىرىڭگە بول ئىگە، دوستۇم ئۆزۈڭ،
بەختىنىڭ ئاچقۇچىدۇر ئەمگەك ئىجاد،
يولغۇسى ئەجرىڭ بىلەن يورۇق يۈزۈڭ.

### ھەيرانمەن

ھەممە ياققا سالسام مەن نەزەر،
راست سۆزلىگەن تارتىپتۇ زىيان.
يالغانچىنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ،
بىلەلمىدىم، بۇ قانداق جاھان؟!

تاجنى ياساپ ناچار مىس بىلەن،
جىنىڭ ئالتۇندىن سوقۇشار ناھال.
پەرق ئەتمەس ياخشى - يامانىنى،
ئەمدى قاچان ئۆزگىرەر بۇ ھال؟

«نە قىسمەت بۇ؟» دەيمەن ئۆزۈمگە،
يېشەلمەيمەن، بولىمەن ھەيران.
جىنىڭ بىلەن جا كەتسە بىرىكىپ،
قانداق ئۆرە تۇرار بۇ جاھان؟!

### غەلىتە ئىشلار

يەر يۈزىدە غەلىتە ئىش كۆپ،
كۆرگىنىڭدىن كۆرمىگىنىڭ كۆپ.
تۆگە تۇرار بىر تال شوينىدا،
كەتمەي ئۇنى سىلكىپلا ئۈزۈپ.

چۈمۈلىلەر يۈرەر دائىما
«تاغ» دەك يوغان يۈكلەرنى يۈدۈپ.
گاھ چۈشىگە كىرىدۇ ئېشەكنىڭ
بىر چىرايلىق مۈڭگۈزلەر ئۈنۈپ.

راست مۈڭگۈزلۈك ئېشەكلەرمۇ كۆپ،
چۈش بولسىغۇ مەيلىدى، بىراق —
چىقسا مۈڭگۈز ھەممە ئېشەككە،
قويارمىدى ئىنسانلارنى ساق؟

روزى نىياز

## جۇشقۇن ھايات كۈلگەن ھەر تاڭدا!

### سايىراي مەنمۇ

چوغلانغاندا ئۈپۈق مەڭزى قىزىل ئالمىدەك،
گۈل چىمەنلىك باغ قوينىغا قويىمەن قەدەم.
گىرە سېلىپ يۈرىكىمگە رەڭمۇرەڭ گۈللەر،
خۇشاللىقىم تومۇرۇمدا ئۇرغۇيدۇ ھەردەم.

بۇلبۇلنىڭ شوخ چاقىلدىغان ناۋا - كۈيىدىن،
تاتلىق ھېسلار بۆشۈكىدە تەۋرەپ كېتىمەن.

www.uyghurkitap.com

شىر كەيپىكە چۆمۈپ گويا نەۋقىران بەستىم،
سېھىرلىك ئۇي قانىتىدا پەرۋاز ئېتىمەن.

دەيمەن شۇ چاغ بۇلبۇلغا مەن تېۋىنىپ جاندىن:
«تۆكىسەن بال تىللىرىڭدىن كەلسە باھار، ياز...
سايراي مەنمۇ، جۇشقۇن ھايات كۈلگەن ھەرتاڭدا،
خەلقىم بىلەن ياڭرىتىپ تەڭ ئوتلۇق ناخشا، ساز...

## ئانا

قۇياشىمسەن، ھەم ئايىمسەن، جانىم ئانا،
يۈرەك ـ باغرىم، ئەزىز مېھرىبانىم ئانا.
سۈتۈڭنىڭ ئاقلىقى كۆڭلۈمگە ئەندازدۇر،
پەزىلەت بابىدا ئۆرنەك ــ شانىم ئانا.
ھۆجەيرەم ئەينىكىدە ياشلىقىڭ ئەكسى،
ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن قانىم ئانا.
بوۋاقلىقتىن قىرانلىق پەسلىگە يەتتىم،
بولۇپ سەن باغۋەنىم، دەرمانىم ئانا.
قولۇم تۇتۇپ يېتەكلىدىڭ مەرىپەتكە،
كۆزۈمگە نۇر، ئەقىل، نۇسرەت كانىم ئانا.
قۇلاق ياقسام مۇلايىم سۆز ـ تىلەكىڭگە،
چىمەن گۈللۈك كۆرۈنەر ھەريانىم ئانا.
مۇبارەك ئىز ـ قەدىمىڭدىن ياغار شەپقەت،
رۇناقلىق ئالەمدە سۇلتانىم ئانا.
كېلىن، نەۋرەڭ بىلەن ئۆيۈم ئاۋات بازار،
ئاڭا نۇر چاچقۇچىسەن گۈلخانىم ئانا.
كۆتۈرسەممۇ سېنى مەڭگۈ باشىم ئۈزرە،
قىلار ئازلىق يەنە قەدىردانىم ئانا.

## ھەسرەت

گۈلگە رەڭدار كېپىنەك كۆكرەك ياقسا گاھ،
دېدىم ئۇ گۈل تەختىدە ئولتۇرغان بىر شاھ.
گۈلنى تاشلاپ كەتكەندە ئۇچۇپ ـ پىلدىرلاپ،
تۇتقىنىمچە ياقامنى چەكتىم ھەسرەت «ئاھ!»

ئابلىكىم تۇردى

# قىسقا شېئىرلار

## بېھىر

چوڭ ئاچكۆز بىلەن كىچىك ئاچكۆز بىر،
چىشلىشەر گاھىدا، لېكىن ساقلاپ سىر.
«سوغۇق شامال» چىققاندا مۆكسە چاشقاندەك،
جاھان سەل تىنجىسا بولار ئۇۋۇچى «شىر».

## بىر ساختىپەز ساخاۋەتچىگە

مەرد بولساڭ ياردەم بەر، قويماي تولا شەرت،
ھىممەتكە ئېرىشكەن قىلسۇن دىلدىن قەيت.
لېكىن سەن قىلمىغىن بەرگەن چېغىڭنى
«قار ياغقان چاغدىكى قۇشقاچ تۇتار پەيت».

## بىر ساقىيغا

تونۇشتۇر، ئەي، ساقىي، مېھمانلىرىڭغا
مەنسىپىمنى ئەمەس، ئەزىز ئىسمىمنى.
گەر ئۆلۈپ كەتسەممەن مەنسىپىم ئەمەس،
ئىش - ئۆھپەم ئەتىۋار قىلار جىسمىمنى!

## غەيرەت قىل

غەيۋەتلا قىلماستىن، غەيرەت قىل، ئىنىم
ھەر ئىشتا، كەشپىيات، ھۈنەر - كەسپتە؛
شۇندىلا قالىدۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس،
ئىش - ئىزىڭ مىراس بوپ مىللەت، خەلققە.

## بىر مۇتەھەمگە

«جەڭچىدەك جەسۇر، مەرد، دوستۇم...»دەپ
يۈرسەم،
ناكەسلىك قىلىپ سەن بەرمىدىڭ ئارام.
بۈگۈندىن تارتىپلا قول ئۈزدۈم سەندىن،
يىرتىلماس چاغدىلا يىپىڭنى ياقام.

## بىر يالقۇنلۇق شائىر ئاغزىدىن

ئىلھامىم جۇش ئۇرۇپ ئاقىدۇ تىنماي،
تۇرمۇش كىتابىنى ئوقۇغانسېرى.
ئىلھامىم قاچىدۇ پۇلنى كۆزلەپلا،
يالغاننى راست قىلىپ توقۇغانسېرى.

## دېگەنتىڭ «ۋىيەي...»

«ئالدىرىماڭ، يارەي، سىزگىمۇ بارەي...»
دېسەم پەرۋاسىز دېگەنتىڭ «ۋىيەي...»؛
ئەمدى دەردمەندەك مۈگىلىنىپ قاپسەن،
ئوقۇيدىغىنىڭ بوپتۇ «ۋاي دادەي...»

## تۇرارسەن

تەنتەك بولارسەن مەندەك بولارسەن،
دانىشنى دادلاپ، خارلاپ سوقارسەن.
ئاخىر مېنىڭدەك پۇشايمان قىلىپ،
تىرناق تاتىلاپ يىغلاپ تۇرارسەن!

www.uyghurkitap.com



مۇھەممەد باغراش

# يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ 10 يىلى ۋە مەن

1

مەن تۈنجى قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغاندا، توغرىراقى تۈنجى ئەسىرىمنى ئېلان قىلغان چېغىمدا ھېچقاچان «يازغۇچى بولىمەن» دېگەننى كۆڭلۈمگە كەلتۈرگەن ئەمەسمەن. چۈنكى، مەن يازغۇچى دېسە، چوقۇم چەت ئەلدە نوپۇزلۇق ئالىي مەكتەپتىن بىرنەچچىنى پۈتتۈرگەن، چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان، كۆزىگە كۆزەينەك تاقىۋالغان ۋە بۇ كۆزەينىكى ئارقىلىق بىر قاراشتىلا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىدىغان، كېچە-كۈندۈز خىيال قىلىپلا يۈرىدىغان، دائىم پەلتۇ كىيىپ، ھاسىغا تايىنىپ يۈرىدىغان ئالىپتە، ئاچچىقى يامان، قورقۇنچلۇق بىر بوۋاينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدىكى بۇ بوۋاي ئاددىي ئادەملەر ئىچىدە، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ياشىمايتتى. نەدىدۇر، ئىشقىلىپ، ماڭا نامەلۇم بولغان بىر بوشلۇقتا ياكى تولىمۇ يۈكسەك بىر ئېگىزلىكتە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى كىملەردۇر كىتاب قىلىپ چىقىرىپ بېرەتتى. بىز ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇيتتۇق. مېنىڭ نەزىرىمدىكى يازغۇچى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

مەن ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس بولۇپ ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىمدە، ئۈرۈمچىدىن ئۆمەككە ئىش بىلەن كەلگەن بىر مېھمان بىلەن ئولتۇرۇشتا بىرگە بولۇپ قالدىم. مەن ئۇ مېھماننىڭ كىملىكىنى بىلمەستىن، گاھ ناخشا توۋلاپ، گاھ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، شۇ ئولتۇرۇشنى بېشىمغا كىيىپ ئالغانىدىم. بىر كەمدە كىمدۇر بىرى ئۇ مېھماننى تونۇشتۇرۇۋىدى، چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئىسمى بىر نېمە «مەدى» ئىكەن («ئەھمەدى» مۇ ياكى «سەمەدى» مۇ، ھازىر ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ، بەكمۇ سەلتەنەتلىك ئىسىملاردىن ئىدى). مەن بىردىنلا بۇلۇڭغا تىقىلدىم، ئۆزۈمنى دەررۇ تۇتۇۋالدىم، ناخشا-ئۇسسۇلدىن ۋاز كەچتىم، گەپ قىلماسلىققا تىرىشتىم. ئەتراپىمدىكىلەر مېنىڭ بىردىنلا جىمىپ كەتكىنىمنى

چۈشىنەلمەي ھەيران بولۇشتى. ئۇلار مېنى ناخشىغا، چاقچاققا زورلاشتى. مەن ئۈندىمىدىم. ھېلىقى مېھمانغا يەر ئاستىدىن پات - پات قاراپ قوياتتىم. ئاخىرى مەينىڭ كەيپى غالىب كەلدى. ئىچىۋاتقىنىمىز ئاۋاتنىڭ مۇسەللىسى ئىدى. مەن مېھمانغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ ناھايىتى ئەدەب بىلەن: «مۇشۇ مۇسەللەس ھەققىدە بىر قوۋۇز نەزمە توقۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ئولتۇرۇشىمىزغا ئوت كېتەتتى» دېدىم. ھېلىقى كىشى سالاپەت بىلەن مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

تۇرۇپلا: «يازغۇچى دېگەن مەن ئويلىغاندەك بولۇشى كېرەكتى، بۇ كىشىنىڭ ئىسمىدىن باشقا ھېچنېمىسى ئوخشىمايدىغۇ، يازغۇچى ئەمەسمۇ - يا؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئاخىرى يەنە سەل جىددىيلەشتىم. «شائىر بولمىسىڭىز، يازغان ھېكايىلىرىڭىز ھەققىدە ئىككى كەلىمە ...» دېدىم. ھېلىقى مېھمان يا بىراقلا «مەن يازغۇچى ئەمەس» دېمىدى، شۇنداق دېگەن بولسىمىغۇ، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشەتتى، ياكى «غاچ - غۇچ» ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇپ تەشنالىقىمىزنى قاندۇرمىدى. پەقەت خامۇشلارچە ھېججىيىپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى. مەن «يازغۇچىمىدۇ، ئەمەسمىدۇ؟» دېگەن دىلغۇلچىلىقتا يا ئىچەلمەي - يېيەلمەي ئويناپالماي، ياكى ئۆزۈم كۈتكەن بىر جۈملە ئۇلۇغ سۆزنى ئاڭلىيالماي، «خام پىشما» بولۇپ ئولتۇرۇپ بۇ بەزمىنى تۈگەتتىم. كېيىن ئۇقسام، ئۇ كىشى ئۈرۈمچىدە بىر ئۆمەكنىڭ مانتىيورى ئىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەبدەبىلىك ئىسمى (ئەمەلدە ئۇ ئىسىم ماڭا شۇنداق تۇيۇلغانىدى) ھېلىقى ئولتۇرۇشنى ھارام قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئارقىسىدىن مىڭنى تىللىدىم. «راست شۇنداق - تە، يازغۇچى دېگەن مەن ئويلىغاندەك بولىدۇ» دېگەن ئەقىدەمدە قېلىۋەردىم. مەن ئەڭ دەسلەپ بىلگەن ئۆز يازغۇچىمىز قەييۇم تۇردى ئىدى. شۇ چاغلاردا «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» دېگەن بىرلا رومان بار ئىدى. «مانا، بىزدىمۇ رومان يازىدىغان يازغۇچى بار ئىكەنغۇ؟!» دەپ مەيدەمنى كېرىپ قوياتتىم. كېيىنرەك زوردۇن سابىر ئەپەندىنى بىلدىم، يازمىلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇدۇم. ئاشۇ قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر دېگەن يازغۇچىلارنى ۋە ئۆزۈم شائىرلىرىمىز دەپ سانىيالايدىغان تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇكېرىم خوجايوپ قاتارلىق شائىرلارنىمۇ خۇددى بايا ئېيتقىنىمدەك كۆرۈنۈشتىكى ئۇلۇغ، لېكىن قورقۇنچلۇق بوۋايلار بولسا كېرەك، دەپ ھېچ شۈبھىلەنمەي تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.

مەن بىلىدىغان يازغۇچى، شائىرلىرىمىز شۇلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەن مايلىشىپ كەتكەن كەپكىنى قىڭغىر كىيىپ، ماشىنا ھەيدەپ يۈرگەن ۋە بۇ ئىشىمنى «دۇنيادىكى ھەممە كەسىپتىن ئەلا» دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگەن 24 - 25 ياشلىق شوپۇر ئىدىم...

ھايات بىردىنلا شاۋقۇنلاپ كەتتى. ھەممىلا ئادەم گويا كىچىكىدە ئايرىلىپ كەتكەن دادىسىنى تېپىۋالغان يېتىمەكتەك خۇشال ۋە روھلۇق بولۇپ كەتتى. ئىگىلىك ئىشلىرى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈلمىگەن شەكىل ۋە سۈرئەتتە جانلاندى. ئىشقىلىپ پۈتكۈل جەمئىيەت ئىشلىرى گويا توپا بېسىپ ياتقىلى ئۇزۇن بولۇپ بىردىنلا مەلىكىلىك شوپۇرنىڭ قولىغا چۈشكەچكە گۈركىرەپ يۈرۈپ كەتكەن ماشىنىدەك يۈرۈشۈپ كەتتى. ئىلگىرى كىشى ئېغىزغا ئېلىشقا ئەيمىنىدىغان شوئار ۋە تەشەببۇسلار يوغان ۋە قىزىل ھەرپلەر بىلەن

پارتىيە كېزىتىنىڭ ماقالىسىغا بېسىلىپ چىقىدىغان بولدى. ئادەملەر بىردىنلا چوڭ-چوڭ گەپ قىلىدىغان، كىشى ھەيران قالغۇدەك ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىمكانىيەت-شارائىتلىرى كۆتۈرەلمىگۈدەك پىلانلار ئۈستىدە قىزىشىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ھەممە كىشى نېمىگىدۇر ئالدىرىشاتتى، گويا جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنىڭ ئۇيقۇ ھالىتىدىكى سەزگۈلىرى بىراقلا ئويغىنىپ كەتكەندەك ئىدى. ئادەملەر كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان پىكىر-مۇھاكىمىلەرنىڭ يېڭىلىقىدىن كىشىنىڭ كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولاتتى، ئادەملەر ئوتتۇرىغا ئېتىۋاتقان نەزەرىيىلەرنىڭ زىللىقىدىن كىشىنىڭ قورققۇسى كېلەتتى...

بىلىسەم، شۇ چاغدا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلغانىكەن. ئەمدى ئويلىسام، ئۇ چاغلار ئادەملەر سىياسىي جەھەتتە قايتا ئويلىنىۋاتقان، ئىلگىرىكى ساختا پەلسەپىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولۇۋاتقان، 10 يىللار مابەينىدە شەپقەتسىز رەۋىشتە بېسىمغا ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى بىراقلا پارتلىغان، خەلقنىڭ روھى 10 يىللىق خام ئۇيقۇدىن ئويغىنىشقا باشلىغان، ئادەملەرنىڭ ئېچىرقاپ ھالىدىن كەتكەن ئىنسانىي تەبىئىتى يېڭى ھاۋا ۋە يورۇق نۇرغا ئېرىشىپ، تولۇقلىنىش ۋە تويۇنۇشقا يۈزلەنگەن پەۋقۇلئاددە چاغلار ئىكەن.

مەن كىچىكىمدىنلا كىتابقا ئامراق ئىدىم، بولۇپمۇ ئەدەبىي كىتابلارغا قاتتىق ئىشتىياقىم بار ئىدى. بىرەر رومان تېپىۋالسام مولغۇيدەك يېپىشىپلا قالىمەن. بىر نەپەستىلا ئوقۇۋېتىمەن. سەپەر ئۈستىدە كابىنكامدىن كىتاب ئايرىمايتتىم. ئىشلەپ، ئويناپ زېرىككەندە، خورەك تارتىپ ئۇخلاشنىڭ ئورنىغا، كىتاب ئوقۇيتتىم. ئەمدى مەن ئاشۇ دەبدەبىلىك كۈنلەردە ئىلگىرى كۆيدۈرۈپ تاشلانغان كىتابلارنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشىنى، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىلىرى يازغان ئەدەبىي كىتابلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ماشىنا ھەيدەپ بارغانلىكى شەھەرنىڭ كىتابخانا-كۇتۇپخانىلىرى ئارا قاترايدىغان بولدۇم، لېكىن كىتاب جاھازىلىرى نامراتلىقتا بىچارىلىك دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» قول-قولىغا تەگمەي، بىردەمنىڭ ئىچىدە تۈگەيدىكەن، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ ھېكايىلىرى بېسىلغان سانلىرى تۈتىيا ئىكەن، قالغانلىرى «بوران-چاپقۇن»، «داغدام يول»، «نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق تەرجىمە كىتابلار ئىكەن. «ھەتتىگىنە!» دەپ لېۋىمنى چىشلەپ كىتابخانىدىن چىقىپ كېتىمەن. «ئۆزىمىزنىڭكىلەر يازغان كىتابلارنى نېمىشقا چىقىرىشمايدىكىنە، ياكى بىزدە كىتاب يازىدىغانلار يوقمۇ؟» دەيتتىم. دېمىسىمۇ، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز بەكمۇ ئاز يازاتتى، بەكمۇ ئاستا. ئۇلار يازىدىغان نەرسە تېپىشالمامدىكىن ياكى يازغۇچى بىزدە شۇنچە ئازمىكىن؟ ساناپ باقتىم، شائىر بىلەن يازغۇچىنى قوشسام 10 بارمىقىم توشمىدى. دەرۋەقە، بىچارە ئىكەنمىز، تولىمۇ بىچارە ئىكەنمىز. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ يازما ئەدەبىياتىنى بەلگە قىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەتنىڭ يىرىك پروزىچىلىقىنى بەلگە قىلىدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرنىڭ شۇ چاغلاردىكى ھالىنى نېمە دەپ باھالىسا توغرا بولار ئىكىن؟ «ياق، مىللەتتە نېمە-

گۇناھ؟ تېخى تۇنۇگۇن ئاخىرلاشقان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئۇيغۇردىلا ئەمەس، خەنزۇ
خەلقىدىمۇ نېمە قالدۇردى؟ ئۇلاردا بىر رومان، 8 تىياتىر، تۆت ناخشىدىن باشقا نېمە
قالدى؟ ۋەھالەنكى، ئۇلارمۇ دۇنيانىڭ-كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى ۋەزنىـ
لىك ئەدەبىيات ياراتقان خەلق ئىدىغۇ؟...» دەپ ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىمەن.
ئىشنىڭ ئۇگىيى «شۈكرى!» مەنمۇ «شۈكرى!» دەپ ئاللىقاچان 10 قېتىملاپ ئىزىپ
بولغان كىتابلىرىمنى يېڭىباشتىن ۋاراقلاپ يۈرۈۋېرىمەن. خەيرىيەت، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ
كەتتى. ئەمدى قارايدىغان بولساق، كىتابخانىنىڭ پوكەيلىرىدىكى كىتابنىڭ تولىلىقىدىن قايـ
سىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي قالىمەن. تولىسى دېگۈدەك ئۆزىمىزنىڭكىلەر يازغان،
رومان دەۋاتقان، پوۋېست دەۋاتقان، ھېكايە، نەسر، شېئىر دەۋاتقان... ئۇيغۇر تېخى
تۈنۈگۈن «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەنىدى. بۈگۈن قەيىيۇم تۇر-
دى، زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ رومان ـ قىسسەلىرى ھەققىدە ستۇدېنتلارنىڭ ياتاقلىرىدا،
دۇكاندارلارنىڭ پوكەيلىرىدە، ئىلىم ئىگىلىرى جەم بولغان مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا مۇنازىـ
رە ـ تالاشلار قىزىماقتا، چايخانىنىڭ بۆگلۈكلىرىدە ھۆرمەت ئىگىسى ئا. ئۆتكۈر ئەپەندىـ
نىڭ «ئىز» ى ھەققىدە ئاغزىغا چۆپ سالغاندەك تامشىپ ـ تامشىپ سۆزلەشمەكتە. بىز
ھازىر يىگىرمىلەپ رومانىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ھېكايە، پوۋېست،
شېئىر، ژانىرلىرى بويىچە خېلىلا ساپالىق يېزىلمىلار ۋە قابىلىيەتلىك يازغۇچى، شائىر-
لارنىڭ بارلىقى بايقالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات سورۇنلىـ
رىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن ئىگىلەپ، مىللىتىمىزگە، شىنجاڭغا شەرەپ كەلتۈرمەكتە. پېشـ
قەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان بۇ يازغۇچى ۋە شائىرلار مۇشەقـ
قەتلىك ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ، دەۋرىمىزنىڭ تېگىشلىك ئىززەتلىشىگە ئېرىشتى.
بەزى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئوبزورچىلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەلىپىگە خاس
پايدىلىق ئىزدىنىشلەرنى تەجرىبە قىلىپ، خېلىلا زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.

ئېيتىڭ ۋەرسەك گەپ تولا، 10 يىل ئىلگىرى كىممۇ بۇنى خىيالىغا كەلتۈرەلىگەن؟
قارايدىغان بولساق، ھازىر دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەركىبىدە 30 دىن ئو-
شۇق ئۇيغۇر يازغۇچىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە ئۈچ ـ تۆت يۈز-
لەپ ئۇيغۇر يازغۇچىسى يېزىقچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ. قەيىيۇم تۇردى ئەپەندىنىڭ «كۆ-
رەشچان يىللار» ترىلوگىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا ئەدەبىيات مۇزېيىدا «مانا
مەن ئۇيغۇرنىڭ!» دەپ مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپتۇ. زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ پوۋېستـ
لىرىنى گېرمان مۇتەخەسسىسلىرى ئۆز تىللىرىغا ئۆرۈش ئۈچۈن تەر ئاققۇزماقتا. بۇلارنى
كىم تەسەۋۋۇر قىلالىغان! ھەرقايسى نەشرىياتلاردا يەنە 10 لاپ رومانلار نەشر نۆۋىتىنى
كۈتۈپ يېتىپتۇ. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا چىقىدىغان ئەدەبىي ژۇر-
ناللار 17 ئىكەن. بۇلار نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ مانا، ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىن مۇشۇنچە ھوسۇل ئالدى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى بىر كۈچ-
لۈك قەلەمكەشلەر ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى. بۇ ئەترەتنى ھېچكىم سەل چاغلىمايـ
دۇ. 10 يىل ئىلگىرىكى مەندەك بىر شوپۇر بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر

uyghurkitap.com



ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدىم. 10 يىل ئىلگىرى ئۆزۈم ئويلاپمۇ باقمىغان بىر كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇپ قالدىم. مېنىڭ شوپۇرلۇقتىن «يازغۇچى» بولۇپ ئۆزگىرىشىم خۇددى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا ئوخشاش ئاشۇ ئۆتكەن 10 يىلغا مەنسۇپ، مېنىڭ يېڭى «يازغۇچى» لىق ھاياتىم ئاشۇ ئۆتكەن 10 يىلنىڭ مەھسۇلى، مېنىڭ يازغۇچىلىق ھاياتىمنى دەۋر تۇغدى. مەن «يازغۇچى» سۈپىتىدە ئاشۇ 10 يىللىق يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن مۈرىدىشىپ ئۆسۈپ يېتىلدىم.

2

باغرىمدىكى سۆزنى قىلسام، مەن «يازغۇچى» دېگەن ئاتاق بىلەن پەخىرلىنىسەممۇ كۆپ ھاللاردا، ئۆزۈمدىن: «مەن راستىنلا يازغۇچىمۇ؟» دەپ سورايمەن. بۇ قانداقتۇر مېنىڭ «كەمتەرلىكىم» ئەمەس، ئەكسىچە بىر ئىنسان سۈپىتىدە، بىر مەسئۇلىيەتچان ئادەم سۈپىتىدە ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمنى ئاشكارىلىشىمدۇر! بۇ سوئال ئۆزۈمنىڭ شوپۇرلۇقتىن بىراقلا «يازغۇچى» بولۇپ قالغىنىمغا ھەيران قالغانلىقىمدىنمۇ تۇغۇلمىغان. مۇبادا كىشىدە يازغۇچىلىقنىڭ خېمىر تۇرۇچى بولسا ۋە ئۈزلۈكسىز تەر ئاققۇزسا، بىر قارا ساۋات ئادەممۇ ئاخىرى بىر ئۇلۇغ يازغۇچى بولۇپ چىققالىشى تامامەن مۇمكىن. مەن بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىمەن. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىن ئازراقلا ساۋادى بار كىشى بۇنداق مىساللاردىن يۈزلەپ نەقىل كەلتۈرەلەيدۇ. ئەكسىچە، بەدىئىي خېمىر تۇرۇچى يوق ئالىي دەرىجىلىك زىيالى بىر ئۆمۈر ھەپىلەشكىنى بىلەنمۇ ئۇنى-بۇنى دوراپ بىر نېمە-لەر قىلىپ بېقىشى مۇمكىن، لېكىن ھەقىقىي يازغۇچى بولالىشى ناتايىن.

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، «مەن راستىنلا يازغۇچىمۇ؟» دېگەن سوئالغا ئۆزۈم كېسىپ جاۋاب بېرەلمەي قىينىلىمەن. يازغۇچى ئەمەسمەنمىكىن دېسەم، 8 يىلدىن بۇيان كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئانچە ئازمۇ بولمىغان ھېكايە، پوۋېستلارنى ئېلان قىلدىم. يازمىلىرىمنىڭ ھەممىسىلا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. بەزىلىرى باشقا قېرىنداش مىللەت تىللىرىغا، بەزىلىرى چەت ئەل (ياپون، ھىندى، تايلاند، رومىن) تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. بىرنەچچە پارچە يازمام مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى. ئۆزۈم 1985 - يىلدىن بېرى دۆلەتلىك يازغۇ-چىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيە-تىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. قارىماققا «يازغۇچى» بولۇپ قالغاندەكمەن. «يازغۇچى بولدۇممىكىن» دەي دېسەم، ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنىنى ھازىرغىچە تې-پىپ بولالماي، تېنەپ-تەمتىرەپ، ئاران كېتىۋاتىمەن. تا ھازىرغىچە «ھېكايە» دېگەن-نىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بولالماي ئاۋارە. مەن ئۆزۈمنىڭ ھالىدىن قايغۇرىمەن، «تىت-تىت» بولىمەن، تېڭىرقايمەن، چۆچۈيمەن، گاھىدا قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىمەن. گاھىدا ئۇخلاپ قوپۇپ ئەتىسىلا قالتىس بىر يازغۇچى بولۇپ قالسام، دەپ ئارزۇ قىلىمەن. دەسلەپتە

يازمىلىرىم كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ، بەزىلىرى دۆكلاپاتلىنىشقا باشلىغاندا، ئۆزۈمنى «يازغۇچى بولدۇم» دەپ كىبىرلىنىپمۇ يۈرگەنىدىم. لېكىن مەن بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە يېڭى دەۋر خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغىنىمدىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ھېلىقى خىياللىرىمدىن كۈلگۈم كەلدى. ئەمدى بىلسەم، يازغۇچى مەن شوپۇر چاغلىرىمدا تەسەۋۋۇر قىلغاندەك نامەلۇم بوشلۇقتا ياشايدىغان، بىلەرمەن، ئاچچىقى يامان، قورقۇنچلۇق بوۋاي ئەمەس، بەلكى ئاددىي ئادەم ئىكەن. لېكىن بۇ ئاددىي ئادەملەر ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئاددىي ئادەملەر توپىدا ئاددىي ئادەملەر كۆرمىگەننى كۆرەلەيدىغان، سەزمىگەننى سېزەلەيدىغان، ئېيتالمىغاننى ئېيتالايدىغان، قەلبلەرنىڭ مەخپىيەت قوۋۇقىنى قېقىپ ئاچالايدىغان، ئادەم روھىنىڭ ئۆزى سېزەلمەيدىغان دەرىجىدىكى نازۇك قىللىرىنى تىترىتەلەيدىغان ھەممە «مەن — ئادەم، مېنى ئانام تۇغدى، يېشىم يەتكەندە ئۆلىمەن» دېگەن ساختا ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماي، بىر ئۆمۈر «مەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن تۇغۇلدۇم؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمەن؟» دېگەن شەپقەتسىز سوئال بىلەن تىنىمسىز ھەپىلىشىدىغان ئادەم ئىكەن. بۇ ئۇلۇغ ئادەم ئۆز ئەتراپىدىكى ئاددىي ئادەملەرگە ئوخشاشلا، خۇشال بولسا كۈلىدىكەن، قايغۇرسا يىغلايدىكەن (يازغۇچى باشقىلارغا قارىغاندا، تولىراق ۋە ئاچچىق-ئاچچىق يىغلايدىكەن)، ئاچچىقى كەلسە غوتۇلدايدىكەن، چىدىمىسا تىللايدىكەن ...

بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، باشتىن-ئاخىر ۋە ھەرقانداق شارائىتتا سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ۋىجدان بىلەن بويسۇنۇپ، ئىنساننىڭ روھىي زېمىنىدىكى تېخى ئېچىلمىغان تىڭ يەرنى، تېخى بايقالمىغان بوشلۇقنى ئىزدەيدىكەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئومۇمىي ئىجتىمائىي پسىخىكىغا تەسىر كۆرسىتىدىكەن ھەممە بۇ ئىجتىمائىي پسىخىكىنى يېتەكلەيدىكەن. قاراڭ، يازغۇچىنىڭ زىممىسىدىكى بۇ ئۇلۇغ بۇرچىنى! مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەن قانداقمۇ يازغۇچى بولاي؟!

زوردۇن سابىر ئەپەندى × × ناھىيىسىگە تۇرمۇش ئۆگىنىشكە بارغاندا بىر ئولتۇرۇشتا بوپتۇ، ئولتۇرۇش ئەھلى بۇ تالانتلىق ۋە ھۆرمەتلىك يازغۇچىسىنى ئىززەتلەپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئولتۇرۇشقا شۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمىنىمۇ چاقىرغانىكەن. بىرھازا بولغاندا، بۇ ھاكىم ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرۇش سورۇنىغا كىرىپ كەپتۇ. ھاكىم قارىغۇدەك بولسا ئاللا پەقەت شۇ ھاكىمنىڭلا ئولتۇرۇشىغا ئاتىۋەتكەن تۆرنىڭ كاللىسىدا ناتونۇش بىرسى ئولتۇرغۇدەك ھاكىمغا قاتتىق ھار كەپتۇ. بۇ سورۇندا ئۇنىڭدىنمۇ يوغان كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ھاكىم ئامالسىز زوردۇن سابىرنىڭ ئايىغىدىراق ئولتۇرۇپتۇ. ئولتۇرۇشىغۇ ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن-زە، ئۆزىنى ھاقارەتلىك ھېس قىلىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. بىر كەم بولغاندا ساھىبخان زوردۇن سابىرنى ھاكىمغا تونۇشتۇرۇپتۇ:

— بۇ مېھمان زوردۇن سابىر ئەپەندى بولىدۇ، ئاتاغلىق يازغۇچى.

ھاكىم قاپىقىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپتۇ:

— يازغۇچى؟ يازغۇچىمۇ بۇ كىشى، مەن تېخى ... ھە، راست، بىزنىڭ پوچتىخانىنىڭ ئالدىدىمۇ خەت يازىدىغان بىر - ئىككى يازغۇچى باردەك قىلىۋىدى، بۇ ئەپەندىمۇزە، شۇنداق يازغۇچى ئىكەن - دە!

— ياق، بۇ كىشى كىتاب يازىدۇ، — دەپتۇ ساھىبخان چۈشەندۈرۈپ.

— ئوخشاش، ھەممىسى بىر يازغۇچى! — دەپتۇ ھاكىم دەررۇلا. ھاكىم تېنە قىلماپتۇ. پەقەت «يازغۇچىلىق» قىلىدىغان بۇ كىشىنى ئولتۇرۇش ئەھلىنىڭ نېمە ئۈچۈن «ھاكىم ئولتۇرىدىغان» تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغىنىنى چۈشىنەلمەپتۇ ... مەن مۇبادا يازغۇچىنى ئاشۇ ھاكىمدەك، ئۇ ھاكىملا ئەمەس، خېلى بىر قىسىم كىشىلەر چۈشەنگەندەك چۈشەنگەن بولسام، ئۆزۈمنىڭ يازغۇچى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا تىلىمنى بۇنچە ئۇزۇن چاينىماس ئىدىم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ نەزىرىمدىكى ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسى ھەقىقىي سەنئەتكار، مىللەتنىڭ يۈرىكى، خەلقنىڭ ۋىجدانى، ئۆز دەۋرىنىڭ تىلى، ۋەتەننىڭ مەنىۋى بايرىقى بولۇشقا مۇناسىپ!

3

مەن 1980 - يىلى قولۇمغا قەلەم ئالدىم. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا يۇقىرىدا سۆزلىدۇق. مەن ئەمدىلا باشلاپ يېزىۋاتقان بىر ھەۋەسكار بولغىنىم ئۈچۈن ئۇ چاغدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى بىر مەزگىلگىچە مەندە ئەينەن بىر ئەدەبىيات ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت خاھىشى تۇرغۇزۇلمىغانىدى. مەن ئەدەبىياتنى پەقەت رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ، ياخشىلارنى (گۈزەللىكنى) مەدھىيىلەپ، يامانلارنى (قاباھەتنى) قامچىلاش دەپلا چۈشىنەتتىم. چۈنكى كىچىكىمدىن باشلاپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان سوۋېت رومانلىرى ۋە خەنزۇ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ يازمىلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا مانا مۇشۇ نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. بۇنى رېئالىزم، يەنى سوتسىيالىستىك رېئالىزم دەپ ئاتايدىكەن. بۇنى كېيىنرەك بىلدىم. دېمەك، مەن ئەدەبىياتنى ئاشۇنداق رېئالىزم نۇقتىسىدا چۈشەنگەندىم ۋە ئەدەبىياتنى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپمۇ قويمايتتىم. تۇرمۇشتا ئۇچرىغان، ئۆزگىچىلىكى بىلەن ماڭا تەسىر قىلغان ئادەم ۋە ئىشلارنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىۋېرەتتىم، يازغانلىرىم بىرسىمۇ قالدۇرۇلماي ئېلان قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدا مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە كېتىدىغان دەسمايە — ئۆزۈمگە چۇشلۇق بىلىم قۇرۇلمىسى، ئاندىن، ئەڭ مۇھىمى، ھاياجانلىنىش ۋە ئىلھام ئىدى. ھاياجانلىنىش ۋە ئىلھام بولسىلا، ئۇنىڭغا ئازراقلا بىلىم ياندىشسا (مەن ئۇ چاغدا نەزەردە تۇتقان بىلىم پەقەت ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسى ئىدى) يازغۇچى بولغىلى بولىدىكەن، دەپ ئىشىنەتتىم. بۇ مەن ئۆزۈمنى بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك «يازغۇچى بولۇپ قالغاندەكمەن» دەپ ئويلاپ كېرىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىم ئىدى.

كېيىن مەن ئىچكىرىدە مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئۈچ قېتىملىق قەلەمكەشلەر ئۇچرىشىشى (ئەدەبىيات سېمىنارىيىسى) غا قاتناشتىم. مەن ئۇ يەردە

ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر بۈگۈنكى زامان يازغۇچىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم. مەلۇم بولدىكى، مەن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىكەنمەن! مەن بىلىدىغان ئاتالمىش رېئالىزم ئىش يۈزىدە ئاللىقاچان تاسقامغا چۈشۈپ قالغان، قاتتىق سىناقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان رېئالىزم ئىكەن. مەن ھاڭ-تاڭ قالدىم. گويا بارى-يوق دەسمايەمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ئۇتتۇر ئوقەت مىلچىمالچىدەك ئازابلىنىپ تولغاندىم. چۈنكى مەن تېخى تۈزۈك ئاڭقىرالمايۋاتقان نەرسىلەر ئۇلاردا ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىلەر قاتارىدا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىنىۋاتاتتى. مەن ھەقىقەت دەپ ئىشەنگەن نەرسىلەر ئۇلاردا ساختا پەلسەپە ھېسابىدا قارىلىنىۋاتاتتى. مەن ئەڭ يېڭى دەپ تونۇغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلار ئۇلاردا تولا چاينىلىپ تەمى قالمىغان، زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغان نەرسىلەر ھېسابىدا كۈلكە قىلىنىۋاتاتتى. مەن ئازابلاندىم، ئازابلاندىملا ئەمەس، ئۈمىدسىزلەندىم. «يازغۇچىلىق چۈشۈم» ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولدى، ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم يىمىرىلدى. لېكىن شۇنداق قايغۇ ئاستىدىمۇ قەلەمنى تاشلىۋېتىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. چۈنكى كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇرىدا ئەدەبىيات مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ بەلگىسىگە، ئۆزۈمنىڭ تەڭ ياتىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن قەلەمنى تاشلىۋېتەلمەيتتىم. بۇنداق قىلسام، ئەدەبىياتقا بولغان پاك سۆيگۈ ۋە ئوتلۇق ئىشتىياقىم ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئۆزۈمنىڭ ئەقىدىسىگە ئاسىيلىق قىلغان بولار ئىدىم. ئەمما قانداق قىلىش كېرەك؟ بىردىنبىر ۋە ئەڭ توغرا يول يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ نېمىلىكىنى، توغرىراق ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش، بىلىش كېرەك، ئۆزۈمدە دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەلپىگە خاس، سەنئەتنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىجادىيەت خاھىشى ۋە ئەدەبىيات ئىدىيىسىنى تىكلىشىم زۆرۈر، پەقەت شۇ چاغدىلا مېنىڭ يازمام دەۋر ۋە ۋاقىت سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدىم.

ھەر قانداق ساھەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىدۇر، ئەنئەنىۋى ئادەمنىڭ زامانىۋى ئادەمگە ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. ئادەملەر زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى ياراتتى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى. تېز قەدەم بىلەن ئالغا كېتىۋاتقان جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى زامانىۋى پەن-تېخنىكا مەيدانغا كەلتۈرگەن يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (شەكلى) ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى (شەكلى) غا دەرھال ماسلىشىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىلەن ماس قەدەمدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. زامانىۋىلىشىش ھەرگىزمۇ يالغۇزلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىلا ئەمەس، جۈملىدىن، چاچلارنىڭ بۈدۈر قىلىنىشى، ئەركەكنىڭ ئايالچە، ئايالنىڭ ئەركەكچە بولۇۋېلىشى، «80 خالتا» سىمان چاپان بىلەن بەدەننىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىنى تومپايتىپ تۇرىدىغان ئىشتان كىيىۋېلىش تېخىمۇ ئەمەس! ئەكسىچە، ئادەملەرنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە پسىخىك قۇرۇلمىدا زامانىۋىلىشىشنى، تەپەككۇر ئۇسۇلىدا يېڭىچە تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلىنىشنى ئىشقا ئاشۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇش دېمەكتۇر. بىر ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانى ئەمەلىيەتتە پىسخىك ئىپادە (پوزىتسىيە)، قىممەت قارىشى، ئىدىيىۋى ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان بىر خىل ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى چۈشىنىش، ئۆگىنىش، ئېچىۋېتىش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. چۈشىنىش — ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى دەۋر تەلپىنى چۈشىنىش، ئاندىن ئۆزىنى چۈشىنىش؛ ئۆگىنىش — زامانىۋى بىلىم بىلەن قوراللىنىش، ئۆزىنىڭ كونىراپ كەتكەن بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش — چەت ئەلنىڭ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى، بىزگە پايدىلىق نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش دېمەكتۇر. مەن ئىلگىرىكىدەك ھېسسىيات ۋە ئىلھامغا تايىنىپلا يازغۇچى بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەمدە تولىمۇ كەڭرى بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇش ۋە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى جىددىي ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئۆگىنىش دائىرىسى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ھەمدە ئۆگىنىش مەقسىتىمنى دەسلەپكى قەدەمدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم. بىرىنچى قەدەمدە مەن خەنزۇ تىل - يېزىق ساۋادىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا تىرىشتىم (ئەلۋەتتە، ئۆز ئانا تىلىمنى داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە پىششىقلاش شەرتى ئاستىدا!). مۇشۇ كۈنلەردە خەنزۇ تىلى بىزنى زۆرۈر بىلىم ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدىغان بىردىنبىر تىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ھېچقانداق چەت ئەل تىلىنى بىلمەيمەن. خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىلمەي دۇنيانىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدىن (ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات يۈزلىنىشلىرىدىن) خەۋەردار بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ تىل ماڭا يەنە بىر قەدىرلىك تىل بولۇپ قالدى. مەن بۇ تىل - يېزىقنى ئۆگىنىشنىڭ نۇرغۇن پايدىسىنى كۆردۈم.

ئىككىنچى قەدەمدە تەرەپ - تەرەپتىن ئوقۇشلۇق توپلىدىم. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ، چەت ئەلنىڭ — شەرقنىڭ، غەربنىڭ رومان، پوۋېست، ھېكايە، نەسىر، شېئىرلىرى، پسىخولوگىيە، روھىي ئانالىز، پەلسەپە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئوبزورلىرى بولۇپ، بۇلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ئېقىملىرىنىڭ ۋەكىل يازغۇچىلىرىنىڭ ياكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن، شۇ ئېقىملارغا نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغان پەيلاسوپ، پسىخولوگ، روھىي ئانالىزچىلار، ئوبزورچىلارنىڭ يازمىلىرى ئىدى. مەن بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق ھالدا، جۇڭگونىڭ 30 - ۋە 40 - يىللىرىدىكى مودېرنىزملىرى دەپ قارالغان لۇشۈن، ۋاڭ زېڭچىلاردىن تارتىپ، ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى سەھنىسىدە جەۋلان قىلىۋاتقان ۋاڭ مىڭ، جاڭ شەنلياڭ، لى كاڭيۈي قاتارلىقلارنىڭ، فرانسىيە مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى — ئالبېرت كامۇس، ژان پائول سارتىرى، ئەنگلىيە ئاڭ ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى ۋىرگىنىيا ۋولف جامۇس، جويىس، ئامېرىكا ئاڭ ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى ۋىلىيام فائۇلكىنېر، ئاۋستىرىيە بىمەنىچىلىرىنىڭ ۋەكىلى فرانس كافكا، فرانسىيە ئۇلترا (سۇر) رېئالىزمچىلىرىنىڭ ۋەكىلى ئاندىرې بېرىتون، پائول ئېلۋارد قاتارلىقلارنىڭ، لاتىن ئامېرىكا «پارتلاش ئەدەبىياتى» نىڭ ۋەكىللىرى پېتىرئۇسلا، گارشىيا ماركىز قاتارلىقلاردىن تارتىپ

سوۋېت سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ۋەكىللىرى — بوندارېۋ، زارگىن، راسپوتىن، چىڭغىز ئايتماتوۋ، موستاي كەرىم قاتارلىقلارنىڭ يازمىلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇدۇم، نەتىجىدە، ئەدەبىيات توغرىسىدا، جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى يۈزلىنىشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا مەلۇم (ئەلۋەتتە، ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ باشلانغۇچ) چۈشەنچىگە ئېرىشتىم ھەممە ھازىرقى زامان جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن، ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلدىم. مەن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ئەدەبىياتقا بولغان چۈشەنچىدىكى ساۋاتسىزلىق ۋە قاتماللىق، ئىجادىيەت خاھىشى ۋە ئەدەبىيات ئىدىيىسى جەھەتتىكى كونىلىق مېنىڭ ئىجادىيىتىمنىڭ كۆتكىنىمدەك روناق تاپالماسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسىي نېگىزى ئىكەن. بۇ، ماھىيەتتە مېنىڭدىكى دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ كونىلىقى ئەدەبىيات بىلەن ئۇنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشتىكى بىلىمسىزلىك، بىر تەرەپلىمىلىك، تېيىزلىقنىڭ ئىجادىيىتىمدىكى ئىنكاسى ئىكەن.

ھازىرغىچە ھېچكىم «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا ئېنىق ۋە تەلتۆكۈس جاۋاب بېرەلىگىنى يوق. جاۋاب بەرگەنلەر بولسىمۇ بۇ جاۋابلار ھەربىر دەۋردە، ھەربىر جەمئىيەتتە، ھەربىر دۆلەتتە ھەر خىل بولىدى. ئەدەبىياتقا ھەممە دەۋر، ھەممە جەمئىيەت، ھەممە دۆلەتتە بىر خىل ئاقىدىغان ئامېرىكا دوللىرىدەك ئۆلچەملىك، يۈرۈشلۈك، ئۆزگەرمەس جاۋاب بېرىش، مېنىڭچە، مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىمۇ بازار ئەھۋالىغا قاراپ گاھ ئۆرلەپ، گاھ چۈشۈپ تۇرىدىكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار چەكسىز تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش بوشلۇقىغا ئىگە. بۇلار ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇكەممەللىكى مەڭگۈ نىسپىيدۇر. مەن رېئالىزمنى، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش — تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژنىڭ تىپىك ئىش-ھەرىكىتىنى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىش مەنىسىدە، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشنى سىنىپىي چەك چېگرىسى ئېنىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ تامغىسى ئاپئاشكارا بىلىنىپ تۇرىدىغان دەپ چۈشەنگەن ھەمدە سىياسىي ئۇقۇمدىكى «ياخشى» ۋە «يامان» ئادەملەرنى يارىتىمەن دەپ ھەپىلەشكەنمەن. بۇ خىل ئەدەبىي خاھىش بىزدە رېئالىزمغا نىسبەتەن ئۇزۇندىن بۇيان تەرغىپ قىلىنىپ كەلگەن خاتا قاراشلار نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ «رېئالىزم»نى پەلسەپىدىكى ئىنكاس نەزەرىيىسى، شۇنداقلا سىياسىيدىكى «ئىنقىلابىيلىق» ۋە «ئىلغارلىق» ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇۋالغانلىقىمىزنىڭ، رېئالىزمنى ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى دەپ قارىماي، جەمئىيەت سىياسىنى ئەدەبىي شەكىلدە ئىجرا قىلىشنىڭ قورالى قىلىۋالغانلىقىمىزنىڭ، كۆپ قىرلىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىنسان خاراكتېرىنى

ئېتىراپ قىلماي، ئادەملەرنى ئۆزىمىز خالىغانچە ياسىۋالىدىغان پۇرۇچ قورچاق دەپ چۈشەنگەنلىكىمىزنىڭ، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ۋە مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەتنى، ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ روھىدىكى سېھرىي ھېكمەتنى ئېتىراپ قىلماي، چۈشەنمەي، ئادەمنى تولىمۇ ساۋاتسىزلىق دەرىجىسىدە تۇرۇپ كۆزەتكەنلىكىمىزنىڭ، قىسقىسى، سەنئەت قانۇنىيىتىنى قارا قورساقلارچە بۇزمىلىغانلىقىمىزنىڭ كاساپىتى! بىز 3 - ئومۇمىيىغىنىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزنى خۇلاسىلىگەن چېغىمىزدا، ھەتتا بۈگۈنگە قەدەر بىزنىڭ ئەدەبىيات سورۇنىمىزدا، ئەدەبىيات بازىرىمىزدا تۈركۈم-تۈركۈملەپ سۆرۈلۈپ يۈرگەن ئاشۇنداق قاتمال ئەدەبىيات خاھىشىغا يول قويۇپ، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان بۇنداق قېلىپنى تاشلىۋېتىش كېرەكلىكىنى يۈرەكلىك ھالدا ئېتىراپ قىلماي تۇرالايمىزمۇ؟! مېنىڭ بۇنداق دېگىنىم، ھەرگىزمۇ رېئالىزمدىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قارىلىغىنىم ئەمەس، مېنىڭ شىكايەت قىلىۋاتقىنىم رېئالىزمنى بۇزمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئەدەبىياتىمىزغا نومۇسلۇق ئاقىۋەت كەلتۈرۈۋاتقان چاكىنا ئەدەبىيات قارىشى ۋە ساختا كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى!

4

رېئالىزم—ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن يازغۇچى رېئاللىقنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكىلەيدىغان بىر خىل ئىجادىيەت ۋاسىتىسى ۋە بىر خىل پرىنسىپ. دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات دۇنياسىدا مەڭگۈ ئۆلمەس شەرەپ قازانغان مەشھۇر ئەدەبىيات پېشىۋالىرى مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋائى، جامى، ئۆمەر ھەييام، بالزاك، تولستوي، مۇپاسسان، گېيوگو، چېخوۋ، گوركىي، شولوخوۋ، ئايبېك، مۇختار ئەۋىزوۋ، لۇشۈن، باجىن، لاۋشې... لار رېئالىزمچە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ دۇردانىلىرىنى ياراتقان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئالىزم ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرماقتا، كەلگۈسىدىمۇ ئۇ بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. لېكىن رېئالىزم ھېچقاچان بىز چۈشەنگەن مەنىدىكى ۋە شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بولۇۋاتقىنىدەك ئۇنچە نامرات، ئۇنچە بىچارە، ئۇنچە قاتمال، ئۇنچە ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنداق بىر-بىرىدىن پەرقى يوق، ئۇقۇملىشىپ كەتكەن «ئادەم» نى ئەمەس، ئەكسىچە، ھاياتقا تولۇق مۇرەككەپ مۇناسىۋەت شەكلىدە باغلانغان، سىرلىق روھىي دۇنياغا، مۇرەككەپ خاراكتېرغا ئىگە، مىنۇت ئىچىدە نەچچە ئۆلۈپ، مىنۇت ئىچىدە (ئەلۋەتتە، روھىي ھالەت كاتېگورىيىسىدە) نەچچە تىرىلىدىغان، فىزىكىلىق مەنىدىكى ۋاقىت بىلەن بوشلۇقنىڭ چېشلەشكەن گىرۋىكىدىكى ئادەمنىڭ، ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدىكى ئادەمنىڭ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ گىرەلەشكەن پەللىسىدىكى ئادەمنىڭ، تارىخ بىلەن كېلەچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمنىڭ، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق، گۈزەللىك بىلەن قاباھەتلىكنىڭ ئۈچرىشىش مەنزىلىدىكى ئادەمنىڭ تىر-

كىشىش ۋە تىترەكلىرىنى سۈرەتلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى قېنى بار، گۆشى بار ئادەمنىڭ روھىي ئالەمنى ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ. شۇنداقكەن، رېئالىزم ھەرگىزمۇ پېرسوناژنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى، ئىنسانىنىڭ ئەڭ تىرەن روھىي قاتلىمىدىكى ھېسسىياتىنى قېزىشنى، پېرسوناژنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ ھەرىكەت ۋە شىددىتىنى، پارتلاش ھالىتىنى ئېچىشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە، بۇ ئېلېمېنتلار رېئالىزمنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ باي، تېخىمۇ كەڭرى مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ، بۇنداق ئامىللار رېئالىزمغا ئاكتىپ ۋە تولىمۇ ئەجايىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. رېئالىزمنىڭ تارىخى ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىش، تولۇقلاش، قوبۇل قىلىش، يېڭىلىنىش، تەرەققىي قىلىش تارىخىدۇر. بۇنداق تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشنى ھەرقايسى دەۋردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، يەنى ئاڭدىكى، كۆز قاراشتىكى ئۆزگىرىش رېئالىزمنىڭ شەكىلدىكى (بايان، تىل، قۇرۇلمىدىكى) ئۆزگىرىشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، چىڭغىز ئايتماتوۋ پۈتۈن دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشكەن شۆھرەتلىك يازغۇچى. ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات كومىتېتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئۇنىڭ يازمىلىرى 90 نەچچە دۆلەتتە سېتىلىدىكەن، ئومۇمىي تىراژى 8 مىليون پارچىدىن ئارتۇق ئىكەن. ئۇنىڭ «ئەسىرنى قېرىتقان بىر كۈن» (كېيىن «شىۋىرغانلىق ۋوگزال» دەپ ئۆزگەرتىلدى) ناملىق رومانى فرانسىيىدە ئارقا-ئارقىدىن 4 قېتىم نەشر قىلىنغان. ئايتماتوۋنىڭ بۇنچىلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. 10 نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نۇرغۇن ئوبزورچىلارنىڭ تەنقىدى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان. 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئەدەبىيات گېزىتى» دە ئىككى قېتىم ئاشكارا بەس-مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلغان. مۇنازىرىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى «ئايتماتوۋ سوتسىيالىستىك رېئالىزم پرىنسىپلىرى» دىن چەتنەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە «چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن» دېگەنلەردىن ئىبارەت. لېكىن ئايتماتوۋ بۇنداق ئەيىبلەشلەرگە تىز پۈكمىگەن، ھەتتا ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپ يۈزمۇ يۈز مۇنازىرىلەشكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، تېخىمۇ بېيىتىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭىدىن-يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. ئاخىرىدا ئوبزورچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. داڭلىق ئوبزورچى ئابوكالىۋ ئۇنىڭ توغرىسىدا: «بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ‹ئەسىرنى قېرىتقان بىر كۈن› رومانىنىڭ پەلسەپىۋى ئىزدىنىش ھەمدە ئېستېتىكا ئىلمى ساھەسى بويىچە قازانغان ئۇتۇقلىرىدىن ھېچكىممۇ شۈبھىلەنمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى تۇرغۇنلۇقىنى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى» دەپ يازدى. ئامېرىكا ئالىمى ئىئوسىف موزېر: «ئايتماتوۋ سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئېستېتىكىسىنىڭ ئىسلاھاتچىسى» دەپ يازدى («بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتى» 1982-يىلى، 3-سان) ۋەھاكازا. بۇنداق مىسالدىن ئونلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

هالبۇكى، ئايتماتوۋنىڭ ئىجادىيىتىدىكى تولۇپ ئالاھىدىلىك كۆپ تېمىلىق، كۆپ قاتلاملىق، ستېرېئولوق تەسۋىر، ئەپسانە، رىۋايەت، ئاجايىب-غارايىب توقۇلمىلاردىن كەڭرى پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. ئۇ رېئالىزمچە ئىجادىيەتتە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھەر قانداق ئۇسۇلنى، قوللىنىشقا بولىدىغان ھەر قانداق بەدىئىي شەكىلنى قورقماي قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رېئالىزم» غا، «مەدھىيىۋازلىق» قا قارشى تۇرىدۇ. «مەدھىيىۋازلىق، كۈندىلىك تۇرمۇش رېئالىزمى ئادەملەرنى تار ئېغىلغا سولاپ قويغانلىق»، «خەۋەر رېئالىزمى» دەپ قارايدۇ. ئۇ «فانتازىيە تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، ئۇ تۇرمۇشنى يېڭى نۇقتىدىن كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ»، «بىزنىڭ ئەپسانىلەرنى قوللىنىشىمىز بۇ دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ئىدېئولوگىيە، ئىرق ۋە مىللەت مەسىلىلىرىدىكى ھەر خىل توقۇنۇشلار تۈپەيلى چەك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەپسانىۋى دۇنيا بولغانلىقىدىندۇر» دەيدۇ («چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن مەلۇمات» 1980-يىلى، 3-سان). ئايتماتوۋ يەنە «تولستوي، گوركى، چېخوۋ، دوستويېۋسكى ... لارغا تۇتقان پوزىتسىيەم قۇياشقا تۇتقان پوزىتسىيەمگە ئوخشايدۇ»، «توماس، شېكىسپىر، دوستويېۋسكى مېنىڭ قۇياشىم» دەيدۇ (يۇقىرىقى ژۇرنال).

ئۇيلاپ باقايلىكى، تولستوي، چېخوۋ، گوركىلار رېئالىزمچى بولسا، شېكىسپىر رومانتىزمچى، توماس، دوستويېۋسكىلار مودېرنىزمچىغۇ؟ ئۆزىنى «كەسكىن رېئالىزمچى» دەپ ئاتىغان چىڭغىز ئايتماتوۋ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ مودېرنىزمچىلارنى ئۆزىنىڭ قۇياشى دەپ ئاتايدۇ ۋە ئىجادىيەتلىرىدە شېكىسپىر، توماس، ھېمىڭۋاي، فوكنىلارنىڭ تەجرىبىسىنى قوللىنىدۇ؟ بۇ خىل «رېئالىزم» نېمە ئۈچۈن ئايتماتوۋنىڭلا ئەمەس، بەلكى ۋ. ئاستافىيېۋ، ۋ. راسپوتىن، ۋ. شوكشىن، م. سىگىرباخ ۋە رەسۇل ھەمزەتوۋلارنىڭمۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ قالدى؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، 30-يىللاردىلا سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىدە مودېرنىزم ئۇسۇلى چەكلىنىپ، سوتسىيالىستىك رېئالىزم قارارلاشتۇرۇلغان. سوۋېت دۆلىتىنىڭ بۈگۈنكى ئەڭ جۇشقۇن يازغۇچىلىرى يېڭى رېئالىزمچە ياكى غەيرى سوتسىيالىستىك رېئالىزمچە ئەسەر يازىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «مەدھىيىۋازلىق ۋە تۇرمۇش رېئالىزمى» دەل سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇ رېئالىزمنى ئۆزگەرتىۋەتتى؟ ئۇلارنىڭ رېئالىزمى ھەتتا «سۇبيېكتىپ رومانتىزم» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى؟ پەقەت دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى كەلتۈرۈپ چىققان يېڭىلىقلارلا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

دېمەك، رېئالىزم — ئەدەبىياتتا بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىكى، ھەرگىزمۇ بىردىنبىر ۋە مەڭگۈ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆزگەرمەس ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئەمەس، شۇنداقلا دۇنيادا مەڭگۈ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ ئىجادىيەتكە ئەبەدىي بىر قېلىپتا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس! ياكى بىرىنى بىرى يارىتىدۇ، بىرى بىرىنى تولۇقلايدۇ. ياكى بىرى يەنە بىرىگە

ئورۇن بېرىدۇ، ياكى دەۋرىسىمان ئايلىنىدۇ. پەقەت مۇشۇلا دىئالېكتىكىغا ئۇيغۇن يەكۇن. ئۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رېئالىزمىنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى، بېيىشى توغرىسىدا ئىزدەنمىسە، قاتمال، ئۆلۈك ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ۋاز كەچمىسە، زامانىۋىلىشىش مەقسىتىگە قانداق يېتەلەيدۇ؟

## 5

دۇنيادا ھېچقانداق بىرەر ئىجادىيەت ئۇسۇلى مۇئەييەن بىر تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ياكى تۇرمۇش ئىستىلىنى تەرغىب قىلمايدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولماي، ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق بىر نەرسىگە (ياكى سىياسىيىنىڭ ئۆزىگە) ئايلىنىپ قالىدۇ. شەھۋانىلىق — بىر خىل چىرىك بۇرژۇئا تۇرمۇش ئىستىلى، ھالبۇكى، بىرەر ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا بىر خىل تۇرمۇش ئىستىلىنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان. بۇ — پەقەت يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، خاھىشى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ نەرسە، يازغۇچى ئۆزىنىڭ خاھىشىنى ياكى تۇرمۇش قارىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆزى خالىغان ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن، بۇنىڭلىق بىلەن بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىر خىل تۇرمۇش قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇلغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان چۈشكۈن يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ چىرىك دۇنيا قارىشىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا — رېئالىزمدىمۇ ۋە باشقا ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىمۇ يېزىشى مۇمكىن. ھازىر بەزى غەرب يازغۇچىلىرى ۋە قىسمەن جۇڭگو يازغۇچىلىرى يېزىۋاتقان قىپيالىڭاچ جىنسىي تەسۋىرلەر ھەرگىزمۇ بىر خىللا ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەمەس. مەسىلەن، ياش - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەشتە ئىنتايىن ۋەھشىيانە رول ئوينىغان «قىز قەلبى» ناملىق ئەسەرنى بىر جۇڭگولۇق رېئالىزمچە ئىپادىلەش شەكلى بىلەن يېزىپ چىققان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، نېمىنى يېزىش يازغۇچىنىڭ ئىشى، قانداق يېزىش ھەم يازغۇچىنىڭ ئىشى. ھەرگىز بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ۋەزىپىسى ياكى خاراكتېرى ئەمەس.

بىز ئۆزىمىزنىڭ رېئالىزمىمىزنى بېيىتىمىز، راۋاجلاندۇرىمىز دەۋاتقان بىر شارائىتتا، مودېرنىزم ھەققىدە تارقالغان ئۆسەك گەپلەر مودېرنىزمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بەزى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلاردا مودېرنىزم توغرىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا مودېرنىزم ھەققىدىكى خاتا ئىزاھلارغا ۋاقتىدا، توغرا، ئېنىق تۈزىتىش بېرىش زۆرۈر.

مودېرنىزم XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ غەربنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى، كلاسسىكىزم، ئويغىنىش ھەرىكىتى، رومانتىزم ۋە تەنقىدىي رېئالىزمدىن كېيىنكى 6 - قېتىملىق ئەدەبىيات دولقۇنىدۇر. مودېرنىزمچىلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى پېشۋالىرى

ئامېرىكىلىق ئىدىگار ئاللونپو مۇنداق دېگەن: «ئەدەبىيات رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولماي، ئەكسىچە نوقۇل سۇبيېكتىپ تەپەككۇر جەريانىدۇر. شېئىرنىڭ مەقسىتى روھنى يۈكسەكلەشتۈرۈش». فرانسىيىلىك چارلىز بائودلائىر مۇنداق دېگەن: «ئالەم (كائىنات) گويا سىمۋوللاشقان ئورماندۇر. ئادەم قەلبى ئالەم بىلەن سەزگىلى بولمايدىغان بىر خىل يوشۇرۇن ۋاستە ئارقىلىق باغلانغان، شائىرنىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇ ‹ئوبرازلىق يېزىق ئۇغىتى› نى ئوقۇپ چۈشىنىپ، ئالەم بىلەن قەلبنىڭ يوشۇرۇن باغلىنىشىنى ئىنسانىيەتكە ئېچىپ بېرىشتۇر. شۇڭا شېئىر تەبىئەتكە تەقلىد قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەسلىكى، مۇھىت، مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرەلىشى، شەخسىينىڭ تۇيغۇسىنى (مادا بىلەن ئادەم قەلبىنىڭ بىر-بىرىگە ئۆتۈشچانلىقىنى) ‹تەرجىمە› قىلىپ بېرىش كېرەك»، «كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىكى ئالەم پەقەت ئوبراز بىلەن بەلگىنىڭ ئامبىرى، خالاس. ئەنە شۇ ئوبراز ۋە بەلگە شائىرنىڭ تۇيغۇسى بىلەن ئوخشاش ئورۇن ۋە قىممەتكە ئىگە، ئوبراز ۋە بەلگە تۇيغۇ (تەسەۋۋۇر) كۈچى ئارقىلىق ھەزىم قىلىنىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى لازىم.» مودېرنىزمچىلار، يازغۇچى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مەۋجۇت سېھرىي سېزىمنى قېزىشى، ئاناليز قىلىشى لازىم. چۈنكى سېھرىي سېزىمنى تېپىۋېلىش دۇنيانىڭ ئەسلىنى تېپىۋېلىش دېگەنلىكتۇر. دۇنيانىڭ ئوبرازى ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىدۇ. سۇبيېكتىپ سېھرىي سېزىم — شەيئىنىڭ تېگىگە چوڭقۇر قاتلامغا يوشۇرۇنغان ئوبرازى، شەيئىلەرنىڭ مۇتلەق، نوقۇل ھەقىقىتىدۇر، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، بولۇپمۇ ئەڭ خۇپىيانە، سىرلىق تۇيغۇ ھەم يوشۇرۇن ئاڭنى چوڭقۇر قازغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىي ئەسەر يارىتىلىدۇ. قانچىلىك چوڭقۇر ۋە قانچىلىك ئىنچىكە قېزىلسا، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى شۇنچە زور بولىدۇ... دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، مودېرنىزم كاپىتالىستىك ئىگىلىك ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان، جاھانگىر كۈچلىرىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، ئىقتىسادىي زۇلۇم دەستىدىن كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتى دەپسەندە قىلىنغان، ئۇلاردا ئېتىقاد، ئىشەنچ تۇيغۇسى يىمىرىلگەن بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگىنى ھەمدە نوقۇل بۇرژۇئا دۇنيا قارىشى بىلەن كىشىلىك جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان، دۇنيانى چۈشەندۈرىدىغان بۇرژۇئا پەلسەپىسىنى يېتەكچى قىلغىنى سەۋەبلىك مودېرنىزمچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە يېزىلغان، ئىنساننىڭ تەبىئىتى، ئىنسانلار مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇرمىلانغان، ھەتتا «دۇنيا بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ بىر بىمەنىلىك» دەيدىغان چۈشكۈنلەشكەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ مودېرنىزمنىڭ پاسسىپ تەرىپى. بىز ئەلۋەتتە، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئارقىلىق بۇ خىل سەپسەتىلەرنى رەت قىلىمىز. لېكىن ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بىر بۆلىكى ھەمدە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇش سۈ-

پىتى بىلەن يەنە نۇرغۇن ئارتۇقچىلىق ۋە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بىز گەرچە مودېرنـ
زمچە پەلسەپە ۋە دۇنيا قاراشنى، تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئۇسۇلىنى ئىنكار قىلساقمۇ،
ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىنى قورقماي قوبۇل قىـ
لىشىمىز كېرەك. بۇ ــ بىزنىڭ رېئالىزمنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش،
مۇكەممەللىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىزدە، شۈبھىسىز پايدىلىق. شۇڭا بۇ جەھەتتە داـ
دىل ئىزدىنىۋاتقان يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئىزدىنىش روھىغا، ئۇلارنىڭ يېڭى شەكىلـ
دىكى ئەسەرلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، قوللىشىمىز، ئۇلارـ
غا مەتبۇئات ۋە نەشرىيات شارائىتى يارىتىپ بېرىشىمىز لازىمكى، كۆزىمىزنى يۇمۇۋېـ
لىپ، قارىغۇلارچە ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەدەبىيات ئىنسانغا ئوخشاش كۆپ
تىللىق نەرسە، بىر خىل تىلدىلا سۆزلە، باشقىچە تىلدا سۆزلەشكە بولمايدۇ، دېيىشـ
كە ھېچكىمنىڭ ھەققى بولمىسا كېرەك. پەقەت پارتىيىمىزنىڭ «ئېچىلىش»، «سايراش»
فاڭجېنى بويىچە ئىش قىلغاندىلا، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنىڭ «تىنچـ
لىقتا بىللە تۇرۇش» ىغا يول قويغاندىلا، ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزۇنغا قالماي جانلىق،
جۇشقۇن ۋەزىيەت يارىلىپ، گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ. خەنزۇ ۋە
سوۋېت ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ھازىر خېلى نۇرغۇن كىشىلەر «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئال ئۈسـ
تىدە قايتا ئويلانماقتا. بۇ ــ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قېتىپ
قالغان چۈشەنچە ۋە ئۇقۇمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. ئەدەـ
بىياتىمىزدا، بولۇپمۇ شېئىرىيىتىمىزدە، يىراق - يىراقلارغا كۆز تىكىپ، ئىزگىن سىيـ
رىپ، چاپچىپ تۇرغان توسۇن ئاتتەك جۇشقۇن بىر تۈركۈم ياش شائىرلىرىمىز مەيـ
دانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ گۈزەل ئەتىسىدىن بەلگە بېرىۋاتقان ئىزدىـ
نىش خاراكتېرىدىكى جەلپكار شېئىرلىرى كىتابخانىلاردا ۋە ئەدەبىيات ساھەسى ئىچىـ
دە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇلارنىڭ دادىل ئىزدىنىش روھىغا بارىكاللا! لېكىن بەـ
زى ياشلار، غەلىتە بولسىلا، گۈزەل بولىدۇ، يېڭى بولىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىـ
لەن ھېچقانداق بىلىم، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇردىن ئىزنا ئالمىغان سۆز تىزمىلىرىنى
«يېڭىچە شېئىر» دەپ بازارغا تاشلاۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل پوزىتسىيە تولىمۇ ناـ
دانلىق، بىلىمسىزلىك، ھورۇنلۇق. ئەدەبىيات ھەر قانچە يېڭىچە شەكىلدە بولسۇن،
ئىنسان ئېڭىدىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس ھەممە خالىغانچە مايمۇن ئويۇنى قىلىدىغان
سورۇن ئەمەس، ئەدەبىيات سورۇنىغا قەدەم تاشلىغان ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ مۇقەددەسـ
لىكى، ئىلمىيلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم.

## 6

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پارتلاش خاراكتېرىنى ئېلىشى، مائارىپىنىڭ كەڭ
تۈردە ئومۇملىشىشى، ئىنفورماتسىيە قوراللىرىنىڭ مىسلىسىز كۆلەمدە كېڭىيىشى، تاـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋار، رىقابىتىنىڭ ۋە ئۇ پەيدا قىلغان ئەكس تەسىرىنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سېلىشى نەتىجىسىدە ئادەملەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىدا، ئەنئەنىۋى تارىخ قارىشىدا، ئەنئەنىۋى ئېستېتىكا قارىشىدا، ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىدا تۈپ ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلمەكتە. دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ، رايون بىلەن رايوننىڭ، مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئالاقە ئارىلىقى شىددەت بىلەن قىسقارماقتا. ئادەملەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۆزىنىڭ ياشاش بوشلۇقى توغرىسىدا يېڭىدىن - يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئويلاپ تېپىشقا مەجبۇر بولماقتا. بۇ چۈشەنچىلەر پەلسەپە، پسىخولوگىيە، روھىي ئانالىز، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردە نەزەرىيىلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئېڭىغا، ئىجتىمائىي پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەنە شۇ ئىجتىمائىيەتنى تەشكىل قىلىۋاتقان ھەربىر شەخس، بىر تەرەپتىن، ماددىي ئادەم سۈپىتىدە جەمئىيەتكە چەمبەرچەس باغلانسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى ئادەم سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا، كۈچ - قۇدرىتىگە، روھىي خەزىنىسىگە ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن مەھكەمرەك باغلىنىۋاتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاپ، ئۆزى باغلانغان جەمئىيەتتە قىممەت يارىتىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈۋاتىدۇ. دېمەك، بۈگۈنكى ئەسىردىكى ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ئەڭ يېقىن ئادەمدۇر. بۇ يېقىنلىق ھەرگىزمۇ مۇتلەق، تىپتىنچ، ئۆزگەرمەس ھالەتتىكى قېتىپ قالغان يېقىنلىق بولماستىن، ئۆزىدە ئەسلى بار بولغان كونا ئىجتىمائىي پسىخىكا بىلەن جەمئىيەتتە ۋە ئۆزىدە پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ئىجتىمائىي پسىخىكىنىڭ قىسىشى، تاسقىشى بىلەن داۋالغۇۋاتقان، قىيىنلىۋاتقان، ئازابلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشچان يېقىنلىقتۇر.

ئىجتىمائىي پسىخىكا ئىجتىمائىي ئاڭغا ئوخشايدۇ. ئوخشاش بىر دەۋردە ۋە ئوخشاش بىر مەزگىل ئىچىدە كونا ئىجتىمائىي پسىخىكا بىلەن يېڭى ئىجتىمائىي پسىخىكا، ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يېڭى ئىجتىمائىي پسىخىكا ئەنئەنىۋى پسىخىكىدىن ئايرىلىپ چىقىۋاتقان بولغاچقا، ئۇ ئاشۇ ئەنئەنىۋى پسىخىكىنىڭ چاڭگىلىدىن دەرھال قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىغا ئىشتىراك قىلىۋاتقان ھەربىر ئادەم يېڭىچە قاراش بىلەن كونىچە قاراشنىڭ، يېڭى ئىجتىمائىي پسىخىكا بىلەن كونا ئىجتىمائىي پسىخىكىنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشىدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. مانا بۇ — ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك، دولقۇنسىمان خاراكتېرىنى يارىتىۋاتقان تۈپ ئامىل. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەدەبىيات ساھەسىدە سادىر بولۇۋاتقان ھادىسىلەر مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ دەۋر ۋە ئادەم ئۇقۇمىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ئادەمنى تەتقىق قىلىۋاتقىنى ھەممىدە ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ئادەمگە يۈزلەنگىنى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىدىن تارتىپ تەتقىقات ئۇسۇلىغىچە، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن تارتىپ ئىجادىيەت خاھىشى ۋە ئەدەبىيات ئىدىيىسىگىچە چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۈگۈنكى كۈندە

مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئۆزگىرىشكە ئاكتىپ ماسلاشقان ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قۇدرەت بىلەن جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ۋاقتىدا ماسلىشالمىغان ئەدەبىيات بىر ئىزدا توختاپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى — ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش، زامانىۋىلىشىشتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىياتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ، زامانىۋىلاشقان تۇرمۇشنىڭ ئۇچقاندەك قەدىمى بىلەن ماس قەدەمدە گۈللىنىپ بارىدۇ.

بۇ يەردە تولىمۇ مۇھىم ۋە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مەسىلە، يەنى تاللاش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭغا ماھىر بولۇش مەسىلىسى بار. چەت ئەلنىڭ ۋە باشقا مىللەتنىڭ ھەممىلا نەرسىسى ياخشى بولۇشى ناتايىن، ئۆزىمىزنىڭ ھەممىلا نەرسىسى ناچار، كېرەكسىز بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل ھەم ئىلىم بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەنلىك، مېنىڭچە، ھەرگىزمۇ مەۋجۇت شەيئىنى باشقا بىر خىل شەيئىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، زامان، دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، تېخىمۇ ئىلمىيرەك، تېخىمۇ ياخشىراق قىلىپ قۇرۇپ چىقىش دېگەنلىكتۇر.

ئېچىۋېتىش ھەر تەرەپكە قارىتىلغان. چەت ئەلنىڭ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار، پايدىلىق نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئېچىۋېتىشنىڭ پەقەت بىرلا قىسمى، يەنە بىر قىسمى بولسا، ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا، ئەنئەنىمىزدىكى ئېسىل، ھاياتىي كۈچكە ئىگە نەرسىلەرگە «مىللەت» ئۇقۇمىدىكى ئاكتىپ ئامىللارغا، ئۆزىمىزنىڭ يىلتىزىغا، تارىختىن ھازىرغىچە مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تۈۋرۈك بولۇپ كېلىۋاتقان مىللىي روھىي خەزىنىمىزگە، مۇستەھكەم ۋە ئاكتىپ مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەخلاق قاتلىمىغا، باي ۋە يارقىن مىللىي روھىي مەنبەيىمىزگە ئىشىكنى تېخىمۇ يوغان ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. قايتا ئويلىنىش، مىللىي روھنى ئويغىتىش، تارىخنى قايتا كۆزىتىش، يىلتىزىنى ئىزدەش قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئېچىۋېتىشنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. مىللەتنىڭ تۆپ - نېگىزلىك روھىي ئومۇرتقىسىنى باشقىلارنىڭ نەرسىسى ئارقىلىق بىراقلا ئۆشتۈپ تاشلىماي، ئۇنى ھازىرقى زامانىۋىلىشىۋاتقان دەۋرىمىزنىڭ قېنى بىلەن پەرۋىش قىلىپ ۋە ياشارتىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى دەۋرىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە تېخىمۇ پارلىتىشىمىز لازىم. بىر خىل مەدەنىيەت چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىپ، قوزغاتقۇچ تەسىرىنى مۇتلەق قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ھالدا، قاتماللىشىپ كېتىدۇ ھەمدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا خەۋپ يېتىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇتلۇقىدىن ۋاز كېچىپ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ھېچنېمىسىنى تاللىماي ئۆزىنى ئاتسا، ئۇ خىل مەدەنىيەت ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ ئىككى خىل خاھىشنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش، ئەڭ مۇھىمى، قوبۇل قىلىشمۇ، چەتكە قېقىشمۇ لايىقىدا بولۇش كېرەك.

مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش تارىخنىڭ تەقەززاسى، ئۆزى ئىسلاھ قىلىشقا قادىر بولمىغان مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزى ئاجىز چاغدا شىددەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

تەسىر كۆرسىتىۋاتقان باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئالدىدا ئىلاجىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى تەرىپىدىن يوق قىلىنىدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى مەيدانىدا تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغاندىلا، مىللىي روھنى، مىللىي مەدەنىيەتنى يېڭىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىنى يوقىتىپ قويغان مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى يوقاتقان مىللەتتۇر. مۇبادا مىللىي ئەدەبىيات ئۆزىدە دەۋر روھى ۋە زامانىۋىلىق بىلەن مىللىي ئۆزگىچىلىكىنى قانچىلىك زىچ جىپسىلاشتۇرالىسا، ئۇ ئەدەبىيات (سەنئەت) ئومۇملۇقنى، دەۋر روھىنى شۇنچە يارقىن ۋە شۇنچە تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات (سەنئەت) بولىدۇ. قانچىكى مىللىي تۈس ئالسا (ئەلۋەتتە، بۇ ئۇقۇم دەۋر روھى بىلەن باغلانغان) شۇنچە دۇنياۋى، شۇنچە ئىنسانىي بولىدۇ ھەمدە شۇنچە قەدىرلىنىدۇ. مۇبادا ھېچنېمىسىنى ئاغىماي باشقىلارنى دورىسا، ھەم ئۆزىنىڭ جاھان مەدەنىيەت (ئەدەبىيات - سەنئەت) تارىخىدىكى ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ھەم باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت (ئەدەبىيات) يۈكسەكلىكىگە يېتەلمەي، باشقىلار تەرىپىدىن تېخىمۇ كەمسىتىلىدۇ. بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مەسىلىدۇر.

## 7

ھەرقانداق نەزەرىيە ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر توغرا، ماتېرىيالىزمچە ئىلمىي يەكۈن مەۋجۇت پاكىتنى نەزەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرالمايدۇ ۋە شۇ پاكىتنى زېمىن قىلىدۇ. ئۇ پاكىتنىڭ مەۋجۇت ھالىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئۆتكەن 10 يىللىق ئەدەبىياتىمىز توغرىسىدىكى باھامۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىز ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە مەيلى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بولمىسۇن، مۇئەييەن تەرەققىيات ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. 3 - ئومۇمىيغىندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىرقەدەر سەۋىيىلىك ئەسەرلەر مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەرلەرنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە نىڭدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋر ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرساق، ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خېلىلا يارقىن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئاز بىر قىسىم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ مۇشۇ 10 يىل ئىچىدە ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىسىگە كۆز يۇمالمايمىز. بۇ — پاكىت. مۇبادا بۇنداق پاكىت بولمىغاندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنى بولمىغان بولاتتى ھەمدە ئەدە-

بىياتىمىزنى «يۈكسەلدۈرۈش»، «ئۆستۈرۈش» توغرىسىدا ئويلىنىشنىڭمۇ ھاجىتى قالماس ئىدى. چۈنكى، پەقەت بار نەرسىنى، مەۋجۇت نەرسىنىلا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، شۇ نەرسىنىڭ ئاساسىدا تۇرۇپ يۈكسەكلەشتۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن مەست بولۇشىمىزغا تېخى ناھايىتى ئەتتىگەن!

يوقتىن بار بولغانلىق، كىچىكلىكتىن زورايغانلىق، ئاجىزلىقتىن كۈچەيگەنلىك — تەرەققىيات، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، دەۋرنىڭ تەلىپى، ئەدەبىياتنىڭ (دۇنيا ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ) تەرەققىيات - ئۆزگىرىش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، بۇ تەرەققىيات تۆۋەن قاتلامدىكى، ھەر خىل مەنپەئەتدارلىق ۋە يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىكى پاكىت سېلىشتۇرمىسىدىن كېلىپ چىققان بەكمۇ تۆۋەن، بەكمۇ ئاجىز ۋە تولىمۇ قانائەتچانلىق بىلەن چىقىرىلغان بىر خىل يەكۈندىن ئىبارەت.

مەن يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بارلىق مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەممىدە ئۇنى تۈزىتىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە توختالماقچى ئەمەسمەن، لېكىن «ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتىدۇ» دەپ ھېس قىلغان نۇقتىلار ئۈستىدە يۈزەكىلا توختىلىمەن. مېنىڭچە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى ۋە قاتماللىقتىن قۇتۇلالماسلىقىدا تۆۋەندىكى سەۋەبلەر مەۋجۇت:

1. بىزنىڭ خېلى كۆپ يازغۇچى، شائىر ۋە تەھرىرلىرىمىزدە ئۆگىنىش روھىنىڭ كەمچىللىكى، ئۆزىمىزنىڭ قايسى بىر زامانلاردا ئالغان مەكتەپ بىلىمى ۋە كىتابىي بىلىمىنىڭ ئاللىقاچان كونىراپ، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلماي، ئەدەبىيات توغرىسىدىكى يېڭىچە ئۆزگىرىش ۋە دەۋر ئېڭىنى قوبۇل قىلالماسلىق، ئىدىيىدە ئازاد بولالماسلىق، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينى بىر نەرسە دەپ چۈشىنىش، ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاشۇ كونا كۆز قاراش ۋە «ئەدەبىيات ئۆلچىمى» بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىمىز بىلمىگەننى ۋە چۈشەنمىگەننى يەڭگىللىك بىلەن ئىنكار قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەر بار.

2. ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە ئايرىم پارتىيە خادىملىرىنىڭ، رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئەدەبىياتقا مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ھەددىدىن ئارتۇق ۋە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىۋالغانلىقى، نەشرىيات، گېزىت، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ ئەدەبىياتقا ھەر خىل مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىنى، بولۇپمۇ سىياسىينىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، ئەدەبىيات بولمىغان ئەدەبىيات — «شان - شەرەپ ئەدەبىياتى»، «ماختاش ئەدەبىياتى»، «ھەششاللا ئەدەبىياتى»، «باي بولدۇم ئەدەبىياتى»غا، سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ غەيرىي ئەدەبىياتقا ئىلھام بەرگەنلىكى، قوللىغانلىقى، تەشەببۇس قىلغانلىقى، بەزى يازغۇچى شائىرلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئەمگەكلىرى، «رېئالىزم»دىن غەيرىيرەك شەكىلدىكى، تولا چاينالغان تېمىلاردىن باشقىچىرەك تېمىدىكى، ئادەتلەنگەن تەپەككۇر ۋە تىل قۇرۇلمىسىدىن باشقىچىرەك تۈزۈلگەن

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر ۋە تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ چەتكە قېقىلىشى، مەتبۇئات ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەسلىكى، بۇ ئاپتور ۋە ئەسەرلەرگە تۇتۇلغان ئادالەتسىز مۇئامىلە...قاتارلىقلار— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىز سۈنئىي ھالدا پەيدا قىلىۋالغان مەسىلىلەر بولۇپ، 10 يىلدىن بۇيان ئىنتايىن زىيانلىق رول ئوينىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىگە پۇتلىكاشاڭ بولدى.

3. بىز ئادەتتە يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە قانچىلىك ئەزا بار ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىپ سۆزلىشىمىز. لېكىن مەن ئەنە شۇ نۇرغۇن ساندىن تەركىب تاپقان يازغۇچىلار ئەترىتىنىڭ تەركىبى توغرىسىدا پات- پات ۋە نۇرغۇن ئويلاپ قالىمەن. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە، يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا، ئەڭ تۈپ مەنىدىن ئالغاندا، ئەڭ ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتۇر. پەن- تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىدراكىي ئېڭىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىشى، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بوشلۇقتا نىسبەتەن كىشىلەردە پەيدا بولۇۋاتقان ئېھتىياج ۋە كرىزىس تۇيغۇسى، ئون يىللىق بالايىئاپەتتىن كېيىن تەدرىجىي رەۋىشتە مەيدانغا كېلىۋاتقان مىللىي روھنىڭ ئويغىنىشى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن جانلىق، جۇشقۇن، قايناق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىيەت كىشىلەردە قۇدرەتلىك ئېستېتىكىلىق تەلەپ ھەمدە كۈچلۈك مەنىۋى ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭغا خاس ھالدا، ئەدەبىيات ۋە يازغۇچىلار قوشۇنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدە تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئىگە بولدى. ئەدەبىيات ۋە يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ گۈللىنىشى قارىماققا ئەدەبىيات ھادىسىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر ئىجتىمائىي ھادىسە بولغاچقا، ئىجتىمائىيەتتىكى گۈللىنىش، تەبىئىي ھالدا ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. نەتىجىدە غايىلىك، قابىلىيەتلىك (ئەلۋەتتە، ئەدەبىي خېمىر تۇرۇچى بار) يازغۇچىلار تۈركۈمى پەيدا بولدى. بۇ يازغۇچىلار كەلگۈسىدىمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خېلى زور بىر تۈركۈم غەيرىي ئەدەبىياتچىلارمۇ پەيدا بولدى.

مېنىڭچە، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئومۇملاشتۇرۇش دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. ھەممىلا ئادەمنىڭ ئەدەبىياتچى بولۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، بىزگە دەۋرنىڭ تومۇرىنى تۇتالايدىغان، كۆزى شىنجاڭغىلا ئەمەس، ئىچكىرىگە، چەت ئەلگە تىكىلگەن، غايىلىك، بىلىملىك، تىرىشچان، ئۆگىنىشكە، قوبۇل قىلىشقا ماھىر، ئۆز مىللىتىنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، مىللىتىنىڭ كۆلكىسى ۋە يىغىسىغا ھەرۋاقىت ھەمدەم بولالايدىغان جەڭگىۋار يازغۇچىلار كېرەك. يازغۇچى ۋاڭ مېڭ خېلى بۇرۇنلا يازغۇچى بولمىسىز دەپ، ھەپىلىشىپ جان قىيناپ يۈرگەنلەرنى «ئەدەبىياتنىڭ تارغىنە يولىغا قىستىلىۋەرمەڭلار!» دەپ ناھايىتىمۇ جايىدا ئاگاھلاندۇرغانىدى. مېنىڭچە، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنى سەل بېسىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى

دەڭسەپ باقىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى.

يېزىش ھوقۇقىنى، ژۇرنال باشقۇرۇش ھوقۇقىنى، تەھرىرلىك ھوقۇقىنى ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي غەرىزىنىڭ قورالىغا، «تاپاۋەت» يولىغا ئايلاندۇرۇۋالمايلى، ئۇنى پارتىيە، خەلق بەرگەن. پارتىيە، خەلق بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇنىڭ ھېسابىنى سورايدۇ. بىز ھەيلى كىم بولمىسۇن، ئەدەبىياتنى چاكىنىلاشتۇرىدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى «ئەدەبىيات دېگەن مۇشۇنداق بىمەززە نەرسە ئوخشايدۇ» دېگەن خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويمايلى. ئادەملەر ئەدەبىياتنى تاللىۋالغاندەك، ئەدەبىياتنىڭمۇ ئادەملەرنى تاللىۋېلىش ھەققى بار. ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل ھەققى - ھوقۇقى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە تېخىمۇ ئاشكارا ئىپادىلەنمەكتە. ئېستېتىكا پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ شىددىتى ھەممىدە ئەدەبىيات بازىرىدىكى ئۆلچەمنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەدەبىياتتىكى رىقابەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەدەبىيات قانچىلىك نۇرلانسا، مەغلۇپ ئەدەبىياتنىڭ كۈنى شۇنچىلىك پاجىئەلىك بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئالاھىدە سۈپەتلىك ئەسەر يازمىسا، ئۇنى يازغۇچى دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە، ئەدەبىيات يازغۇچىنى ھەقىقىي سەنئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىدىن كېلىۋاتقان خىرىسنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى. بىر يازغۇچى ئۆز ھاياتىدا ئاددىي ئادەملەرنىڭ بېشىغا كېلىشى مۇمكىن بولىدىغان خىلمۇ خىل بوران - چاپقۇن، خىرىس ۋە ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭچە، سەنئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىدىن كېلىدىغان خىرىس ۋە سىناقلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ شەپقەتسىز سىناقتۇر. پەقەت مۇشۇ خىرىسنىڭ ئالدىدىن ئۆرە قوپالىغىنىلا ھەقىقىي مەنىدىكى يازغۇچى بولالايدۇ.

بىر كىشىنىڭ سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ياندىشالايدىغان يازغۇچى بولۇش ياكى بولالماسلىقى پۈتۈنلەيلا ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادىسىنىڭ قانچىلىك قەيسەر ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ھارماي - تالماي يېزىش روھىغىلا باغلىق ئەمەس، بەلكى، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، شۇ كىشىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۈپ - ئاساسىدىن زېمىن بولالايدىغان بىر خىل تۇغما خۇسۇسىيەت ياكى ئالاھىدىلىككە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىگىمۇ باغلىق. بۇ ھەرگىزمۇ كېيىنرەك شەكىللىنىدىغان بىلىم قۇرۇلمىسى، ئېستېتىك پسىخىكىسى قاتارلىق ئەقەللىي ئامىللارنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس، بۇلارمۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئەلۋەتتە، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، بەزى ئادەملەردىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر تەپەككۇرى ۋە ئىلھام تەپەككۇرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت پارتلىشىدەك پەۋقۇلئاددە ھالەت ھەممىدە ئۇلترالىق، مۇستەقىل ئىجادچانلىق قاتارلىقلار ھەممىلا كىشىدە بولىۋەرمەيدۇ. بۇ ئالاھىدە ھالەت ۋە ئىقتىدار ئەمەلدە ئالاھىدىرەك شەكىللەنگەن چوڭ مېڭە سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىدۇر. ھېسسىيات كەچۈرمىشىنىڭ موللىقى ۋە بەدىئىي سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، سەزگۈرلۈكى، قىزىقىش نۇقتىلىرىنىڭ رەڭگارەڭلىكى جەھەتتە ھەممىلا ئادەم بىر خىل بولىۋەرمەيدۇ، چۈنكى، بۇلارمۇ ئالاھىدىرەك شەكىللەنگەن پسىخىك قۇرۇلمىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئىقتىدارىدۇر.

بىر يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە روھىي (ئىچكى) دۇنيا تۇغرىسىدا ئالاھىدە تەسىرات ھەم كەچۈرمىشكە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى، مانا مۇشۇ كەچۈرمىش ۋە تەسىراتلارنى ئۇستىلىق بىلەن تارقىتىپ (يەتكۈزۈپ) بېرىش ئىقتىدارىغا ھەمدە ئاشۇ كەچۈرمىش ۋە تەسىراتلارنى قايتىلاش ۋە بولدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش-بولماسلىقى ئۇنىڭ مۇكەممەل بەدىئىي سېزىمغا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنىڭ ئۆلچىمىدۇر. بۇنداق بەدىئىي سېزىمنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئىستېتىكىلىق ئەمەلىيەت داۋامىدا رىغبەتلەندۈرگىلى ياكى پارتلاتقىلى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى يوق يەردىن پەيدا قىلدۇرۇش زادى مۇمكىن ئەمەس. مەن بايا ئېيتىپ ئۆتكەن بەدىئىي «خېمىرتۇرۇچ» دەل مۇشۇ تۇغما بەدىئىي سېزىمنى كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەنە شۇ تۇغما خاسلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بىر قىسىم كىشىلەرنى «يازغۇچىلىق چۈشى» بىلەن ئۆزىنى خورىتىدىغان بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتىن ساقلاپ قالغىلى ۋە ئەسلىدىلا تولىمۇ «قىستاڭ» بولغان ئەدەبىيات سورۇنىنى تېگىشلىك بولمىغان مالىمانچىلىقتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدىغان ھەممىلا ئادەمنىڭ سەھنىگە چىقىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. سەھنىگە پەقەت ھەقىقىي ئۇسسۇلچىلار چىقسۇن! ھەربىر ۋىجدانلىق يازغۇچى، شائىر، تەھرىر ۋە كىتابخان 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچەيگەنلىكى، يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئازلىقتىن كۆپەيگەنلىكىدەك تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىياتىمىزدىكى كېلەڭسىزلىك، چېچىلاڭغۇلۇقنى، ئەسەرلەرنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ساپاسىزلىقىنىمۇ كۆرۈشى ۋە ئۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ساپاسىز ئەسەرلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولۇۋاتقان نەشرىيات-مەتبۇئات جىددىيچىلىكىنى، مالىيە جىددىيچىلىكىنى پەسەيتكىلى، خەلققە ھەقىقىي ئوزۇق بېرىۋاتقان نادىر ئەسەرگە (يازغۇچىلارغا) نۇقتىلىق ئېتىبار بەرگىلى، نەتىجىدە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈپىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، مەن بۇ قارىشىمنى كەسپىي يازغۇچى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېيتىۋاتقىنىم يوق، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي يازغۇچى بولۇشى، ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا يازغۇچى بولالماسلىقى ناتايىن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار ئىچىدىكى ھەر خىل ياش قاتلامغا مەنسۇپ زەربىدارلار، ئاۋانگارتلار تەشكىل قىلىدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەتىسى شۇلارنىڭ قولىدا!

گەپنىڭ قىسقىسى، ئەدەبىياتنى سۆيگۈچى ھەربىر كىشى مىللىتىمىز ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسىگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق يۈزىسىدىن كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، ھەر بىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ پايدىسى ھېسابىغا بولسۇن. شۇ چاغدىلا ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈپ، جۇڭگو ئەدەبىيات بېغىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللىرىنىڭ باشقا گۈللەر بىلەن ھۆسن تالىشىپ ئېچىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللەتنىڭ روھىنى ئويغىتىش، مىللەتنى روھلاندۇرۇش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باشقا ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا بەرجەس قەدەم بىلەن ئالغا بېسىشىغا، گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئابدۇللا مەتقۇربان

## «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» ھېكايىسى ھەققىدە

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 12 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» ھېكايىسى ئاپتور مىرزىگۈل خۇدابەردىنىڭ تۇنجى ھېكايىسى بولۇپ، بىر قەدەر ئۇتۇقلۇق چىققان. بۇ ھېكايىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن قايناق ھەم چوڭقۇر لىرىك ھېسسىياتتا ئىپادىلىنىدۇ.

سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ رېئاللىقنى تەسۋىرلەيدىغانلىقى، تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ رېئاللىقنى خاتىرىلەيدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان. بۇ يەردىكى «تەسۋىرلەش» بىلەن «خاتىرىلەش» خېلى چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. گەرچە سەنئەت بىلەن تارىخنىڭ بايان قىلىش ئوبيېكتى ئوخشاشلا رېئاللىقتىن ئىبارەت بولسىمۇ، تارىخ ئەسەرلىرىدىكى رېئاللىق ئۆز ماھىيىتىنى ئەينەن ئىپادىلىگەندىلا ئاندىن ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ ئوخشاشلا رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ، لېكىن سەنئەتكار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۇرمۇشنى تارىخشۇناس نەزىرى بىلەن كۆزەتكەندىن تاشقىرى ئۇنى يەنە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئومۇملاشتۇرىدۇ، يىغىنچاقلايدۇ ۋە تىپىكلەشتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا سەنئەتكار ئۆزى ئوبيېكت قىلغان تۇرمۇشنى سالنامە تەرىزدە بايان قىلماستىن، بەلكى ئۇنى تەسۋىرلەيدۇ، سۈرەتلەيدۇ، قايتا يارىتىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەش، بۇنداق سۈرەتلەش ۋە قايتا يارىتىش سەنئەتكاردىن ئۆز ئوبيېكتىغا قويۇق ھېسسىيات سىڭدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، ئەينەن كۆرسىتىش بىلەن قايتا يارىتىش تارىخ بىلەن سەنئەتنىڭ تۈپ پەرقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى يەنە تارىخ ئەسەرلىرى كىشىلەرنى تارىختىكى ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ئارقىلىق يېتەكلىسە، سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ھېسسىيات ئارقىلىق يېتەكلەيدۇ، دەپ ئىزاھلاشقىمۇ بولىدۇ. ھازىرقى زامان سەنئەت قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، سەنئەت ھازىرقى ۋاقىتتا زور تارىخىي ۋەقەلەرنى نوقۇل ھالدا ئىپادىلەشنى تارىخشۇناسلىققا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئادەملەرنىڭ ئەينەن تارىخىي ۋەقەلىككە، مۇئەييەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بولغان پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلىلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىۋالدى. تارىخ بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەنئەتنىڭ ئىش تەقسىماتىدىكى بۇ خىل ئىنچىكە پەرق گەرچە ئىلگىرىدىن باشلاپلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇ ھازىرقى ۋاقىتتا تېخىمۇ روشەنلەشتى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ تارىخىي ۋەقەلىك بىلەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بولغان ھەقىقىي مۇئامىلە ھەم پوزىتسىيىلىرى چىن مەنىسى بىلەن ئادەملەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى ھېسسىياتى، ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بولغان ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇلارنى چوڭقۇر قېزىش، تولۇق ۋە ئەتراپلىق ئىپادىلەش ھازىرقى زامان سەنئەت ئەسەرلىرى، جۈملىدىن، ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسىنى ئايرىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپچىلىك كىشىلەرنى جەلب قىلىدىغان ئەسەرلەر ئادەملەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەسەرلەر بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قويغان تەلىپىدىكى يېڭى تارىخىي يۈزلىنىش، رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئامىلدىن ئىبارەت.

ئاپتور مىرزىگۈل خۇدابەردىنىڭ «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» ھېكايىسى چوڭقۇر، قويۇق لىرىك ھېسسىياتقا ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىرقەدەر روشەن ئېچىپ بېرىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن ۋە بۇ ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە قويغان يېڭى تەلىپىگە خېلى يېقىنلاشقان.

بۇ ھېكايە ئىككى ئاددىيلىقتىن تەركىب تاپقان: ھېكايىچىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىكى سيۇژېت بەكلا ئاددىي، يەنى ئۇنىڭدا بىر قىزنىڭ مۇھەببەتتىكى كەچۈرمىشلىرى تاق لىنىيىلىك سيۇژېت ئارقىلىق بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچىدىن، بۇ سيۇژېتنى تەشكىل قىلغۇچى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى تېخىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان قىزنى ئوراپ تۇرغان تۇرمۇش مۇھىتى تەسۋىرلەنگەن. قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى، بىر - بىرىدىن ۋاز كېچىشى ۋە قاتتىق روھىي ئازاب چېكىشى قاتارلىقلار كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، ھەتتا كونكرېت بىر ئادەم ئۈچۈنمۇ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىشى مۇمكىن بولغان ئاددىي ئىشلار. لېكىن ئۇلارنى سەنئەت نۇقتىسىدىن ھەقىقىي تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ ئىش پروزا ئىجادىيىتىگە ئەمدىلا قەدەم باسقان مىرزىگۈلدەك ھەۋەسكارلار ئۈچۈن تېخىمۇ تەس. بۇ ئىش ئەڭ ئالدى بىلەن كۈچلۈك بەدىئىي ئىقتىدار تەلەپ قىلىدۇ. مىرزىگۈل بۇ ھېكايىسىدا تۇرمۇشتا قارىماققا ئاشۇنداق ئاددىي، لېكىن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان مۇناسىۋەتنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قايناق ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئوقۇغۇچىنى قايىل قىلىدىغان رەڭدار بەدىئىي كەيپىيات ياراتقان.

ھېسسىيات — ئىنسانغا خاس يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇرەككەپ روھىي پائالىيەت. ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ ھاياتىي كۈچى، تەپەككۇر سالمىقى ۋە مەيل - ئارزۇسىدىن ئىبارەت. بەدىئىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھېسسىيات بەدىئىي ئەسەرلەردىكى تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ، ئەسەرلەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ، ئانالىز قىلىنى-

غان پىرسوناژ روھىي دۇنياسىنىڭ كەڭلىك ھەم چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئايرىيدىغان ئاساسىي ئۆلچەم، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلارنى جەلپ قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىل، بەدىئىي ئەسەر بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ۋاستە ھەم بەدىئىي ئەسەرلەردىكى كىتابخانغا تەسىر قىلىدىغان سېھرىي كۈچتىن ئىبارەت. بۇ ھېكايىدىكى لىرىك ھېسسىيات ئەسەر باش قەھرىمانى ئىقبالنىڭ مول ھەم مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ خۇددى سيۇژىتلىق مۇزىكىغا، كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە شېئىرغا، چوڭقۇر سېھرىي كۈچكە ئىگە چوپان ناخشىسىغا ۋە ئويناق تاغ سۈيىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا باش قەھرىمان ئىقبالنىڭ تۇنجى پاك مۇھەببىتى كۈيلىنىدۇ؛ گۈزەل ھاياتقا، كەسپكە، كەلگۈسىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلىدۇ؛ ساپ مۇھەببەت، سەمىمىي دوستلۇق قاتارلىق گۈزەل شەيئىلەر ئۇلۇغلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئىقبالنىڭ قىزلىق غۇرۇرى خورلانغان چاغدىكى ئازابلىق ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ. خاتىرە شەكلىدە بايان قىلىنغان يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئوقۇغان كىتابخان تۇنجى مۇھەببەتنىڭ بەختىگە ئېرىشەلمىگەن ئىقبالغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلسا، قەلب چۈشەنمەيدىغان سىرتقى گۈزەللىك مەستانىسى بولغان شەپقەتكە ئېچىنىدۇ. كىتابخاندا ئەسەر قەھرىمانلىرىغا نىسبەتەن قوزغالغان بۇ خىل ھېسسىيات يازغۇچىنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىغا قارىتا ئاددىي ھالدىكى ئاشكارا باھاسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەسەردىكى شەخسلەر خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىلىق راۋاجى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

بۇ ھېكايە يەنە يارقىن قۇرۇلمىلىق گۈزەللىككە ئىگە. ئۇ قۇرۇلما جەھەتتە ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن تەركىپ تاپقان. بۇ بۆلەكلەر ئوخشاش بولمىغان يىللارنىڭ ئوخشاش بىر پەسلى — سېنتەبىر ئېيى ئارقىلىق ئايرىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ خۇددى ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك درامىغا ئوخشايدۇ. ئەسەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان بۇ كۆرۈنۈشلىرىدە باش قەھرىمان «مەن» ئوخشاش بولمىغان ھالدىكى ئۈچ خىل كەيپىياتتا مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ ئۈچ خىل كەيپىيات ھېكايىدا تەبىئىي بىر خىل دراماتىكىلىق شەكىللەندۈرۈپ، ئەڭ مۇھىمى، ھېسسىياتنىڭ ئىزچىللىقىنى تەمىن ئېتىدۇ. مەسىلەن، ئىقبال ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە كىشىلىك، ھاياتقا، ھاياتتىكى ھەممە نەرسىلەرگە ياش قىزلارغا خاس قىزغىنلىق ۋە تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان ھالدا مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەممە نەرسىگە ئوتتەك مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھايات ھادىسىلىرى شۇنچە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۇ، شەپقەتنىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولغان تۇنجى مۇھەببىتىنى سوۋغا قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىقبال ھاياتتىكى گۈزەللىكتىن، مۇھەببەتتىن، شەپقەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۈچ ھەم ئىلھام ئېلىپ، مېدىتسىنا كەسپىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇھەببەت ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى پەزىلەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەلپۈنۈش ئەڭ ئالىي مەنىۋى گۈزەللىككە تەلپۈنۈش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىقبال ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەييارلىنىدۇ. لېكىن كىشىلىك ھايات ئۇنىڭغا ھە دېگەندىلا ئېغىر چاقچاقلارنى قىلىپ، ئادالەتسىزلىك قىلىدۇ، يەنى ئىقبال ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى تەرىپىدىن سەۋەبسىزلا تاشلىۋېتىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ئىقبال شۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن ھاياتنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەن ھالدا گەۋدىلىنىدۇ. ھاياتتا ئۆزى ھەممىدىن بەك قەدىرلىگەن، كۈچلۈك ئىنتىلگەن نەرسىسىدىن مەھرۇم بولغان ئىقبال كىتابخانلارنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. مۇشۇنداق ئېغىر سىناق ئالدىدا ئۇنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغان قىزلىق نومۇسى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتى بىلەن قىزلىق مۇھەببىتى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش ۋە زىددىيەت يۈز بېرىدۇ. بۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشتا ئاخىر يەنىلا ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ساپ مۇھەببىتى غالىب كېلىپ، شەپقەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى كەچۈرىدۇ. مەسىلىنىڭ بۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىشى قانداقتۇ تاسادىپىيلىق ياكى ئاپتورنىڭ ئىقبالنىڭ تەقدىرىنى شەپقەتكە چېتىپ قويغانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇ ئۆز مۇھەببىتىنى قەدىرلەيدىغان ئىقبال خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىدى. چۈنكى ئىقبال شەپقەتنى ياخشى كۆرۈش مەسىلىسىدە ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنى ئادالەت تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچىگەندە شەپقەتنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئۇنىڭ ئەقلىنى بېسىپ چۈشكەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر ئىقبال شەپقەتكە قايتا ئۆيلىنىش پۇرسىتى بەرمىگەن، ئۇنى كەچۈرمىگەن بولسا، ئىقبالنىڭ شەپقەتكە بولغان مۇھەببىتى گۇمانلىق، ھەتتا مەلۇم مەنىدە ئىشەنچسىز مۇھەببەت بولغان بولاتتى، ھېچ بولمىسا، ئىقبال بۇ نۇقتىدا ئۆزىنى ئالدىغان بولاتتى. ئاق كۆڭۈل، ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئىقبال ئوبرازىنىڭ، ئۇنىڭ شەپقەتكە بولغان سەممىي مۇھەببىتىنىڭ چىنلىقى دەل مۇشۇ يەردە. ئەمما ئىقبالنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىمۇ شەپقەتكە تەسىر قىلمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىقبال ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىش ئورنىغا چوڭقۇر تۇرمۇش دەرسلىكىگە ئىگە بولىدۇ، شەپقەتكە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ھاياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلايدۇ. چۈنكى ئىقبال «ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆز كەسپىنى سۆيۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» غانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەچكە، شەپقەتنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ھاياتتىن مەھرۇم بولغانلىق دەپ ھېسابلىمايدۇ، ئەكسىچە، ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە ئىقبال ۋەسلىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغان مۇھەببەتتىن قول ئۈزۈپ، ئۆز ئالدىغا ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە ھەر قانداق بېقىندىلىقتىن خالىي بولغان ياشاش يولىنى تاللىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ھاياتقا يۈزە قارىغانلىقىدىن ئىبارەت سەۋەنلىكىنى تۈزىتىپ، كىتابخانلار ئالدىدا يەنىمۇ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ بىلەن گەۋدىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ گۈزەل مەنىۋى دۇنياسى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن كىتابخان يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن بۇ ھېكايە باش قەھرىمان ئىقبالنىڭ مەنىۋى جەھەتتە كامالەتكە يېتىش تارىخى ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىدۇ.

كىتابخانلار ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم قەھرىمانى بولغان شەپقەت بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمايدۇ. ئاپتور ئۇنى پەقەت يان تەرەپتىنلا تەسۋىرلىگەن. «مەن» نىڭ

شەپقەت ھەققىدىكى بايانلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئەسەردە «مەن» نىڭ شەپقەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، «مەن» نى ھەرگىزمۇ شەپقەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەسەردىكى «مەن» نىڭ گۈزەل خاراكتېرى، ئېسىل پەزىلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە شەپقەت بىر خىل بىلەي تاشلىق رول ئوينايدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ پېرسوناژ يارىتىشتا خاراكتېرلارنى سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي ئۇسۇلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خاراكتېر يارىتىشتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى رەڭ پەرقلەندۈرۈشكە ئوخشاش بىرخىل ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاقنىڭ ئاقلىقى سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، قارىنىڭ قارىلىقىمۇ ئاققا سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. دېمەك، بۇ ھېكايىدىكى شەپقەتنىڭ شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان تۇراقسىز خاراكتېرى ئىقبالنىڭ ئالىيجاناب خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

شەپقەت خاراكتېرىگە كېلىدىغان بولساق، ئۇ ئىقبال بىلەن بولغان مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە تۇراقسىزلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، مەنىۋى جەھەتتە ئىقبالنى ئازابقا دۇچار قىلىپلا قالماي، ئاخىرى ئۆزىمۇ زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن، ئىقبال بىلەن بولغان مۇھەببەتتە دەسلەپتە ئۆزى تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىقبالدىن سەۋەبسىزلا ۋاز كېچىدۇ. بۇ دەل شەپقەت خاراكتېرىدىكى تۇراقسىزلىق ۋە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. شەپقەتنىڭ بالنىتسىدا داۋالىنىۋاتقاندا ئىقبالغا ئېيتقان:

«— ئىقبال، تۇرمۇش ئاجايىپ بولىدىكەن، ئەگەر بالىلىق ئەسلىگە كېلىپ، بىز بۇرۇنقىدەك ياخشى دوستلارغا ئايلانساق قانداق ياخشى بولاتتى-ھە؟ ھازىر شۇ دوستلۇققا قايتىش مۇمكىنمۇ؟» دېگەن سۆزلىرىدە ئۇنىڭ بىر مەزگىل سىرتقى گۈزەللىك مەستانىسى بولۇپ، ئەخمەقلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىگە قارىتا مەلۇم پۇشايمانمۇ ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن شەپقەت بۇنى بەكمۇ كېچىكىپ ھېس قىلغان. ئۆتكەن ئىشلارنى پۇشايمان بىلەن ھەل قىلغىلى، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. بۇ نۇقتىدا شەپقەتمۇ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چوڭقۇر بىر قىبتىملىق ھايات دەرسى چۈشەنچىسىگە ئىگە بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، يولداش مىرزىگۈلنىڭ «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» ناملىق ھېكايىسىدا كىتابخانلار رازۋېتكا فىلىملىرىدىكىدەك جىددىي ھالدىكى سيۇژىت ياكى زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان تارىخىي رومانلاردىكىدەك قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق ئەمەس، ئەكسىچە قويۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان ئادەتتىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق جەلب قىلىنىدۇ. جەمئىيەتتىكى كەڭ كىتابخانلارنىڭ بۇ ھېكايە ھەققىدىكى ئاغزاكى ياخشى باھا ھەم ئىنكاسلىرى مىرزىگۈلنىڭ ھېسسىيات ئارقىلىق كەيپىيات ۋە خاراكتېر يارىتىش سىنىقىدا تۇنجى ئىسىردىلا بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھال ھازىرقى كىتابخانلارنىڭ زادى قانداق بەدىئىي ئەسەرلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سوئالغىمۇ

www.uyghurkitap.com



لايىق جاۋاب بولالايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى دۇنيانى بىۋاسىتە ھالدا ئۆزگەرتىش ئەمەس، بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت دۇنيانى ئۆزگەرتىش كۈرىشىگە قاتنىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدىنمۇ مۇرەككەپ بولغان پسىخىك پائالىيەتلەردىن ئىبارەت. كىشىلەردىكى ئاشۇ مۇرەككەپ پسىخىك پائالىيەتنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەسۋىرلەپ، ئادەمنىڭ ماھىيىتى بولغان ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەش، دۇنيانى ئۆزگەرتىۋاتقان ئىنسانىيەتكە سەنئەت نۇقتىسىدىن ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىپ، ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇش دەل ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئەدەبىياتنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە كۆرسەتكەن ۋاستىلىق تەسىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. مەن يولداش مىرزىگۈل خۇدابەردىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدە بىر ئۆتكۈنچى مېھمان بولماستىن، «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» غا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئىپادىلەيدىغان، كىشىلەرگە ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئەسەرلەرنى يەنىمۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تۈگىتىشكە ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

---

(بېشى 39 - بەتتە)

مايدۇ. ئۇن ئىككى يۇرۇشكە كىرمىگەن يەككە شەكلى بويىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشىلارمۇ خېلى ئۇزۇن. بۇلارنىڭ تەتقىقاتى ئۈستىدە باشقىلارمۇ ئىزدىنىۋاتقاندۇ، مەنمۇ ئويلىنىۋاتىمەن.»

«ناخشا ئۇستازى»، «ئىلى ناخشىلىرىنىڭ بۇلىقى» دەپ ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولغان، 1953 - يىلدىن تارتىپ دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ھازىرمۇ ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئاكا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ناخشا ئېيتماقتا، سەنئەت تەتقىقاتى ۋە جامائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا: ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلاھات دەۋرىدىكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سېپىدە بارماقتا. بىز ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيمىز، بوغۇلماس ئاۋاز تىلەيمىز، گۈلدۈراس ئالقىشلىق سەھنە تىلەيمىز. شۇنداق، خەلقىمىز ئۇنىڭ بارماقلىرى بىلەن تىزىغا يېپىك چېكىپ ئولتۇرۇپ ئېيتىدىغان لەرزان، مۇڭلۇق، ئىرىكلىق، پۈتمەس-تۈگىمەس ناخشىلىرىنى يەنە ئۇزاق يىللارغىچە زوقلىنىپ تىڭشىسۇن!



# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەد پولات



مۇھەممەد پولات 1940 - يىلى كۆزدە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ 1959 - يىلى شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى تۈگىتىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى. ئۇ 1964 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە شىنجاڭ 1 - ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلىدى. 1976 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئالمىشىپ كېلىپ، دەسلەپ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، كېيىن «شىنجاڭ سەنئىتى» ۋە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرناللىرى تەھرىر بۆلۈملىرىدە ئىشلىدى. 1985 - ۋە 1986 - يىللىرى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى. 1987 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسىدا كەسپىي تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقاتى كەسپىي بويىچە كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى.

مۇھەممەد پولات بەدىئىي ئەدەبىياتقا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى سىنىپىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىشتىياق باغلىدى. بۇ يىللاردا ئۇ ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر قىسىم شېئىر ۋە قوشاقلارنى يادلاشقا ئادەتلەندى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەۋىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە تېخىمۇ ئىزچىل، تېخىمۇ ئاڭلىق تۈسكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى كۆرۈنەرلىك ۋەكىللىرى بولغان زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇلھەي روزىلارنىڭ ھېكايە ۋە شېئىرلىرى ئۇنىڭ دائىملىق ئوقۇشلۇقلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. 50 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ مۇھەممەد پولاتنىڭ ئەدەبىي ھەۋەس ۋە قىزىقىش دائىرىسى كۆرۈنەر-

لىك ھالدا كېڭەيدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي نۇقتىئىنەزەرى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ دائىرى-
سىدىن ھالقىپ چىقىپ، باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى دائىرىسىگە، بولۇپمۇ رۇس ھەم ئۆزبېك
ئەدەبىياتى دائىرىسىگە كېڭىيىشكە باشلىدى. كلاسسىك رۇس ئەدەبىياتى ۋە رۇس سو-
ۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن پۇشكىن، گوگول، لېرمونتوۋ، تۇرگېنېۋ، تول-
ستوي، چېخوۋ، گوركى، فادىيېۋ ۋە شولوخوۋلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئۆزبېك سوۋېت
ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بولغان ئابدۇللا قادىرى، غاپۇر غۇلام، ئايبېك، خەمىت
ئالىمجان، ئابدۇللا قاھار، ئۇيغۇن، مىرتېمىرلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇش ۋە ئا-
شۇ ئەسەرلەردىكى يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئىدىيە، ئالىيجاناب ئىنسانىي ئەخلاق كۆرۈنۈش-
لىرى، شۇنداقلا كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاجايىپ گۈزەل ھاياتىي سەنئەت بىلەن
ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىش ياش مۇھەممەدنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ھەققىدىكى ساددا، ئىپتى-
دائىي چۈشەنچىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ بۇ ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن
ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مۇقەددەس ۋە دائىملىق ئوبيېك-
تى بولغان ئادەم ھەم ئۇنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى.

كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئەدەبىي ھەۋىسىگە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي
تەنقىدچىلىك ئىلمىگە بولغان ئىشتىياق قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەشھۇر رۇس ئە-
دەبىي تەنقىدچىلىرى بېلىنىسكى ۋە چېرنىشېۋسكىيلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭ بىلەن
بىللە رۇس سوۋېت ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ باشلىغۇچىلىرىدىن بولغان گوركى لونا-
چارسكى، بېلاگوۋىلارنىڭ ئەدەبىي - تەنقىدىي ماقالىلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كى-
رىشتى. سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تالانتلىق ۋەكىللىرىدىن بولغان ئىز-
زەت سۇلتان، سەرۋەر ئەزىموۋ، ھاپىز ئابدۇسەمەتوۋ، مەتياقۇپ قوشجانوۋلارنىڭ ئەسەرلى-
رىدىن نۇرغۇن بىلىم ئالدى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي ھەۋىسى بىلەن ئە-
دەبىي ئېستېتىك قاراشلىرى رۇس ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ھەم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ
تەسىرىدە شەكىللەندى. كېيىنكى چاغلاردا ئېلىمىز ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى-
دىن بىرمۇنچىلىغان جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىش، ئۇلاردىكى ئىلمىي، ئەمەلىي كۆز قاراش-
لارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنى ئۆز ئىشىدا تېخىمۇ جانلىقلىق ھەم ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە
قىلدى. لۇشۈننىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدى-
كى ئىلمىي پىكىرلىرى، لىيۇ زەيفۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپلىقى بىلەن بىرىكمە خا-
راكتېر ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرى، ئۇنىڭ ئەدەبىي-تەنقىدىي ئىزدىنىشلىرىدە زور رول ئوينىدى.

مۇھەممەد پولات 1959 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «دوستـ-
لۇقتىن يالداما» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خېلى بىر مەزگىلگىچە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل تۈردە
شۇغۇللىنىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان «ئالتۇن چىش»، «ئانا»،
«ئۆچ»، «سۆھبەتتىن كېيىن» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان ھېكايىلارنى يازدى. «تۆت كىشى-
لىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ نۇقتىلىق ھالدا ئەدەبىيات تارىخىي تەت-
قىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ئېلان قىل-

غان بىر قىسىم ماقالىلىرى ئىجادىيەت سېپىدە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، روھىي بويئۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلۇش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە تارقاتقان ھەر خىل سەپسەتىلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا مۇئەييەن ئىجابىي روللارنى ئوينىدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ماقالىلىرىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن دائىرىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭەيدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان 65 پارچە ماقالىسىدە ئاساسەن رېئالىستىك پروزىمىزنىڭ ھەم يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات دەۋرى تەتقىقاتىغا ئائىت مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. ئۇ بۇ ماقالىلىرىدا دەل ۋە كونكرېت بولۇشنى، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، زۇنۇن قادىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەخىم قاسىم، مۇھەممەدجان سادىق، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر قاتارلىق يىگىرمىدىن ئوشۇق ۋەكىلىنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىلمىي ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىي ئەمگىكى تېما دائىرىسى، مەزمۇنى ۋە سالمىقى جەھەتتىن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ، جۈملىدىن، مىللىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا مۇئەييەن ئەمەلىي ھەم ئىجابىي روللارنى ئوينىدى.

مۇھەممەد پولات ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىي ئىزدىنىشلىرىدە پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىلمىي بولۇشىغا، يېڭى ۋە ئىجادىي بولۇشىغا، ھەرقانداق شەخسىي غەرەز ۋە مۇددىئالاردىن خالىي بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئەسەرنى تونۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئەسەر ھەم ئىقتىدارلىق ئاپتورلارنى ئۆز ۋاقتىدا سېزىپ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا مۇناسىپ ئىلمىي ئىلھام بەردى، زوردۇن سابىر، بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، ئارسلان، سەمەت دوگايلى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابلىكىم خېۋىر، مۇھەممەد باغراش قاتارلىق ئىقتىدارلىق ئاپتورلار ئۇنىڭ دائىملىق تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى.

ھازىرغىچە ئۇنىڭ «چىن دوستلۇق» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى ۋە «ياخشىراق يازايلى، قىسقىراق يازايلى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا»، «كىتابخانلىق تەسراتلىرى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىندى، «يازغۇچى ۋە دەۋر» ناملىق يېرىك ئوبزورلار توپلىمى نەشرگە تاپشۇرۇلدى. «شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىسى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك ئوبزور مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇھەممەد پولات ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نەشرىياتچىلىق ھەم ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتى بىلەنمۇ ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كەلدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئۆزبېك تىلىدىن نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئۇلۇغ ئىنگلىز دراماتۇرگى شېكىسپىرنىڭ «رومېئو ۋە ژۇلېتتا» ناملىق تراگېدىيىسى، تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبى-

www.uyghurkitap.com



يائتىنىڭ باشلىغۇچىسى، مەشھۇر فرانسۇز يازغۇچىسى ستېندالنىڭ «قىزىل ۋە قارا» ناملىق رومانى (2 - كىتابى)، ئۇلۇغ رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ «باغچا ساراي پونتانى» ناملىق مەشھۇر لىرىك داستانى، چېخوۋنىڭ «ئالتىنچى پالاتا» ناملىق پوۋېستى، مەشھۇر سوۋېت ئاۋار شائىرى رەسۇل ھەمزەتوۋنىڭ «مېنىڭ قەلبىم تاغلاردا» ناملىق داستانى، سوۋېت ئۆزبېك دراماتورگلىرىدىن كامىل يەشىننىڭ مەشھۇر «نۇرخان» دراممىسى بىلەن ئۆلمەس ئۆمەربېكوۋنىڭ «ئىلتىماسغا يارىشا» ناملىق دراممىسى نەشىر قىلىنىپ، كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى ئېلىمىزنىڭ گې باۋچۈەن، جياڭ پىڭ، ۋاڭ چىڭخەن، ۋېي جەنلىڭ، شۈك جىڭۋېن، لى باگيۈەن، ۋاڭ مېڭ قاتارلىق يازغۇچى، تەنقىدچىلىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى بىر مۇنچە ماقالە ھەم ئوبزورلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلارغا تونۇشتۇردى. ئۇ ھازىرغىچە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «ئەدەبىي ئوبزورلاردىن تاللانمىلار» قاتارلىق 8 پارچە ماقالە ھەم ئوبزورلار توپلىمى تۈزۈپ، تەھرىرلەپ، نەشرگە تەييارلىدى. ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىمىز مۇھەممەد پولات ھازىر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش ئەھۋالى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەرقايسى ژانىر ۋە تۈرلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەخسۇس بىر كىتاب يېزىش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. بىز ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

---

(بېشى 140 - بەتتە)

رى» ناملىق سېكىلى 1983 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، 1985 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان ناخشا قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە «گۈزەل باغچە ئۆيىمىز» ناملىق تېكىستى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شائىرنىڭ بىر قىسىم بالىلار شېئىرلىرى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ، «ئۈجمە ھەققىدە مۇخەممەس»، «دېھقان» قاتارلىق شېئىرلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ، «گۈلمىروي» نىڭ 2 - بابى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «كارۋان بۈيۈك نەزمىسى»، «خانتەڭرى قىزى»، «باھار قارلىغاچلىرى»، «سېنى كۈتىمەن»، «چارەك ئەسىر نەزمىسى»، «تەڭرىتاغ بۇلبۇلى» قاتارلىق شېئىرلار ۋە داستانلار توپلىمى نەشىر قىلىندى. ئوتتۇز يىلدىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ ھەر خىل تېما ۋە خىلمۇخىل شەكىلدە يېزىلغان 1500 پارچە شېئىرى، 25 پارچە داستان ھەم باللادىسى، 200 دىن ئارتۇق ناخشا تېكىستى، بىر شېئىرىي رومانى، 4 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ يېقىندىن بۇيان «تارىم رىۋايەتلىرى»، «يىپەك يولىدا كارۋان» ناملىق رىۋايەت ھەم داستانلار توپلىمىنى، «زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

شائىر مامۇت زايىت 1988- يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.

## شائىر ماھمۇت زايىت



ماھمۇت زايىت 1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، تارىخ، تەزكىرە ۋە ئەدەبىيات بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۆلىما زاتلار ئىدى. ماھمۇتنىڭ ئاتىسى — زايىت ئاخۇنۇم ئىلىم - پەننىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئوغلى ماھمۇتنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەستايىدىل تەربىيىلەشكە كىرىشتى.

زايىت ئاخۇنۇمنىڭ ئائىلىسى شۇ دەۋرنىڭ ئالىم، شائىر، تارىخچىلىرىدىن ئىسمايىل قارىي ھاجىم، سابىت داموللام، شائىر ئىسمايىل ھاجى، مەتتوختى ئاخۇنۇم، ھىدايەت ھاجىم قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پات - پات يىغىلىپ، ئۆزئارا تارىخ، پەلسەپە، شېئىرىي ئىجادىيەت توغرىسىدا ئىلمىي مۇتالىئە ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى بولۇپ، بۇ مۇتالىئە ۋە سۆھبەتلەر كىچىك ماھمۇتنىڭ سەبىي قەلبىدە ئىلىم - پەن ھەم ئەدەبىياتقا بولغان دەسلەپكى قىزىقىشىنى قوزغاتقانىدى. بۇ ئائىلىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا تارىخ، ئەدەبىيات ۋە باشقا پەنلەرگە ئائىت كىتابلار جىق ئىدى. ماھمۇت كۈندۈزى مەدرىستە ئوقۇسا، كەچلىرى ئۆيىدىكى كۇتۇپخانىدا كىتاب ئوقۇيتتى. ماھمۇت خوتەنگە ئوقۇشقا بارغۇچە بولغان 7 يىل ئىچىدە كۈچلۈك ئىشتىياق بىلەن ناۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» ھەم «خەمسە» سىنى، رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» سىنى، پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى، شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرىنى، لۇتفى، فۇزۇلى، ھۇۋەيدا، ئەھمەد يەسسەۋى، خوجا ھاپىز، ئابدۇراخمان جامى، نۆبىتى قاتارلىق شائىرلارنىڭ «دىۋان» لىرىنى ئوقۇپ چىقتى.

ماھمۇتنىڭ ئائىلىسىنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يېزىلاردا، يايلاقلاردا بولغاچقا، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۇ جايلارغا پات - پات ئېلىپ چىقىپ، ھەپتىلەپ تۇراتتى. ماھمۇت ئاشۇنداق چاغلاردا خامانلاردا، قوناق سويغان جايلاردا، چارۋىچىلارنىڭ گۈلخىنى يېنىدا، تاغ ۋە يېزا مەشرەپلىرىدە دېھقانلاردىن، چارۋىچىلاردىن مۇ-

www.uyghurkitap.com



قام، ناخشا - قوشاق، قىسسە - چۆچەكلەرنى كۆپ ئاڭلىدى، خەلق ناخشا، رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ، خوتەن قەغىزىدىن دەپتەر ياساپ، بېيىت، قوشاقلارنى توپلاشقا، ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە قوشاق يېزىپ، ئاتا - ئانىسىغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىشقا باشلىدى.

خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش ئۇنى يېڭى بىر ھاياتقا — تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن دۇنياسىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ، دەرسلەرنى تىرىشىپ ئوقۇش بىلەن بىرلىكتە شائىر ئۆمەر مۇھەممىدى، نىمشېھىت، ل. مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، تۇرغۇن ئالماسلارنىڭ شېئىر، داستانلىرىنى، ئايبېك، مۇختار ئەۋىزوۋ، سابىت مۇقانوۋ، سەدرىدىن ئەينى، ئابدۇللا توقاي، ھەمزە ھېكىمزادە، غاپۇر غۇلام، پۇشكىن، لېرمونتوۋ، لۇشۈن، گومورو، جاۋ شۇلى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچلۈك ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدى ۋە ئۆزىمۇ ئىلھاملىنىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. مامۇت زايىتنىڭ شۇ چاغلاردا مەشق سۈپىتىدە يازغان بەزى شېئىرلىرى مەكتەپ ھەم سىنىپنىڭ تام گېزىتلىرىگە چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى.

مامۇت زايىت 1957 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇشقا باشلىدى. ئۈرۈمچىنىڭ، جۈملىدىن، ئالىي مەكتەپنىڭ قىويۇق ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىجادىيەت ھاۋاسى، شەرىپىدىن ئۆمەر، مۇھەممەدجان سادىق، مەسۇم باسىت، تۇرسۇن موللايوپ قاتارلىق ئۇستازلىرىنىڭ تەربىيىسى ھەم رىغبەتلەندۈرۈشى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىجادىيەت پىلتىسىنى ئوت ئالدۇردى.

مامۇت زايىت كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا مەدرىسىدە ھەم پەننىي مەكتەپلەردە تىل، ئەدەبىيات، لوگىكا، تارىخ، ماتېماتىكا، پەلسەپە، ئېستېتىكا، پسىخولوگىيە ۋە باشقا پەنلەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇش، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئىجادىيەت مەشىقى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق دەسلەپكى زۆرۈر باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىجادىي پائالىيەتتە ناھايىتى تېزلا ستۇدېنت ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇستازلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ئۇنىڭ كىتابخانلار بىلەن مەتبۇئات يۈزىدە تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان شېئىرى — «مەن — باھار كۈيچىسى» 1959 - يىلى 3 - ئايدا «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ «تاڭ قۇياشى»، «ئانا»، «يىللار سىرى»، «غۇنچە»، «مەڭگۈ ياشاپ قال»، «زامان، بەخت بىزنىڭكى»، «قىز يەرگە باقتى» قاتارلىق شېئىرلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللارغا ئارقا - ئارقىدىن بېسىلدى.

مامۇت زايىتنىڭ 60 - يىللاردىكى ھاياتى خىزمەت بىلەن يېزىلاردا ئۆتكەچكە ئۇنىڭ بۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا ئاساسەن يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە خەلق ئارىسىدىن مول ماتېرىيال توپلاپ، پېشقەدەم شائىرلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، جاپالىق مەنىۋى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق «سادەت»، «زۇلمەت ۋە يورۇقلۇق»، «مېھنەتكەش ئەۋلادى»، «قەشقەر ناخشىسى»، «ئامىنە» قاتارلىق داستانلارنى يازدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا دىلى قاتتىق ئازار يېگەن ياش شائىر مامۇت زايىت 1972 - يىلغا قەدەر قولىغا ئاساسىي جەھەتتىن قەلەم ئالمىدى. 1973 - يىلغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ ھەم مەغلۇبىيەتلىك، ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك 2 - دەۋرى باشلاندى. بۇ دەۋر ھاياتىدىكى ئېغىر «سول» چىللىق كېسىلى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى نوقۇل ھالدا كۈندىلىك سىياسەتنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇش خاھىشى، تۈگىمەس سىنىپىي كۆرەش سەپسەتىسى، كالىندارچىلىق، قېلىپبازلىق، «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش»، شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش ئىللەتلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ياش شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تۇيۇق يولغا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ دەۋرلەردە ئېلان قىلىنغان «يېڭى ئەۋلاد» داستانى، «غەزەللەر»، «جۇڭخۇا قىزلىرى»، «غەلىبە تەنتەنىسى»، «جەڭگىۋار خىتابنامە» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرى مامۇت زايىت ئىجادىيىتىنىڭ «سول» لۇشيەن تەسىرىدە مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شائىر بىر قانچە يىللىق قايمۇقۇش ھەم گاڭگىراشتىن كېيىن، نىسپىي ھالدا ئۆز ئىجادىغا چىقىش يولى تاپتى، ئۇ 1974 - يىلدىن باشلاپ يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە كۆچۈپ، ئۈچ يىل ئىچىدە «خانتەڭرى قىزى»، «خالۋاپ ھېكايىسى» قاتارلىق تۆت پارچە داستان، «گۈلمىروي» ناملىق بىر پارچە شېئىرىي رومان يازدى. شائىر ئۆزىنىڭ «گۈلمىروي» ناملىق شېئىرىي رومانىدا ئۇيغۇر داستانچىلىقى بىلەن شەرق رومانچىلىقىنىڭ جەۋھەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس يېڭى شەكىل ۋە ئۇسلۇب يارىتىپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ رومان ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى، غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ھەر بىر بابىنىڭ بېشىدا نەسرىي شەكلىدە قاراتما ئىرىك خىتاب، ئاخىرىدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى يەكۈن ۋە گۈزەل ساقىينامىلەر بېرىلگەن. «گۈلمىروي» نى مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن مامۇت زايىت ئىجادىيىتىنىڭ 70 - يىللاردىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە يېڭى باھار، يېڭى گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. مامۇت زايىت بۇ دەۋردە «سېنىڭ تويۇڭ — مېنىڭ ياشلىقىم»، «باھار قوشاقلىرى»، «ياز تەسىراتلىرى»، «قەشقەر مۇھەببىتى»، «دەردمەنلەر شادلىقى» قاتارلىق مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «ئارخېئولوگ ھېكايىسى»، «بۇلاق بويىدىكى مۇھەببەت»، «خىسلەتلىك قول»، «بۇ — مېنىڭ ۋەتىنىم» قاتارلىق 12 پارچە داستان، «گۈزەللەر بەزمىسى»، «قىزىل يۇلغۇن» قاتارلىق 5 پارچە باللادا، 180 پارچە ناخشا تېكىستى، 300 پارچىدىن ئارتۇق باللار شېئىرى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى يازدى.

مامۇت زايىتنىڭ «سېنىڭ تويۇڭ — مېنىڭ ياشلىقىم» ناملىق شېئىرى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «باتۇر يىللار ناخشىسى» ناملىق شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلى 1980 - يىلى ئۇيۇشتۇرغان 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يېزا سۆرەتلـ

(ئاخىرى 138 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن

## ئابدۇلھەي روزى

* (1984 — 1923) *

شائىر ئابدۇلھەي روزى 1923 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1933 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1942 - يىلى ئىلى گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەن.

ئۇ شېئىرىيەت سېپىگە 1940 - يىلى قەدەم قويغان پېشقەدەملەردىن بىرى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «شائىر ئىزىدىن» 1957 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى.

شائىر 1962 - يىلى س س س ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. قازاقىستاندا چىقىدىغان «يازغۇچى» نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئېتىز ناخشىلىرى»، «باھار چەشمىلىرى»، «زەپەر»، «شارقىراتمىلار ناخشىسى» قاتارلىق توپلاملىرىنى نەشر قىلدى.

1983 - يىلى قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن شائىرنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقى خاتىرىلەندى.

### كېچە

بىر ئۇ قاتقا، بىر بۇقاتقا قاتناپ تۇرىسەن،
ئىككى قىرغاق ئارىسىدا بۇتناپ تۇرىسەن.
شۇنچە يېقىن سەن قاتنىغان ئاشۇ ئارىلىق،
زېرىكمەستىن ئىككى چەتنى يوقلاپ تۇرىسەن.

مۇساپەڭنىڭ قىسقىلىقى ياقمايدۇ ماڭا،
بىر ساھىلدىن نېرى كەتمەي قاراپ تۇ-
رىسەن.
بىراق سېنىڭ شۇ مۇساپەڭ گوياكى تانا،
ئىككى قاتنىڭ يۈرەكلىرىن ئۇلاپ تۇرىسەن.

### شولىلار

سايە - سالقىن تاغ ئىچىنى ئارىلاپ،
پەسكە چۈشسەم باغ ئىچىنى ئارىلاپ،
بوستانلارنىڭ شاخ - شېخىنى ئارىلاپ،
نەگە بارسام ئەگىشىدۇ شولىلار.

گۈلگە بارسام گۈلدە كۆزى پارقىراپ،
كۆلگە بارسام كۆلدە كۆزى يالتىراپ،
چۆلگە بارسام چۆلدە ئاپتاپ بار تەرەپ،
مېنىڭ بىلەن كۆندىنىشىدۇ شولىلار.

ئۆيگە كىرسەم دېرىزەمدىن مارىلاپ،
تامغا چۈشسە گىلەملەردە موي تاراپ،

قوللىرىمنى،' يۈزلىرىمنى ھەم يالاپ،
ياتسام ـ تۇرسام ئۇينىشىدۇ شوللار.

ئارىلسۇن شولا مېنىڭ قەلبىمنى،
قەلبىمدىكى يارغا دېگەن ئەھدىمنى،
ئارىلسۇن ھەم يورۇتسۇن دەردىمنى
دەردىم بىلەن تونۇشىدۇ شوللار.

## مەغرۇرلۇقۇم

كەتكەن قۇش يىراقلارغا كېتىۋەرسۇن،
قوغلىشىپ پەسىللەرنى ئۇچار ئۇلار.
ياتقان قۇش ئۆچەكلەردە يېتىۋەرسۇن،
بەختىنى ئۇيقۇسىدىن ئۇتار ئۇلار.

غەپلەت ھەم ۋەتەنسىزلىك ئەڭ ئېغىر دەرد،
بۇ پەقەت قۇشلار ئۈچۈن ھاياتىي گەپ.
شۇنىڭدىن ئەسلى مېنىڭ مەغرۇرلۇقۇم،
شۇ ئىككى ئىللەتتىن مەن خالىي سەۋەب!

## ياشاش ئۈچۈن

خۇشاللىقنىڭ تەرىپى كۆپ تۈگىمەس،
بىر خۇشاللىق توغرا بىر ياش دېسەم، بەس!
بىر خۇشاللىق مىڭ قايغۇنى كۆمىدۇ،
قايغۇ ئەچرە ئۆتكەن مىڭ يىل ـ يىل
ياش ئەمەس.

«يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ مىڭ ياشىساڭ
بىر كۈنچە يوق!» دېگەن ھېكمەت بوش
ئەمەس!
ئەگەر ئۆمۈر خۇشاللىقتا ئۆلچەنسە،
تۈمەن ياشقا كىرىپتىمىز دېسەم، بەس!

## پۇرسەت

ياشلىقىمنى چۈشەندىم قېرىلىقتا،
ياشلىقىمدا چۈشەنمىدىم قېرىلىقنى.
بۇ ئارمان ئەمەس ئەسلى زور پۇشايمان،
كۆردۈڭمۇ بۇ ئۆمۈرلۈك خىجىللىقنى؟

قولدىن قۇش ئۇچۇپ كەتسە كېلەر قايتىپ،
پۇرسەتتۇر كەتسە قولدىن كەلمەس قايتىپ.
ئۆمرۈمگە بەزى چاغدا مەمنۇن بولسام،
بەزىدە ئولتۇرىمەن كۆز ئالايتىپ!

## مۇھەببەت ۋە ئادەم

ئۇپۇقتا جىيەك تارتىلغان كەبى،
قىرغاق تانىدەك كۆرۈنەر غىلپال.
مۇھەببەت دولقۇنى بولمىسا، ئەمدى ـــ
ئاسماندا لەيلەپ قالغاندەك بىر ھال.

يېنىپ ـ يېنىپلا قارايمەن ئارتقا،
ئاسمان گۈمبىزىدە يالغۇز بىر چېكىت.
كېتىپ بارىمەن ئادەملىكىمنى ـــ
پالۋانلىقىمنى ئالەمگە يېقىپ.

ئادەم دېگەن شۇنداق كىچىككەن،
مۇھەببەتلەرنىڭ مەۋجى ئالدىدا.
بىراق ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ چېكىتكەن،
پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ يادىدا.

دېڭىزلار ئاستىن ـ ئۈستۈن كېلىدۇ،
قاچانكى پالاق ئۇنىڭ قولىدا.
قىتئەلەر تىك تۇرۇپ سالام بېرىدۇ،
مۇزلار تىترىشىپ ئوڭۇ ـ سولىدا.

ئادەملىكنى ئەسلىگەن كىشى،
كىچىكلىكنى ئەسلىمەس ھېچ چاغ.
ئەگەر شۇ ئادەم تۇرسا قىرغاقتا،
مۇھەببەتتا كارۋان ئۆتكىمەس ھېچ چاغ.

www.uyghurkitap.com

## ئاچچىق بىلەن تاتلىق

يۈزىنىڭ خۇنى كەتكەن شەخسلەر بار،
ئۇلارنىڭ قولى قانلىق كىبلەر دەيدۇ.
يۈزسىزنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرمەيدۇ،
خۇنسىزنىڭ خۇنى ئەلگە يېتەر دەيدۇ.

يۈزۈڭگە قان يۈگۈرسە تەرىڭدىن دەر،
قولۇڭدىن قان يۈگۈرسە قەھرىڭدىن دەر.
بىر ئاچچىق مىلىڭ تاتلىقنى لاۋزا قىلار،
ئاچچىقتىن قان تۆكۈلسە، تاتلىقتىن تەر.

## ئۆمۈر تاتقى

ئۇسسۇدۇم ئۇسساپ كەتتىم، تەشنالىقىم —
ئۇسسۇغان بۇركۇت كەبى ئاتتى چاك ـ چاك.
سۇ ئىچتىم، قىيام ئىچتىم، شىرنە ئىچتىم،
باسمىدى تەشنالىقنى ئانار ھەم ناك.

دەريالار بىر يۇتۇمدەك كۆرۈنىدۇ،
مۇھىتلار ئەسكە چۈشتى تاقىتىم تاق.
شۇ مەھەل ئوغلۇم كىرىپ كىلدۈدى،
سۆيۈپلا ئۇسسۇلۇقۇم قاندى شۇنداق.

«ئۆمۈرنىڭ تاتقىنى ھېچ بىلمىدىم»دەر،
بەزىلەر، ئەسلىرىگە ئىلىپ قويسۇن.
ئۆمۈرگە «تويىمىغانلار، قانمىغانلار»
ئۆمۈرنىڭ تاتقى، — بالا، بىلىپ قويسۇن.

## تاغ تەرلىسە

ھايات تەپتى ئۆتۈپ كەتسە جان جىنىمدىن،
مەڭگۈ قارلار ئېرىگەندەك ئېرىپ كەتسەم.
تاغ تەرلىسە—مەن تەرلىسەم يان ـ يېنىمدىن،
تاغ ئېرىسە، مەنمۇ بىللە ئېرىپ كەتسەم!

ئىككى تاغدىن تەپچىرىگەن تەر قوشۇلۇپ،
جىلغىلاردىن چۇقان سېلىپ ئېقىپ كەتسە!
ساي ـ سالالار تاشنى تاشقا ئۇرۇپ ـئۇرۇپ،
قىىقاس سېلىپ قاقشىغان سۇ چىقىپ كەتسە!

قولتۇقتىن ـ قولتۇقلارنى تاسقاپ ـ تاسقاپ،
كۆمۈلگەن بۇلاقلارنى ئېچىپ كەتسە.
قانسىراپ كەلگەن كىيىك داۋا ئىزدەپ،
كۆزىدىن بۇلاقلارنىڭ ئىچىپ كەتسە!

ھۇششەر! شېئىر دېگەن شۇنداق بولسا،
شائىرمۇ تاغدەك بولسا — تاغ تەرلىسە!
پارتلىغان ھەم تەرلىگەن ئىلھامىنى
قولىدىن ئۆمۈرۋايەت ھېچ بەرمىسە!

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەھەت.





# جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى

## تۈركىيە ئەدەبىياتى

تۈركىيە ئەدەبىياتى ئوسمانلى ئەدەبىياتى ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرى ئەدەبىياتى دېگەن ئىككى چوڭ ماۋزۇ ئاستىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ئوسمانلى ئەدەبىياتى

تۈركلەرنىڭ ۋىزانتىيە زېمىنلىرىنى ئېلىشى ئوتتۇرا ئاناتولى شەھەرلىرىنى مەدەنىيەت مەركىزى ھالىتىگە كەلتۈردى ۋە بۇ يەردە تۈركچىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تىلى بولۇپ راۋاجلىنىشىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدە ئەرەب، پارس تىللىرى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. XII ئەسىردە پارسچە ئەسەر يازغان سەنئەتكارلارنىڭ بەزىلىرى تۈركچە ئەسەرلەرنىمۇ يېزىشقا باشلىدى. مەسىلەن، پارسچە دىۋان ۋە ئۈچ مەسنەۋى يازغان سۇلتان ۋەلەد (1226 — 1312) نىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدا 367 بېيىتلىك تۈركچە تېكىستلەرمۇ بار، شۇنىڭدەك سەلچۇقىيلەر شاھنامىسىنى پارسچە يازغان، ئاناتولى دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ① دەسلەپكى ۋەكىلى ھېسابلىنىدىغان XII ئەسىر سەنئەتكارى دەھھانىنىڭمۇ تۈركچە يېزىلغان بىر قەسىدە بىلەن توققۇز غەزەلى تېپىلغان. 87 بېيىتلىك «چارخىنامە» قەسىدىسىنى ئىجاد قىلغان، ئاناتولى تۈركچىسىدە ئەڭ دەسلەپ ئەسەر يازغان ئەھمەد پاتىھ، يۇنۇس ئەمرەدىن بۇرۇنمۇ ھەم ئارۇز، ھەم بوغۇم ۋەزنى بىلەن ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم بولغان سەيياد ھەمزە قاتارلىقلار سەلچۇقىيلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقان ۋە ئوسمانلىلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشقا باشلىغان ئارىلىقتا ئەسەر يازغان سەنئەتكارلاردۇر.

ئوسمانلى ئەدەبىياتى XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىدۇ. سەلچۇقىيلەر دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان يەرلىك بەگلىكلەرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئەدىبلەر ئىچىدە تەسەۋۋۇپ يوللىرىنى، تەرىقەت ئېتىقادلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان چوڭ سوپىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. بۇ چاغلاردا ئومۇمەن ئىلمىي ئەسەرلەر ئەرەب تىلىدا، ئەدەبىي ئەسەرلەر پارس تىلىدا يېزىلاتتى. تەسەۋۋۇپچىلىق كەڭ تارقىلىپ، خانىقالار ئەتراپىغا توپلانغان كىشىلەرگە

www.uyghurkitap.com

خەلقىنىڭ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەشكە مەجبۇر بولغان تەسەۋۋۇپچى شائىرلار تۈركچىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاناتولى تۈركچىسى پەيدىنپەي ئەدەبىيات تىلى بولۇپ راۋاجلاندى. تەسەۋۋۇپ تېمىلىرىنى ئىنسانىي تۇيغۇلار ۋە چوڭقۇر لىرىزم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خەلق تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشقا تىرىشقان ئەدىبلەر مەيدانغا كەلدى. يۇنۇس ئەمرە (XII ئەسىر) شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «دىۋان ئەدەبىياتى» يېتەكچى ئورۇندا ئىدى. لېكىن ئىران ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە راۋاجلانغان دىۋان ئەدەبىياتى تۈرك تىلىنىڭ ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئوسمانلى بەگلىكى ئىستامبولنى ئالغاندىن كېيىن، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۆز ئىشىكىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كۈچەيدى. يۇنۇس ئەمرەنىڭ ئىزىدىن ماڭغان دەسلەپكى تەسەۋۋۇپچىلار ② — ئاشىق پاشا (1272 — 1333)، نەسىمى (?—1404)، قازى بۇرھانىدىن (1344 — 1398)، ھاجى بايرام ۋەلى (1352 — 1429)، ئەھمەد دائى (XV ئەسىر). گۈلشەھرى (XV ئەسىر)... قاتارلىقلار خەلق تىلىغا بەك يېقىن بولغان ساپ تۈركچىنى قوللىنىپ، ئىران ئەدىبلىرىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان دەسلەپكى دىۋان شائىرلىرى ئەھمەدى (1334 — 1413)، شەيخى ۋە باشقىلارنىڭ قوللانغان تىلىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى.

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پارسچىنى رەسمىي تىل ھېسابلىغان سەلچۇقىيلەرنىڭ ئەنئەنىسى يەرلىك دىئالېكتلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ئوتتۇرا ئاناتولى تۈركچىسى بىلەن پاراللېل قوللىنىلغانىدى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئوسمانلى تۈركچىسىنى قوللانغۇچى دىۋان شائىرلىرى ياراتقان ئوسمانلى ئەدەبىياتى ئۆز تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئوسمانلى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئايرىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئوسمانلى سەلتەنەتى قۇرۇلۇشتىن (1299 - يىلى) ئىستامبولنىڭ ئېلىنىشىغىچە (1453 - يىلى) داۋام قىلغان يۈز ئەللىك يىللىق دەسلەپكى دەۋر ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ «شەكىللىنىش دەۋرى» دۇر. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ زېمىن ئىگىلەشلىرىگە ئەگىشىپ، ئوسمانلى ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاناتولى ۋە غەربىي ئاناتولى شەھەرلىرىدىمۇ ئومۇملىشىپ، ئاستا - ئاستا ئىستامبول ئەتراپىغا مەركەزلىشىدۇ. نەسىر ساھەسىدە خەلق ئېغىز تىلىنى قوللىنىشقا مايىل بولغان شائىرلار — ئاشىق پاشازادە (1393 — 1481)، مەرجىمەك ئەھمەد (XV ئەسىر)، يازىجىزادە ئەھمەدبىجان (? — 1455) قاتارلىقلاردىن كېيىن سىنان پاشا (1437 — 1485)، تاجىزادە جەپەر چەلەبى (? — 1551) قاتارلىق ئۇسلۇبچىلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئوردا، مەدرىسە ۋە ساراي ئەتراپىدا شەكىللەنگەن دىۋان ئەدەبىياتى خەلق مەنبەلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى. شۇڭا، تەسەۋۋۇپلۇق خانىقا شېئىرىيىتى بىلەن بىر قاتاردا، XVI ئەسىردىن باشلاپ خەلق ئەدەبىياتى (ئاشىقلار ئەدەبىياتى — ساز شائىرلىرى) تارقالدى، فولكلور مەھسۇلاتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى.

1450 -، 1600 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئىككىنچى دەۋردە ئوسمانلى ئەدەبىياتىد-

نىڭ نامايەندىلىرى پىردەۋسى، نىزامى، خوجا ئەتتار، سەئىدى، سالمان ساۋەجى، كەمەل خوجەندى قاتارلىق پارس ئەدىبلىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىشتى. XVI ئەسىرغىچە بولغان دەۋردە موللاجامى (1414—1492) ئۇستات ھېسابلاندى. ئەلىشىر ناۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ئۆرنەك قىلىندى. دۆلەتنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى ئۆتىگەن نەجاتى (؟—1509) نىڭ ئىجادىي ئەمگىكى تىل جەھەتتىن ئاناتولى ئەنئەنىسىنى داۋام قىلدۇردى. مەسىھى، مىھرى، خاتۇن (؟ — 1506)، ھەمدۇللا ھەمدى (1449 — 1503) قاتارلىقلار مانا مۇشۇ ئەسىردىكى تۈركىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدۇر. پاساھەتلىك سۆزلەش ۋە نەسىرگىمۇ شېئىرىي پۇراق كىرگۈزۈش ئارقىلىق دىۋان ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان ئەدىبلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلار باقى (1526 — 1600)، شاھىدى (؟— 1550)، فۇزۇلى (1495 — 1556)، ھەيرىتى (؟ — 1554)، خاقانى (؟ — 1606)، خىيالى (؟ — 1534)، نەۋى (1533 - 1599)، رۇھى (؟ — 1605)، تاشلىجالىق يەھيا (؟ — 1582)، زاتى (1477 — 1546)، پائىزى (1589 — 1621) لاردىن ئىبارەتتۇر. ئارىلىقتا ئەدىرنەلىك نەزمى تۈركچىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا تىرىشقان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

بۇ ئەسىردە نەسىر شېئىرغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك بالاغەتكە يەتكەنىدى. پەرىدۇنبەك (؟— 1583)، قىنالزادە ئەلى چەلەبى (1510 —1571)، لەتىپى (1491— 1583)، سەخىبەك (؟ — 1540)، ۋەيسى (1561 — 1628)، نەرگىسى (1592 — 1635) ۋە باشقىلار بۇ دەۋردىكى نەسىرچىلىكنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

ئىمپېراتورلۇقنىڭ چېگرىسى تازا كېڭەيگەن XVI ئەسىردە، قېلىپلاشقان دىۋان شېئىرىيىتىنىڭ ئۇستىلىرى بىلەن بىللە ئاناتولى ۋە رۇم ئېلى شەھەرلىرىدە ئاشىقلار ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يېتىشىپ چىقتى.

XVII ئەسىردە ئەلىشىر ناۋائى ۋە جامىنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن تەدرىجى يىراقلاشقان بەزى ئوسمانلى سەنئەتكارلىرى زاماندىش ئىران شائىرلىرىدىن ئۇرپى، سائىب ۋە پەيزى قاتارلىقلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا باشلىدى. بۇ ئوسمانلى شېئىرىيىتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىنى تەشكىل قىلىدۇ. تىل سەنئىتى بىلەن تۇرلۇك مەنە ئىنچىكىلىكلىرىنى ئىپادىلەشكە يۈزلەنگەن بۇ سەنئەتكارلارنىڭ ئالدىنقى ۋەكىلى قەسىدە شەكلىنىڭ ئۇستىسى ھېسابلانغان نەفئىدۇر. بۇ دەۋردە ئوسمانلى ئەدەبىياتىدا ئىران تەسىرى قايتا كۈچەيدى، دىۋان ئەدەبىياتى ھايات ۋە جەمئىيەتتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئابستراكت مەزمۇنلا بايان قىلىشنى ئەنئەنە قىلىۋالدى.

شۇنداقلا بۇ ئەسىرنىڭ شائىرلىرىدىن سابىت (1650 — 1712) نىڭ غەزەللىرىدە بەك مول قوللىنىلغان خەلق ماقاللىرى، ھېكمەتلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئەكس ئەتكەن يەرلىك تۇرمۇش، شۇنىڭدەك يېڭى مەزمۇنلار ئۇستىدىكى ئىزدىنىش دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ.

بۇ ئەسىردە ئىران شائىرلىرى ئارقىلىق كىرگەن سەبكى ھىندى ئېقىمى دىۋان شېئىرىيىتىگە نازۇك خىياللار ۋە مەجازلارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئېلىپ كەلدى. ئە-

دەبىي ئۇسلۇب ۋە شەكىل جەھەتتە ئوسمانلى شېئىرىيىتى ئومۇمەن ئەرەب - ئىران نەزمىچىلىكىنىڭ پۈتۈن ئامىللىرىنى ئەينەن قوللانغانىدى. لېكىن تاتاۋۇلالىق مەھرىمى، ئايدىنلىق ۋىسالى ۋە ئەدىرنەلىك نەزمىلەرنىڭ تۈركچە شېئىرىيەتكە ئارۇز ۋەزنىنى تەتبىق قىلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىش بولدى. بەزى بىلىم - ساۋاتلار، ساياھەتنامە، خاتىرە، تارىخ ۋە تەزكىرىلەر تېخىمۇ ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلىشقا باشلىدى. شاھنامىچىلىق ئەنئەنىسى ۋەقەنەۋىسلىك ③ نامى ئاستىدا قېلىپلاشقان تارىخچىلىق ئەدەبىياتىغا قاراپ ماڭدى. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبى ئەۋلىيا چەلەبى (1611 — 1682) دۇر. ئۆز زامانىنىڭ ئىنتايىن سەزگۈر كۆزەتكۈچىسى بولغان ئەۋلىيا چەلەبى ئىمپېرىيە دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بارلىق مەملىكەتلەرنى ئايلاندى، ئۇ ساياھەت ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا ھاسىل قىلغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يازغان ئەسەرلىرى تارىخ، بىئوگرافىيە، فولكلور جەھەتلىرىدىن بەرگەن مەلۇماتى بىلەن بىللە تىلىنىڭ جانلىقلىقى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ موللىقى بىلەنمۇ تۈركىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

XVI ئەسىردىن كېيىن، خەلق ئەمگىكىنىڭ ئورتاق مەھسۇلى بولغان فولكلور ئەسەرلىرى (قوشاقلار، غەزەللەر، ئەللەيلەر، مەرسىيە ۋە باشقىلار) بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خانىقا شائىرلىرى بىلەن بىر قاتاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئاشىقلار، ساز شائىرلىرى، ھەربىي تەشكىلاتلاردا، يېزا - مەھەللىلەردە، شەھەر تەبىقىلىرىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان، ساز چېلىپ ئۆتكەن سەنئەتچىلەر كىرىدۇ.

ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى XVIII ئەسىردىن باشلىنىپ، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەربلىشىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشىغىچە داۋام قىلىدۇ. تەنزىمات ④ ئەدەبىياتى، جەدىدە ⑤ ئەدەبىياتلىرىمۇ ئوسمانلى ئەدەبىياتلىرىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە مىللەتچىلىك ئېقىمى باشلىنىپ، ئىمپېراتورلۇق ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى تۈركچىلىك خاھىشلىرى ئىگىلىدى. لالە دەۋرى ⑥ دەپ نام بېرىلگەن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇ دەۋردە يالغۇز بىر سەنئەتكارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ۋە ئىران ئەدەبىياتىنى ئۆزگەرمەس مەنبە ھېسابلاش چۈشەنچىسى ئۆز كۈچىنى يوقاتتى. XVIII ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان نەدىم (1680 — 1730) ئۈمىدۋارلىق، خۇشاللىق، پەرۋاسىزلىق خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن جۇشقۇن ئىشقىي شېئىرلارنى يازدى. ئۆز ھاياتىغا خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن نەدىمنىڭ ئىزىدىن ئەندېرۇنلۇق ۋاسىپ (؟ — 1824)، ئەندېرۇنلۇق پازىل (1759 — 1810)، ناھىپى (؟— 1738) قاتارلىقلار ماڭدى ... بۇ ئەسىرنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى رەسمىي ئەھمەد ئەپەندىنىڭ (1700 — 1783) «سەپەرنامە» سى، يىگىرمە سەككىزىنچى مەھمەد چەلەبىنىڭ «سەپارەتنامە»سى، رەشىد ئاسىم، ۋاسىپ ۋە باشقىلارنىڭ تارىخلىرىدىن ئىبارەت. ئەزىز ئەپەندىنىڭ (؟ — 1798) «مۇھابىبەلات» (خىياللار) ناملىق ئەسىرى رومان ۋە ھېكايىچىلىقتىن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ بۇ ساھەدىكى يېگانە ئۆرنىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئوسمانلى شائىرلىرىنىڭ ئىران تەسىرىدىن قۇتۇلۇشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئارقىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدۇر. گەرچە شەۋكەتنىڭ ئىزىدىن شەيخ غالىب (1757 — 1799)

قا ئوخشاش ئەدىبلەر چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچى يەنىلا چەكلىك ئىدى. بۇنداق ئارىلاشما تەسىرلەر XVII ئەسىردە دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى مۇھىم كىشىلىرىنى يېتىشتۈردى. تۆتىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولغان XIX ئەسىردە بۇ يولدا ماڭغۇدەك بىرەر يىرىك سەنئەتكار كۆرۈلمىدى. ساز شائىرلىرىدىن بىر قىسمى مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە يېقىنلىشىپ، شالغۇت بىر ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىشقا باشلىدى ۋە دىۋان تۈزۈش يولىدا ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇلار زېھنى، سەيرانى، دەرتلى، ئەرزۇرۇملۇق ئەراھ ۋە باشقىلاردۇر. XIX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئورىگىنال شائىرى دادال ئوغلىدۇر ...

XIX ئەسىرنىڭ بېشىدا شىناسى، نامىق كامال ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەرەققىي قىلغان يېڭى ئەدەبىياتنىڭ يېنىدا قەدىمكى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىنى ساقلاشقا تىرىشقان كېيىنكى دىۋان شائىرلىرى يېتىشتى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ كېيىنكى ئوسمانلى شائىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك يېڭى ھەرىكەتلەرنىڭ، غەربلىشىشنىڭ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىزلىرىنى، تەسىرلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. يېڭى ئەدەبىيات چۈشەنچىسى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن كلاسسىك ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

ئوسمانلى ئەدەبىياتى ــ تۈركلەرنىڭ ئىسلاملىق تەسىرىدە ياشىغان ئۇممەت دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، غەرب تۈركچىسى (ئوغۇزچە، ئاناتولى دىئالېكتى) ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى. بۇ دەۋرنىڭ كۆرۈنەرلىك خۇسۇسىيىتى دىنىنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسەتكىنىدەك ئەدەبىياتقىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدە. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەدەبىيات ئىسلام دۇنيا قارىشى بىلەن ئەرەب ـ ئىران سەنئەت ئەنئەنىسىگە، ۋەزنىگە، نەزىم شەكىللىرىگە، ئۇسلۇب ۋە مەنە خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئوسمانلىچە يۇقىرى تەبەقىنىڭ مەدەنىيەت تىلىغا تاياندى.

ئوسمانلى ئەدەبىياتى بىر ئىمپېراتورلۇقنىڭ مەركىزى ئەتراپىدا راۋاجلانغان كلاسسىك ئەدەبىيات ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تىل زەۋقىنىڭ تەرەققىي تاپمىغان ئۇممەت چۈشەنچىسى ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قۇسۇرسىز گۈزەللىكنى يارىتىشنى مەقسەت قىلغان سەنئەتكارلار تەبىئەتتىن يىراقلاشقان، ئابستراكت مەزمۇننى ئىپادىلەشكە تىرىشقانىدى. ئەپلاتۇن ئىدېئالىزم پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ھەم تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدا، ھەم دىنىدىن سىرت تېمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا كۆرۈلىدۇ.

ئومۇمەن، ئەمەلىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىن ئەينى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تېپىش يەنىلا مۇمكىن. ئوسمانلى ئەدەبىياتى نەزىم ساھەسىدە دىۋانلار، مەسنەۋى ۋە خەمسىلەر (بەش مەسنەۋى ياكى بەش نەسرىي ئەسەر) بىلەن يېتىلگەن. نەسىر ساھەسىدە تارىخلار، تەزكىرىلەر، مۇنشەئات ⑦ توپلاملىرى، نامە دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇدىن ئىبارەت تۈرلۈك ماۋزۇلاردىكى ئەسەرلەر (ساياھەتنامە، ساپارەتنامە، پەتىھنامىلەر) ئاساسىي تۈرلەردىن ئىبارەت. بۇ ئەدەبىياتتا رومان، ھېكايە، تىياتىرغا ئوخشاش زامانىۋى ئەدەبىياتلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۇچرىمايدۇ. ئوسمانلى ئەدەبىياتى شۇ نام بىلەن ئاتالغان ئىمپېراتورلۇقنىڭ ـ كېيىنكى ئەسىردە قەدىمكى يىلتىزىدىن ئايرىلىپ، يېڭى بىر يۆنىلىشكە ئىگە بولغانىدى.

www.uyghurkitap.com

## جۇمھۇرىيەت دەۋرى ئەدەبىياتى

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تۈرك تىلىنىڭ رەسمىي دۆلەت تىلى ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. تۈركىيەدە 90% نوپۇسنىڭ ئانا تىلى بولغان تۈركچىدىن باشقا كورتچە، ئەرەبچە، زازاچە ۋە باشقا تىللارمۇ قوللىنىلىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە قۇتۇلۇش ئۇرۇشىدىن ⑧ كېيىن تۈركىيەدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مۇھىم ۋەقە تارىختا ئوسمانلى دۆلىتىدە ⑨ بەرپا قىلىنغان مۇئەسسەلەر، ئىجتىمائىي تەبىقىلەر، ھايات پەلسەپىسى، تىل ۋە ئۇسلۇبىنىڭمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى بىر تۈزۈمگە، ئاڭغا، ئىجتىمائىي نىزامغا ئاساسلانغان يېڭى بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدۇر.

جۇمھۇرىيەت دەۋرى ⑩ تۈركىيىگە، خەلق ئىرادىسىگە تايانغان پارلامېنت تۈزۈمىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ تۈزۈمنى قۇرغۇچى دەسلەپكى ئەۋلاد قۇتۇلۇش ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان مۇنەۋۋەر ئوفىتسېرلار بىلەن ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدە يېتىشكەن زىيالىيلاردىن ئىبارەت ئىدى. يېڭى ۋە ئىلغار پىكىرلىك مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك مانا مۇشۇ ئوفىتسېر ۋە پاراسەتلىك تەبىقىلەر بىلەن تۈركىيىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەن ئىنقىلابلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا تايانغان ۋە داشۆلەرگىچە يۈكسەلگەن بىر مائارىپ سىستېمىسى ئىچىدە يېڭى بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈلدى. بۇ ئەۋلادقا ئەسىرلەردىن بېرى ئىجتىمائىي ھاياتتىن مەھرۇم قالغان ياش قىزلارمۇ قوشۇلدى. زامانىۋى، لائىك ⑪، غەرب تەربىيە سىستېمىسى بويىچە يېتىشكەن بۇ يېڭى ئەۋلاد 1960 -، 1970 - يىللارنىڭ ئارىسىدا كامالەت يېشىغا ئۇلاشتى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتتا رول ئويناشقا باشلىدى.

جۇمھۇرىيەت دەۋرى ئەدەبىياتى مانا مۇشۇنداق سىياسىي ۋە مەدەنىي مۇھىتنىڭ تەسىرلىرىنى ئېلىپ كەلدى، ھەتتا بەزى تەرەپلەردىن ئۇلارغا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. ئوسمانلىچە ۋە ئوسمانلىچىلىق ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى باشلانغان تىلدا تۈركچىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى بالقان ئۇرۇشى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە قۇتۇلۇش ئۇرۇشى يىللىرىدا مىللىي ئەدەبىيات ئېقىمىنى تۇغدۇردى. مەۋجۇت ئاكتۇئال ھاياتنى ۋە مەملىكەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئېقىم جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى. 1880 - يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ئىككىنچى مەشرۇتىيەتنى، بالقان ئۇرۇشىنى ۋە قۇتۇلۇش ئۇرۇشىنى كۆرگەن ۋە زامانىۋى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زىيالىي تەبىقىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ ئەۋلاد مول ھايات تەجرىبىلىرىگە ئىگە ئىدى. خەلققە تەسىر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلىنى قوللىنىش لازىملىقىغا ئىشەنگەن بۇ ئەۋلادتىن چىققان يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئېغىز تىلىنى قوللاندى. «ياش قەلەملەر مەجمۇئەسى» دە باشلانغان بۇ پائالىيەتلەر دەسلەپتە يېڭى ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىدە ئورۇن ئېلىپ ۋە ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدە تۈركچىلىك ئېقىمىغا قوشۇلغان ئەھمەد ھېكمەت مۇقتۇ ئوغلى (1870 — 1927) بىلەن رەفىق خا-

لىدا قاراي (1888 — 1965)، ھەتتا ياقۇپ قەدرى قارا ئوسمان ئوغلىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. تىپ ۋە ماكان تەسۋىرى بىلەن پسىخولوگىيىلىك تەھلىلگە ئەھمىيەت بەرگەن بۇ يازغۇچىلار بىر قاراشتا خالىدزدىيا (ئۇشاقلىگىل) نىڭ ئۇسلۇبىنى ئاغزاكى تىلغا ئويغۇنلاشتۇرۇشاتتى. ئەمما ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي ھاياتقا ۋە يۇرت ئەمەلىيىتىگە بەرگەن كەڭ ئورۇن بىلەن يېڭى ئەدەبىياتچىلاردىن پۈتۈنلەي ئايرىلغانىدى. يالغۇز مۇتارىكە ⑫ دەۋرىنىڭلا ئەمەس، جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭمۇ يىرىك يازغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ياقۇپ قەدرى قارا ئوسمان ئوغلى ئۆز ئەسەرلىرىدە تۈركىيىنىڭ تەنزىماتتىن باشلاپ باشتىن كەچۈرگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ئۆزگىرىشلىرىنى ئىسپاتلىدى.

خالىدە ئەدىب ئادىۋار (1884 — 1964) مۇ ياقۇپ قەدرىگە ئوخشاش ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدە يېزىقچىلىققا قەدەم تاشلاپ، مۇتارىكە يىللىرى بىلەن جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلەرنى يازدى. ئوبيېكتىپ مەيداندا تۇرۇپ ھاياتقا سوغۇق تەنقىدىي كۆز بىلەن قارايدىغان ياقۇپ قەدرىنىڭ ئەكسىچە خالىدە ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدە قىزغىنلىق، جانلىقلىق، ۋە ھاياجان ئەكس ئېتىدۇ. خالىدە ئەدىب ھاياتىنىڭ ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى، تۈركىيىدە ئەنئەنىلەردىن ئازاد، ئويغانغان، غەربلىك بىر ئايال تىپىنى يارىتىشتا باشلامچى بولغانلىقىدا. خالىدە ئەدىب ھېكايە ۋە رومانلىرىدا ئىشق ۋە كىشىلىكنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن بىللە مەملىكەت ۋە دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مەسىلىلىرىگىمۇ كەڭ ئورۇن بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ياش قىزلار ھەتتا ئەرلەرگە ئۈرنەك بولىدىغان ياراملىق تىپلارمۇ بار. خالىدە ئەدىب ياقۇپ قەدرىدەك ھاياتنى تەنقىدلا قىلماي، بەلكى سۆيەتتى، تەربىيىلەيتتى ۋە يېتىشتۈرەتتى.

رەشات نۇرى گۈنتېكىن (1888 — 1956) بىلەن پايامى ساپمۇ (1899 — 1961) 1940 - يىلىدىن بۇرۇنلا شۆھرەت قازانغان يىرىك رومانچىلاردىندۇر. «چالىقۇشى» (1922) تۈركچىدە ئەڭ كۆپ ئوقۇلۇدىغان ئەسەرلەردىن بىرى. ساددا ۋە ئېنىق تىل بىلەن يېزىلغان بۇ روماننىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى، جۇمھۇرىيەت دەۋرى ئەدەبىياتىدا ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا چوڭ ئورۇن ئىگىلىگەن مۇئەللىم تىپى بىلەن ئاناتولى خەلقىغە بولغان سۆيگۈ، ئالاقە ۋە ياخشىلىق تۇيغۇسىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدۇر. دۇرغۇن ھېكايە ۋە پيېسسىلەر يازغان رەشات نۇرى گۈنتېكىننىڭ باشقا ئەسەرلىرىدە ئاناتولى خەلقى بىلەن ئۆزىگە بەك يېقىن بولغان ئوقۇتقۇچى ۋە مەئمۇر تەبەقىسى كەڭ ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

پەيامى ساپا ئۆز رومانلىرىدا كۆپرەك چوڭ شەھەر (ئىستامبول) دا ياشىغان ياش ۋە ياشانغان ئادەملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ۋە پسىخولوگىيىلىك بوھرانلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. تاشقى ھادىسىلەرگە قارىغاندا ئىچكى ھادىسىلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان پەيامى ساپانىڭ ئەسەرلىرىدە جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكلەر چوڭ ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

ئابدۇلھەق شىناسى ھىسار (1883 — 1963) بىلەن مەمدۇھ شەۋكەت ئەسەندال

www.uyghurkitap.com

(1883 — 1952) ۋە ئەھمەد ھەمدى تانپىنار (1801 — 1902) قاتارلىقلار كۆز قاراشلىرى ۋە ئەسەرلىرىنى 1930 - يىللىرىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقاردى. مۇتارىكە يىللىرىدىلا يەھيا كامالنىڭ تارىخقا قاراش ئۇسۇلى ۋە فرانسۇز رومانچىسى مارجىل پروست (1871 — 1922) نىڭ «ئۆتمۈش زامان» ناملىق ئەسىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا قالغان ھىسار بىلەن تانپىنار پىكىر ۋە ئۇسلۇبىنى يېڭى بىر شەكىلگە كىرگۈزدى. بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ ئۆتمۈشكە قاراش ئۇسۇلىغا نازۇك بىر ئىستېھزا بىلەن شېئىر ۋە مەسەل تۇيغۇسى ئارىلاشقان. ئۇلاردا يەھيا كامالنىڭ تارىخقا بولغان ئىشەنچى ۋە بۈيۈك لىرىزمى يوق. تارىخ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر ئىلھام مەنبەسى بولۇشقا قارىغاندا، كۆپرەك ئېستېتىك ماۋزۇ ھالىتىدە كېلىدۇ.

ياشىغان تارىخى جەھەتتىن يەھيا كامال دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مەمدۇھ شەۋكەت ئەسەندال 1940 - يىلىدىن كېيىنلا ئۆزىنى بىر ھېكايىچى سۈپىتىدە تونۇتتى. ئۇسلۇبى جەھەتتىن رەشات نۇرىغا يېقىن بولغان ئەسەندالنىڭ ھېكايىلىرىدا زىكىر قىلىنغان شەخسلەرمۇ خەلقنىڭ ئوتتۇرا تەبىقىسىگە مەنسۇپتۇر.

1920 -، 1940 - يىللىرى ئارىسىدىكى شېئىرلار، ئەينى دەۋر ئېقىمى ۋە ئەينى ئىجتىمائىي شارائىتتا راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن رومان ۋە ھېكايىلار بىلەن ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. جۇمھۇرىيەت دەۋرى شائىرلىرى ساددا تىل ۋە بوغۇم ۋەزنىنى قوللاندى. ماتارىكە يىللىرىدا شۆھرەت قازانغان بۇ غۇنچىلار ئۆرخان سەيفى ئورخون (1890 - يىلى تۇغۇلغان) ۋە يۇسۇپ زىيا ئورتاق (1896 — 1967) تىن كېيىن يېتىشكەن پارۇق ناپىز چاملىبەل (1898 - يىلى تۇغۇلغان) بىلەن كامالىددىن قامۇ (1901 — 1948) جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئاناتولى ۋە ئاناتولى خەلقلىرىنى كۈيلىگەن شېئىرلارنى يازدى.

بوغۇم ۋەزنى بىلەن ئەركىن شەكىلدە شېئىرلار يازغان ئەنىس بەخىچ قور يۈرەك (1892 — 1967) نىڭ شېئىرلىرىدا تارىخىي ۋە مىللىي روھ ئەكس ئېتىدۇ. ئەلى مۇمتاز ئەرولات (1897 — 1967) ئەھمەد ھاشىمنىڭ تەسىرى بىلەن بوغۇم ۋەزنىدە سىمۋولىستىك ئۇسلۇبتا شېئىرلار يازدى.

1900 - يىلىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئۆتكەن ياش ۋە يېتىلگەن شائىرلار يەھيا كامال، ئەھمەد ھاشىملار بوغۇم ۋەزنىنى خەلق شېئىرلىرىنىڭ بىرلا خىل ئاھاڭىدىن قۇتقۇزدى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئىپادىلەيدىغان يېڭى ئېستېتىك شەكىللەرنى كىرگۈزدى. ئەھمەد ھەمدى تانپىنار (1901 — 1961) پائۇل ۋاللىرىنىڭ شېئىرىي قاراشلىرىنى تۈركچىگە تەتبىقلاپ، قويۇق، يېپىق، چوڭقۇر مەنىلىك شېئىرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئەھمەد قۇرسى تەجەر (1901 — 1967) كېيىنچە يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە تانپىنارنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراپ فولكلور مەنبەلىك ئەسەرلەرنى يازدى. كامالىددىن قامۇ (1901 — 1948) بىلەن ئۆمەر بەدرىددىن ئۇشاقلىنىڭ (1904 — 1946) شېئىرلىرى كۆپرەك چارۇق ناپىز چاملىبەلنىڭ شېئىرلىرى شەكلىدە يېزىلغان. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ

بولغان نەجىب پازىل قىسا كۈرەك (1905 - يىلى تۇغۇلغان) شېئىر ۋە پىيېسىلىرىدە
ئاناتولى خەلقلىرىنىڭ مىستىك خاھىشلىرىنى ئورىگىنال ۋە زامانىۋى بىر ئۇسلۇب بى-
لەن ئىپادىلىدى. ياش ۋاقتىدا روسىيىگە كەتكەن ۋە ئۇ يەردىن ماركسىستىك ئېتىقاد
بىلەن قايتقان نازىم ھېكمەت ران (1902 — 1963)ماياكوۋسكىنىڭ تەسىرى ئاستىدا
تۈركچىنىڭ تاۋۇش ۋە ئىپادىلەش ئىمكانىيەتلىرىدىن يېڭى بىر شەكىلدە پايدىلىنىپ
ئىنقىلابىي شېئىرلار يازدى. ئەھمەد مۇھىب دراناس (1900 - يىلى تۇغۇلغان) مۇ شې-
ئىرغا ئەھمەد ھەمدى تانپىنارغا ئوخشاش پۈتۈنلەي ئېستېتىك كۆز بىلەن قارىغان بىر
سەنئەتكاردۇر. ئەينى دەۋردە ياشىغان، شېئىرلىرى 1940 - يىلىدىن كېيىن تونۇلغان
زەكى ئۆمەر دەپىنە (1904 - يىلى تۇغۇلغان) ئەسەرلىرىدە خەلق ئەنئەنىسى بىلەن
فولكلور ئامىللىرىنى قوللاندى. سەئىت پائىق ئاباسىيا (1906 — 1954) بىلەن ساباھىددىن
ئەلى (1906 — 1948)نىڭ 1935 - يىلىدىن كېيىن نەشىر قىلغان ھېكايىلىرى بىر - بىرىدىن
پەرقلىق ئىككى يول ئاچتى. سەئىت پائىق ۋەقەلىرى ئومۇمەن ئىستامبولدا ئۆتكەن ۋە شەخ-
سىي ئىزدىنىشلىرىگە تايانغان، شېئىر تۈيغۇ بىلەن تولغان ھېكايىلەر يازدى. ماتېرىيالىستىك
دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان ساباھىددىن ئەلى ماۋزۇلىرى ئاناتولىدىن ئېلىنغان، تاشقى
تەسۋىرلەرگە ۋە ۋەقەلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن ھېكايىلەرنى يازدى. 1910-،
1915 - يىللارنىڭ ئارىلىقىدا تۇغۇلغان ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا ئۆزىنى
تونۇتقان بىر ئەۋلاد ئەدەبىياتنىڭ پۈتۈن ژانىرلىرىغا يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى.

1940 -، 1945 - يىللارنىڭ ئارىلىقىدا تۈركىيە سىياسىي ئىجتىمائىي، ھەتتا مە-
دەنىيەت جەھەتتىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە غەرب دېموك-
راتىيىسى تۈركىيىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇ يىللاردا راۋاجلانغان تەنقىد ۋە ئەر-
كىنلىك ھاۋاسى ئىچىدە سوتسىيالىستىك ھەم ماركسىستىك قاراشلارمۇ تۈركىيىگە كىردى،
شۇنداقلا دىنىي تۇيغۇلارمۇ ئۆزىنى ئەركىن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.
تۈركىيە بۇ كۈچ تەكىپۇلۇقى ئىچىدە غەرب مەدەنىيىتىنى ئۈلگە قىلغان غەرب دېموك-
راتىيىسىنى تاللىۋالدى.

شېئىرلىرىنى 1941 - يىلى «غېرىب» ناملىق كىتابىغا توپلىغان، كېيىنچىرەك
«غەرىبچىلەر» دەپ نام ئالغان ئۇرخان ۋەلى قانىق (1914 — 1950)، مەلىھ جەۋدەت ئان-
داي (1915 - يىلى تۇغۇلغان) ۋە ئوكتاي رىپات (1914 - يىلى تۇغۇلغان) تۈركىيە
شېئىرىيىتىدە مۇھىم بىر يېڭىلىق ياراتتى. بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسچىلىرى شېئىرنى ئۆتمۈش-
تىن بېرى ۋاز كەچكىلى بولماس ئامىل دەپ ھېسابلىنىپ كەلگەن ۋەزىن، قاپىيە ۋە
ئوخشىتىشلاردىن ئايرىۋېلىپ، ساددا ئىپادىلەپ بېرىش ھالىتىگە كەلتۈردى، ۋەزىن ۋە قاپىيە-
نىڭ ئورنىنى جۈملىنىڭ سۆزلىنىش شەكلى، ئوخشىتىشنىڭ ئورنىنى جانلىق ئىزدىنىش ۋە ئىملا
بەلگىلىرى ئىگىلىدى. ئۇرخان ۋەلى بۇ شەكىلدىكى شېئىرلىرى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكىلەر-
گە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر ئۆتكۈزدى. جاھىت سىدىق تارانچى (1910 — 1956)
بۇ ئۇسلۇبقا ساددا تىل بىلەن يېزىپ، ۋەزىن ۋە قاپىيىگە باغلىنىپ قالماستىنلا يېتىش-
كەندى. تارانچى ۋەزىندە مىسرالار ئىچىدىكى مەلۇم تۇراقلار قالدۇرۇلۇپ قويۇلغانى-

www.uyghurkitap.com

دى. ئۇرۇش يىللىرى بىلەن ئەلەملىك ھاياتتىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئۆلۈم قەتئىي پىكىرلىك جاھىت سىدىقىغا ھاياتنىڭ ھەر بىر پەيتىنى پەۋقۇلئاددە پارلاق قىلىپ كۆرسەتتى. ئەسەب ھالەت چەلەبى (1907 — 1958) بىلەن پازىل ھۆسنۈ داغلارجا (1914 - يىلى تۇغۇلغان) قاراڭغۇ، يېپىق، ئەركىن ئاسسوتسىئاتسىيىگە ⑬ ئاساسلانغان شېئىرلارنى يازدى. ئەسەب ھالەت چەلەبى بەزى شېئىرلىرىدا شەرق مىستىسىزمى ⑭ بىلەن تەسەۋۋۇپنى بىرلەشتۈردى. دەسلەپكى شېئىرلىرىدە ئەركىن ئاسسوتسىئاتسىيىلەرگە كەڭ ئورۇن بەرگەن داغلارجا ئاڭنىڭ قاراڭغۇ ئىقىملىرىنى ئىپادە قىلغان خىيال ۋە سىمۋوللارغا تولغان ئورىگىنال شېئىرلار يازدى.

1940 -، 1950 - يىللىرى شېئىرلىرى بىلەن ئۆزىنى تونۇتقان شائىرلاردىن بىرى جاھىت كۇلەبى (1917 - يىلى تۇغۇلغان) دۇر. كۇلەبى ئۆز ئىشق، ھەسرەت ۋە ئەلەملىرىنى بىلدۈرۈدىغان لىرىك شېئىرلارنى يازدى. ھېسسىياتچان بەھچەت نەجاتىگىل (1916 - يىلى تۇغۇلغان) نىڭ شېئىرلىرىدا چوڭ شەھەرلەردە ئېزىلگەن ۋە ۋەيران بولغان ئىنسانلارنىڭ چۈشكۈن، قاراڭغۇدا قالغان مۇرەككەپ تۇيغۇلىرى ئىپادىلەندى. شېئىرلىرىدا ئاھاڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەن نەجاتىگىل ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ھايات تىراگېدىيىسىنىڭ سىمۋولى قىلىپ قوللاندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دىۋان شېئىرلىرىغا ئوخشاش پىكىر قىلغانسېرى چوڭقۇرلىغىلى بولىدىغان تەسەۋۋۇر مەۋجۇت.

سەئىت پائىق ۋە ساباھىددىن ئەلىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن تۈركىيە ھېكايىچى ۋە رومانچىلىرىنىڭ زور بىر قىسمى تۇرمۇش قاراشلىرىنى «ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت» نامى بىلەن ئەدەبىياتقا تەتبىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا دېھقانلار ۋە ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ماددىي نامراتلىق، ناھەقچىلىق ۋە سىنىپىي كۈرەش ئىنقىلابىي پىكىرلەرنى ئويغىتىش مەقسىتى بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

كامال تاھىرنىڭ (1910 - يىلى تۇغۇلغان) خۇسۇسىيىتى، ئىجتىمائىي تېمىلارنى تارىخىي چۈشەنچە ئىچىدە يورۇتۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ رومانلىرى تەسۋىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن قىممەتلىكتۇر. دراما، رومان ۋە ھېكايە يازىدىغان ئەزىز نەسىن (1915 - يىلى تۇغۇلغان) جەمئىيەت ھاياتىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى پاش قىلىپ، ۋەقەلەرنى، تىپلارنى كۈلكە يولى بىلەن كۆرسىتىپ، مۇبالىغىلىق بىر ھەجۋىي ئۇسلۇب ياراتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېتىشكەن ھېكايە ۋە رومان يازغۇچىلارنىڭ بىرسى ياشار كامالدۇر. ياشار كامال دۇنيا قارىشى جەھەتتىن ماركسىست ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىدېئولوگىيىنى ئۇنتۇلدۇرۇدىغان كۈچلۈك بىر شېئىرىي تۇيغۇ، تەبىئەت ۋە ئىنسان سۆيگۈسى بار. ياشار كامال رومانىنى داستانغا يېقىنلاشتۇردى. ئەسەرلىرى سەنئەت جەھەتتىن چوڭ ئەھمىيەتلىك بولمىغان تارىق بۇغرا (1918- يىلى تۇغۇلغان) ئىنسانىنى ئۆز شەخسىيىتى ئىچىگە قويۇپ، دېموكراتىيە ۋە سەنئەتنىڭ ئەسلىلىكىگە ئىشىنىشتە چىڭ تۇرغان يازغۇچىلاردىن بىرى. ئىجتىمائىي ماۋزۇلارنى يورۇتۇشتا گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ۋە ئىنسان سۆيگۈسىنى ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ قىلمىغان يازغۇچىلاردىن بىرى نەجاتى جۇمالى (1921 - يىلى تۇغۇلغان) دۇر. شا-

ئىرلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جۇمالى ھېكايە ۋە پيېسىلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر.

جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ ھېكايە ۋە رومانچىلىرى ئەسەرلىرىدە ھاياتنى مەيلى قايسى جەھەتتىن تەسۋىرلىگەن بولمىسۇن تۈز، ئېنىق، ساددا بىر شەكىل ياراتتى. 1950 - يىلدىن كېيىن تۈركىيە ئەدەبىياتىغا غەربتىن كەلگەن ئىككى ئېقىم — ئېكسىستېنتسىئالىزم (مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسى، بار بولۇشچىلىق) بىلەن سۇپېر رېئالىزم ⑮ تۇرمۇش قارىشى بىلەن بىرلىكتە ئەسەرلەرنىڭ كومپوزىتسىيە ۋە ئۇسلۇبىنىمۇ ئۆزگەرتتى. ئېكسىستېنتسىئالىزممۇ، سۇپېر رېئالىزممۇ XIX ئەسىردىن قالغان دېتېرمىنىزمنىڭ ⑯ ئىنسان ھاياتىنىڭ مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە ئالدىن بەلگىلەنگەنلىكى پىكرىنى رەت قىلىدۇ.

تۈركىيە ئەدەبىياتىغا خېلىدىن بېرى يۈزە ۋە ئاددىي ئەمەلىيەتچىلىك پىكرى ھۆكۈمران بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئېقىم 1960 - يىلدىن كېيىنكى يازغۇچىلار ئارىسىغا خېلى تارقالغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ۋەكىللىرىنى يارىتالمىدى. ئەھمەد ھەمدى تانپىنار 1943 - يىلىدىلا چىققان «ئابدۇللاھ ئەپەندىنىڭ چۈشلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن ھېكايىلىرى بىلەن باشقا ئەسەرلىرىدە چۈشكە ۋە چۈشەنچىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. سەئىت پائىق ئالەمداغمۇ «بار بىر يىلان» (1954) ناملىق كىتابىدا ئەمەلىيەت، چۈش ۋە خىيالنى چوڭقۇر بىرلەشتۈردى.

1960 - يىلدىن كېيىن تۈركىيىنىڭ كۆپ شائىرلىرى ئۇرخان ۋەلى دەۋرىنىڭ بەك ئېنىق، ئىنتايىن زور دەرىجىدىكى ساددا شېئىرىيىتىگە قارشى چۈشىنىش تەس، مەزمۇنى ۋە سىنتاكسىسى جەھەتتىن كومپلېكس ⑰ ۋە مۇرەككەپ بىر شېئىرىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتى.

ئاتتىلا ئىلخان (1925 - يىلى تۇغۇلغان) بىلەن جامال سۈركىيا (1931 - يىلى تۇغۇلغان)، ئەدىب جانسېۋەر (1931 - يىلى تۇغۇلغان) قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىدا ئەركىن بىر شەكىلدە ماركسىستىك قاراش بىلەن سۇپېر رېئالىزمنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى.

سازاي قارامۇچ (1933 - يىلى تۇغۇلغان) سۇپېر رېئالىزم ئۇسلۇبى بىلەن تۈرك - ئىسلام مىستىسىزمىنى ئىپادىلەيدىغان ئورگىنال شېئىرلار يازدى. سۇپېر رېئالىزم ئېقىمى كېيىنچىرەك ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئېچىش غايىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، پۈتۈنلەي سۆز ئويۇنلىرىغا ئاساسلانغان ئابستراكت بىر شەكىل ئالدى. ئورخان ۋەلى دەۋرىدىن كېيىن چىققان يازغۇچىلار پۈتۈنلەي تۈركىيە ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىت يېتىشكەنلىكتىن، ئورنىنى مۇتلەق بىر بوشلۇقنىڭ ئىچىدە ھېس قىلماقتا.

تىياتىر، مەدداھچىلىق، قاراكۆز ⑱، ئورتا ⑲ ئويۇنىغا ئوخشاش ئويۇنلار بىلەن راۋاجلانغان تۈرك تىياتىرى تەنزىمات دەۋرىدىن ئېتىبارەن غەرب تىياتىرىدىن كەلگەن تەسىرلەر بىلەن بېيىدى، جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، ئۈنۈملۈك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

**ئىزاھلار:**

① دىۋان ئەدەبىياتى — ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ XI ئەسىردە ماۋەرائۇننەھەردە، XIII ئەسىردىن كېيىن ئاناتولىدا ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتلىرىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىسلامى تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ نامى.

② تەسەۋۋۇپچىلار — تەڭرىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە كائىناتنىڭ شەكىللىنىشىنى مەۋجۇدىيەت بىرلىكى (ۋەھدەتى ۋۇجۇت) چۈشەنچىسى بىلەن ئىزاھلايدىغان دىنىي ۋە پەلسەپىۋى ئېقىمدىكىلەر. بۇلارنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشى، كائىناتتا پەقەت بىرلا تاق ۋۇجۇدنىڭ بولغانلىقىغا ئىشىنىپ، باشقا مەۋجۇدىيەتلەرنى ئاشۇ ۋۇجۇدنىڭ كۆرۈنمە (تەجەللى)سىدىن ئىبارەت دەپ ھېسابلايدۇ.

③ ۋەقەنەۋىس — قەدىمكى زامان تارىخى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دۆلەت تارىخچىسى.

④ تەنزىمات — 1839 - يىلى 31 - سۇلتان ئابدۇلمەجىت زامانىدا «گۈلخانەئى خەتتى ھۇمايۇنى» دەپ ئاتالغان بىر پەرمان بىلەن ئېلان قىلىنغان ئىدارە ئىشلىرىنى ياخشىلاش پىلانى ۋە بۇ پىلانىنى يۈرگۈزگەن دەۋر.

⑤ ئەدەبىياتى جەدىدە ياكى سەرۋەتى پۈنۈن ئەدەبىياتى — 1896 -، 1901 - يىللىرى ئارىسىدا «سەرۋەتى پۈنۈن» مەجمۇئەسى ئەتراپىدىكى يازغۇچىلار باغلانغان يېڭىلىق ھەرىكىتى. ئەدەبىياتى جەدىدە ھەرىكىتى ئۇسلۇب ئىنچىكىلىكىگە ۋە پسىخولوگىك كۆزىتىشلەرگە ئەھمىيەت بەردى، لېكىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن يىراقلاشقانىدى.

⑥ لالە دەۋرى — ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ 1718 -، 1730 - يىلغىچە بولغان دەۋرىگە تارىخچى ئەھمەد رەپىق تەرىپىدىن بېرىلگەن نام.

⑦ مۇنشەئات — قەلەمگە ئېلىنغان يازمىلار.

⑧ قۇتۇلۇش ئۇرۇشى — 1919 -، 1923 - يىللىرى ئارىسىدا مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك رەھبەرلىكىدە تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىككە ئېرىشىش مەقسىتىدە پۈتۈن مىللەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشى.

⑨ ئوسمانلى دۆلىتى — 1299 - يىلى ئاناتولىدا قۇرۇلغان تۈرك دۆلىتى.

⑩ جۇمھۇرىيەت دەۋرى — تۈركىيىدە جۇمھۇرىيەت قۇتۇلۇش ئۇرۇشى غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 1923 - يىلى 29 - ئۆكتەبىردە ئېلان قىلىنىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن ھازىرغا قەدەر بولغان دەۋر جۇمھۇرىيەت دەۋرى دېيىلىدۇ.

⑪ لائىك — دىن ئىشلىرىنى دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايدىغان، دۇنيا ئىشلىرىنى دىندىن ئايرىم تۇتىدىغان.

⑫ مۇتارىكە (ئۇرۇش توختىتىش) — ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئۇرۇشنىڭ مەلۇم بىر مۇددەت توختىتىلىشى.

⑬ ئاسسوتسىئاتسىيە — ئايرىم پسىخولوگىك تەسەۋۋۇرلارنىڭ بىر - بىرىنى ئەسلىتىشى.

⑭ مىستىسىزم — تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق ئالەم بارلىقىغا ئىشىنىدىغان پەنگە قارشى دىنىي تەسەۋۋۇپ.

⑮ سۇپېر رېئالىزم — روھىي (مەنىۋى) ئاپتوماتىزم بىلەن سەنئەت ئىشلەش ئاساسىغا قۇرۇلغان زامانىۋى بىر سەنئەت ئېقىمى.

⑯ دېتېرمىنىزم — تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى بارلىق ھادىسىلەرنىڭ جۈملىدىن، كىشىنىڭ ئىرادىسى ۋە خۇي - پېئىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە سەۋەب بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتى.

⑰ كومپلېكس — ھادىسىلەر ياكى خۇسۇسىيەتلەر يىغىندىسى.

⑱ قاراكۆز — قورچاق ئويۇنى.

⑲ ئورتا ئويۇنى — كوچا ئويۇنى.

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ياقۇپ.**

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

### «شۇغىلا» ژۇرنىلى يېڭىدىن ئۆتكۈزۈپ، ژۇرنالنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلىدى

«شۇغىلا» قازاق تىلىدا چىقىدىغان ئەدەبىي ژۇرنال. بۇ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى 10 - دېكابىر ئۈرۈمچىدە كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ژۇرنالنىڭ 300 سان چىققانلىقى ۋە نەشىر قىلىنغانلىقىغا 35 يىل تولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. يىغىنغا ئۈرۈمچىدىكى يازغۇچى، شائىرلار، ئاخبارات، نەشرىيات خادىملىرى ۋە كىتابخانلاردىن بولۇپ 300 دىن ئوشۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مائاۋىن شۇجىسى يولداش جانابىل مۇھىم سۆز قىلدى (سۆز ئايرىم بېرىلدى). جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى مۇ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «‹شۇغىلا› تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، ئاپتورلارنى يېتىلدۈرۈش، ئاپتورلار قوشۇنىنى كۆپەيتىش جەھەتلەردە بىر مەكتەپ بولۇپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، يازغۇچى - ئاپتورلارنىڭ سان - ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كىتابخانلارغا پاك غايە تەقدىم ئېتىش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش جەھەتلەردە ‹شۇغىلا› نىڭ كېيىنكى يىللاردىكى تۆھپىسى ئۆتكەن ھەر قانداق ۋاقىتلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز زور.» يولداش ئابلىز نازىرى رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتى ھەققىدە توختىلىپ: «ئېلىمىزدىكى ئالغا كەتكەن مىللەتلەرگە، خەنزۇ ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرغاندا بىز ئارقىدا قالدۇقمۇ - قانداق؟ ئىجادىيەتتە ھېلىھەم كونا مۇقامدا توۋلاپ كېلىۋاتامدۇق - قانداق؟ ئۆزىمىز بۇرۇن ئۆگىنىپ قالغان كونا ئادەتتىن چىقالماي ۋاتىمىزمۇ - يوق؟... ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل تۇرغۇنلۇق مەۋجۇت، ئالايلۇق، تېما جەھەتتە زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى كۆتۈرۈپ چىققان ‹ۋاھ› دېگۈدەك نەرسىلەر بەك كەم. مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش مەزمۇنىدىكى ئىجادىي ئەسەرلەر كەم. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزدە لۇشۇن روھى، ئاباي روھى تېخى كەم» دېدى.

يىغىندا يەنە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شاكەن ئوڭالباييېۋ دوكلات قىلىپ، ژۇرنالنىڭ 35 يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەبرىكلەش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فىلى داجىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مائاۋىن مۇدىرى قۇرمەنئەلى ئۇسپان، ئەشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مائاۋىن سىلىڭيۈەنى بوتاي قاتارلىق مەسئۇل يولداشلار قاتناشتى.

△ هازىر مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان قەلەم ھەققى ئۆلچىمى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بېكىتىلگەن بولۇپ، ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ مىڭ خېتى 8 يۈەندىن 18 يۈەنگىچە، تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مىڭ خېتى 5 يۈەندىن 13 يۈەنگىچە بولغانىدى.

. هازىرقى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى نەۋۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان قەلەم ھەققى ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويدى.

مەملىكىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، قەلەم ھەققىنى ئۆستۈرۈش ۋە قەلەم ھەققىدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجىنى ئازايتىشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ لايىھەدە، ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ مىڭ خېتى 10 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلدۇ، مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئەسەرلەرگە قارىتا ئۆلچەمنى يەنە مۇۋاپىق كېڭەيتىشكە بولىدۇ. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مىڭ خېتى 8 يۈەندىن 24 يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلىدۇ، تەرجىمە قىلىش تەس، ئەمما سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى بولغان تەرجىمە ئەسەرلەرگىمۇ ئۆلچەمنى مۇۋاپىق كېڭەيتىشكە بولىدۇ، تىراژ ھەققى ئۆلچىمىمۇ مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلىدۇ، دېيىلگەن.

△ ئاتاغلىق چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى يى تىڭفاڭ XX ئەسىردىكى جاھان ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

1. XX ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئۆزگىرىش پەلسەپىنىڭ ئەدەبىياتقا سىڭىشىشى بولدى. غەربنىڭ هازىرقى زامان پەلسەپىسى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن پەلسەپە بىلەن ئەدەبىياتنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. پەيلاسوپلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەدەبىياتقا كىرىپ كەلدى. ئۇلار گۈزەللىك تەپەككۇرغا موھتاج دەپ قارىدى. بىمەنىچىلەر ئېقىمىدىكى ئەدەبىياتنىڭ پەلسەپىۋى پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق. بىرىنچىنىڭ ئېستېتىكىسى دىئالېكتىك پەلسەپە قائىدىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

2. گۈزەللىك قارىشى ئىچكى دۇنياغا يۈزلەندى. سەنئەت ئىچكى ئېھتىياجىنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، گۈگگا شېئىرلارمۇ ئىچكى دۇنياغا يۈزلەنگەن ئەدەبىياتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى.

3. تېما ئەپسانىگە قايتتى. ئەمما هازىرقى زامان ئەپسانىلىرى بىلەن قەدىمكى ئەپسانىلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. هازىرقى زامان ئەپسانىلىرى تەييار ئەنئەنىلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. هازىرقى زامان يازغۇچىلىرى سۇبيېكتىپلىقتا تۇتۇش قىلىشنى، ئىچكى تۇيغۇنى ئاساس قىلىپ دۇنيا ھەققىدە يېڭىباشتىن باش قاتۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ.

4. كۆپ مەنىلەشتۈرۈش ئۆزئارا ئالمىشىش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، كۆپ مەنىلەشتۈرۈش تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى. شېللىر: «ئەقىل بىردەكلىكنى تەلەپ قىلسا، تەبىئىيلىك كۆپ خىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەنىدى. مەن بەزىلەرنىڭ يېزىقچىلىق شەخسىنىڭ ئىشى، دېگەنلىرىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن.

هازىر ئىككى خىل ئېستېتىكىلىق مىزان شەكىللەندى. بىر خىلى پان ئىپادىچىلىك،

يەنە بىر خىلى رېئالىزم. مېنىڭچە، بۇ ئىككى خىل مىزان بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، رىقابەتلىشىدۇ، ھەرگىزمۇ بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ.

△ ياۋ شۆيىن «ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە تەنقىدى» ژۇرنىلىنىڭ 88 - يىللىق 5 - سانىدا «تۆھمەتنى مۇنازىرىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: مەن ليۇ زەيفۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ ماقالىلىرىدە نۇرغۇن قېتىم كۆرۈلگەن ساۋات خاراكتېرىدىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ قويغانىدىم. ليۇ زەيفۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، «مەن ياۋ شۆيىن ئەپەندى بىلەن مۇنازىرە قىلىشنى خالىمايمەن، چۈنكى بۇنداق مۇنازىرىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي قىممىتى بولمايدۇ» دەپ داۋراڭ سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىرنەچچە جايدا مېنىڭ شەخسىيىتىمگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭچە قانداق بولسا قىممەتتى بولىدىكەن؟ بۇ يوشۇرۇن ئوق ئېتىش، خىلمۇخىل ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئۆز رەقىبىنى پاپلاش ۋە سېسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ليۇ زيفۇ ماقالىسىدە نۇرغۇن جايدا كەتكۈزۈپ قويغان. مەن بۇ يەردە بۇنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمەن، مەن ئۇنىڭ ماڭا تۆھمەت قىلغان ۋە قارا چاپلىغانلىقى ئۈستىدىلا توختىلىمەن:

1. ئۇ باشقىلارنى چۆكۈرىدىغان ۋاسىتىنى قوللىنىپ، مېنى «لى زىچىڭ» رومانىنىڭ «ئۇلۇغ»لىقىنى ئىسپاتلىدى، دەپ تۆھمەت چاپلىدى.

2. ئۇ مېنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا قارشى تۇردى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يامان كۆرۈش، ئۆچلۈك قىلىش كەيپىياتىدا بولدى ھەمدە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش يولى بىلەن باشقىلارغا زىيان سالماقتا، ئەتراپىدىكى ساغلام ھاۋانى زەھەرلىمەكتە...دېدى.

3. ئۇ پاكىتنى بۇرمىلاپ، مېنى ئورنى ۋە نوپۇزى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن گاڭگىراپ قېلىپ، ئازابلىنىپ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى قاتتىق چەتكە قاقماقتا، دېدى.

4. ئۇ «لى زىچېڭ» نى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەڭ ئامەتتى كەلگەن ئەسەر، بۇ ئەسەرنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» پرىنسىپى بويىچە ئىجاد قىلىنغان، دەپ تۆھمەت قىلدى.

يۇقىرىدىكىلەر ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ھۆكۈمىنىڭ نامۇۋاپىق بولغانلىقىدىن ئېلىپ چىققان كەتكۈزۈپ قويۇش بولماستىن، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا ئىغۋا تارقىتىش ۋە قارا چاپلىغانلىق. ئۇ مېنىڭ نامىمغا داغ تەككۈزدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن بۇ خىل قىلمىش قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. مەن بەزى گېزىت - ژۇناللاردىكىلەرگە ھەيران قالىمەن. ئۇلار پىتنە - پاساتچىلارنى ئىغۋا تارقىتىپ، قارا چاپلايدىغان زېمىن بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ قىلچە سەنئەت قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى بولمىغان ئۆسەك سۆزلىرىنى بەس - بەستە بېسىشتى. بۇ يىل 4 - ئايدا بېيجىڭ شەھىرىدىكى بىر ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى ماقالە ئېلان قىلىپ، ليۇ زەيفۇ بىلەن ھەممەيەن بولۇپ، ئۇنىڭ [illegible] پاچى، «ياۋ شۆيىن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسىنى يازماي، بىر ئىلاھنى يازغان»، «لى زىچىڭ — ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت تۇغۇت ئانىسى تۇغدۇرغان غەيرىي تەبىئىي تەنلىك بالا» دەپ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى بىر ژۇرنالنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەم تۇرۇپ ھېچ ئويلىمايلا تۆھمەت

www.uyghurkitap.com

قىلىش، قارا چاپلاش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭغا ئوخشاش يولسىز تەھدىتلەر مەملىكىتىمىزدە ئاز ئەمەسكەن، مەن چوقۇم ئىشىنىمەنكى، بىر ھەقىقىي يازغۇچى ماختاشلار ئالدىدا ئۇچۇپمۇ كەتمەيدۇ، شۇنداقلا تىللاش - قاغاشلار ئالدىدىمۇ روھى چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

△ 1988 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شۋېتسىيە پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1988 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ مىسىر يازغۇچىسى نەجىب مەھبۇزغا بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن كۇل ئەرەب ۋە شەرق ئەللىرىنى زىلزىلىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىندىستان يازغۇچىسى تاگور، ياپون يازغۇچىسى چۋەندۇەن كاڭچېڭدىن كېيىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شەرقلىق ئۈچىنچى يازغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىشىنى شەرەپ دەپ بىلگەن مىسىر خەلقى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەملىكەت بويىچە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

نەجىب مەھبۇز 1911 - يىلى قاھىرەدە تۇغۇلغان. 1934 - يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. 1971 - يىلى پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئىدى. كېيىن «ئەل- ئەھرام» گېزىتىنىڭ مەخسۇس ستون يازغۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغانىدى.

نەجىب مەھبۇز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان، 1929 - يىلىدىن ئېتىبارەن ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن.

نەجىب مەھبۇز دەۋردىن ھالقىغان يازغۇچى، ئۇ 1952 - يىلىدىكى مىسىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنلا «تەقدىرنىڭ كولدۇرلىتىشى»، «دېبىس ئورۇشى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نامى چىقمىغان. 50 - يىللاردا ئۇ «ئوردا ئىچىدىكى كوچا»، «ئوردا ئىچىدىكى كوچىنى سېغىنىش»، «كەۋسەر كوچىسى» ناملىق تىرلوگىيىسىنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان ھەمدە بۇ ئەسەرلىرى بىلەن مىسىر ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئورنىغا ئاساس سالغان. كېيىن ئۇنىڭ يەنە «يانچۇقچى ۋە ئىت»، «نىل دەرياسى بويىدىكى پاراڭلار»، «باش - ئاخىرى يوق ھېكايىلەر»، «يامغۇردىكى سۆيگۈ»، «كالراك قەھۋەخانىسى»، «بۇقىرالار داستانى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئوشۇق رومانى، 10 نەچچە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇ بىر نەچچە قېتىم دۆلەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىرىشكەن، 60 - يىللاردىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ، غەرب مودېرنىزمىنىڭ بەزى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى.

نەجىب مەھبۇزنىڭ ئەسەرلىرى ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. مەملىكىتىمىز كىتابخانلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن خېلىدىن بېرى تونۇش. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش 50 - يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئون نەچچە پارچە ئەسىرى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلدى. مەملىكىتىمىزدە 1987 - يىلى 8 - ئايدا ئەرەب ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئورنى نەجىب مەھبۇز ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقانىدى.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

2

1989

39-يىل نەشرى

## بۇ ساندا

ئەخمەت تۇردى

### قىزىق ئىشلار

شۇنداق، تۇرمۇشتا ۋىجدان بىلەن ياشاشنى ئويلىغان سەممىي ئادەملەرنىڭ، كۆڭلىدە قاردىلىق يوق پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بەزىدە رىيازەت چېكىپ قېلىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بۇمۇ خۇددى ناغرىنىڭ گۈمبۈرلىشى تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمىغاندەك، سامساقنىڭ پۇرىقى ئىسپارنىڭ خۇش ھىدىنى بېسىپ كەتكەندەك بىر ئىش.

---

غەيرەت غوپۇرى

### قەلبىم مېنىڭ كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلۇق

ئاخشامقى چۈشلىرىمدەك يارقىن تېخى،
ئۇ چاغلار ھاياتىمنىڭ ئابىدىسى.
قەلبىمدە بالىلىقىمنىڭ كۈلكىسى بار،
ئۇ كۈلكە گويا تۆگە كولدۇرمىسى.
بورانلىق يوللىرىمدا ئاشۇ كۈلكە
سۆزلەيدۇ دالىلارغا شاھ قىسسىسى.

---

ئالىمجان ئىسمايىل

### سەھرالىقلار

سانىيە بەخت ۋە لەززەتتىن ھۆزۈرلىنىپ كۆزىنى يۇمدى، شۇ ھامان كۆز پەردىسىدە قىپقىزىل دۇنيا نامايان بولدى. ئالتۇن نۇرلار بىلەن تولغان بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ مەنىلىك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدى راھەتلەندى، كۆڭلى ئىمىن تاپتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بوستاندا

نەسرىي ئەسەرلەر

جانابىل ................................ «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ............ 4

ئەخەت تۇردى ........................ قىزدىق ئىشلار (ھېكايە) .............................. 9
ماخمۇت مۇھەممەت ................ بۇركۇت قېرىمايدۇ (ئوچېرك)...................... 34
ئابدۇرېھىم ئابلىمىت ............... كېچىكتە (ھېكايە) .................................. 40
ئالىمجان ئىسمايىل ................. سەھرالىقلار (پوۋېست) .............................. 60
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ................. ھېكايىلار ........................................... 92

شېئىرلار

غەيرەت غوپۇرى ........................ قەلبىم مېنىڭ كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلۇق...... 24
ياقۇپجان قۇربان ..................... ئويغاق تۇيغۇلار ........................................ 26
ئابدۇكېرىم ئوسمان ................... شېئىرلار .................................................. 27
يۇسۇپجان ئەخمىدى ................... زاراتگاھلىقتىكى خىياللار ................................ 29
ئەركىن روزى ........................... شېئىرلار .................................................. 30
مۇھەممەتجان ئەمەت .................. ئىككى غەزەل ............................................ 32
مۇھەممەتتوختى ئەخمەت ............. دىلبىرىمگە ................................................ 33
ئابدۇكېرىم مەخسۇت ................... تۇيغۇلار گۈزەل، ھايات بىر دۇنيا ................. 50
ياسىن زىلال ............................ ئىككى شېئىر ................................................ 53
مۇھەممەتجان سادىق ................... مۇھەببەت لىرىكىلىرى ................................... 54
ھوشۇر ئىبراھىم ........................ ئىككى شېئىر ............................................... 56
ئابلىكىم خېۋىر ........................... ئۇدۇنيادىن كەلگەن باغاق.............................. 57
دىلشات سايىت ........................... قەترىلىرىم چاچسا خۇش ئىپار .......................... 96

قۇربان ئىمىن ............... مۇھەببەتنامە ........................ 99
تۇردى سامساق .............. شېئىرلار ........................... 100
مۇھەممەت روزى ............. شېئىرلار .......................... 101
ئېلى زايىت .................. شېئىرلار ........................... 102
روزى نىياز .................. جۇشقۇن ھايات كۆلگەن ھەر تاڭدا ......... 103
ئابلىكىم تۇردى .............. قىسقا شېئىرلار ....................... 105

مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇھەممەد باغراش ............ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ 10 يىلى ۋە مەن 106
ئابدۇللا مەتقۇربان ........... «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» ھېكايىسى ھەققىدە..... 129

بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات 135
شائىر مامۇت زايىت.............................. 139

سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن

ئابدۇلھەي روزى .............................. 142

جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى

تۈركىيە ئەدەبىياتى ........................... 145

ھۆسنىخەتنى مەمەت ئايۇپ يازغان، رەسىملەرنى مەمەت ئايۇپ سىزغان

www.uyghurkitap.com

جانابىل

## «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

يولداشلار:

«شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ قىزغىن كىتابخىنى سۈپىتىدە، بۈگۈنكى يىغىنىڭىزلارغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. مەن ئالدى بىلەن «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى، چىقىشقا باشلىغانلىقىغا 35 يىل تولغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئۆتكەن ئوتتۇز نەچچە يىلدا «شۇغىلا» ژۇرنىلى ئېغىر كۈنلەردىن، تار يول، تايغاق كېچىكلەردىن ئۆتۈپ، ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەڭ قازاق قەلەمكەشلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك ئەمگەك قىلىشى ئارقىسىدا، «شۇغىلا» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى، قازاق خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ بۈيۈك ئائىلىسىدىكى بەختىيار ھاياتىنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. قازاق خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يالقۇنلۇق ئوبرازىنى ياراتتى. بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئارقىلىق، يازغۇچىلىرىمىز روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجادىيەتكە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ، يېپيېڭى مەنزىل قىياپەتكە كىرگەن ھالدا «شۇغىلا» ژۇرنىلىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى مەدھىيىلەيدىغان، قازاق خەلقىنىڭ يېڭى ھاياتىنى مەدھىيىلەيدىغان ئەسەرلەرنى كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلدى. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ تۈرتۈمۈ-تۈركۈملەپ بارلىققا كېلىشى، قازاق خەلقىنىڭ ھاياتىنى بېيىتتى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. قازاق خەلقى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە ۋەتىنىمىزنىڭ، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. «شۇغىلا» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن «شۇغىلا» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرگە، «شۇغىلا» ژۇرنىلىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتقان كەسپىي ۋە كەسىپتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ كىتابخانلىرىغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

«شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ چىقىشقا باشلىغاندىن بۇيانقى قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىگە نەزەر سېلىش بىلەن بىللە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ قايتا ئويلىنىپ، ساقلىنىۋاتقان

پەرقلەر بىلەن يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ، تەجرىبىلەرنى تەپسىلىي يەكۈنلىشىمىز لازىم. تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇپ تاسقايدىغان بولساق، مېنىڭچە، بىر نەچچە يىل مابەينىدە «شۇغىلا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن ئانچە يۇقىرى بولمىدى. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر رېئال سىياسىي ھايات، مەدەنىي ھايات، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ھايات بىلەن ئانچە زىچ ماسلىشالمىدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنالچىلىق مەقسىتى تېخى دېگەندەك ئېنىق بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «شۇغىلا» ژۇرنىلىدىن كۈتىدىغان بىر نەچچە ئۈمىدىمنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن:

بىرىنچى، «شۇغىلا» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات قىلىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شارائىتىدا دەۋر قەدىمىگە زىچ ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش يۈزلىنىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى بىپايان مۇنبەت زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مۇنداق بىر يۈزلىنىش بايقالماقتا: بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز، بەزى ژۇرناللىرىمىز دەۋردىن ئايرىلغان، رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا، بېسىشقا خۇمار، بەزى يازغۇچىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالغان، ئۆزىنى تار مىللىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تار تۇرمۇش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن چۈشەپ قويۇپ، پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ، ئۆزىنىلا كۆرسىتىدۇ. رېئال ھاياتنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ، بۇنداق ژۇرناللارنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ، ئۇنى خەلق ئاممىسى قارشى ئالمايدۇ، قوبۇل قىلمايدۇ. «شۇغىلا» ژۇرنىلى بۇنداق يۈزلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بۇنداق يۈزلىنىشنى تۈگىتىشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە ئالىيجاناب بۇرچى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇلۇغ دولقۇنىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، شەخسنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىكى ئىزدىنىشى ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتەك تارىخىي ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي غايىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ھاياتقا بولغان ھەر تەرەپلىمە، رەڭگارەڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشى كېرەك. بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە بىلەن ئالىيجاناب بۇرچنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش — «شۇغىلا» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملار ۋە ئىجادكارلارنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسى.

«شۇغىلا» نىڭ نۇرى ئاستىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋە يازغۇچىلار قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن ئالىي-

جاناب ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئورگاننىڭ ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، قەلەم تەۋرىتىشتە جەمئىيەت، ئاساسىي قاتلام، بىپايان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاساس قىلىش، ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن قازاق خەلقىنىڭ ئىسلاھاتقا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ چېگرا رايوننى ئورتاق گۈللەندۈرگەنلىكىنى، ئورتاق قوغدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىش، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى يېپيېڭى ئوبرازىنى يارىتىش كېرەك. مانا بۇ «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇشى لازىم. بۇ ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيە «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىدە تولۇق گەۋدىلىنىشى ھەمدە ئەمەلىيلىشىشى لازىم.

ئىككىنچى، قازاق مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. قازاق مىللىتى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىللىق، ئادىل ۋە ئوچۇق - يورۇق مىللەت. بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، بىز ئۇنىڭغا يېڭى دەۋرگە خاس مەزمۇنلارنى بەخش ئېتىشىمىز، بۇ ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە كونىغا ئېسىلىۋالىدىغان ۋە ئۆز ئەيىبىنى ياپىدىغان تار خاھىشلارنى يوقىتىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئازاد بولۇشىغا، راۋاجلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان كونا نۇقتىئىنەزەرلەرنى مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى دەپ سەھۋەن قاراپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمىزمىكىن دەپ غەم يەيدىغان كەيپىياتنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى قوللىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەنكى باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىش جەريانى، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆسۈشىنى، تۆۋەن دەرىجىلىك مەدەنىيەتتىن پەيدىنپەي يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەتكە تەرەققىي قىلىش، ئۆسۈش جەريانى، دەپ قارىشىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئاندىن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىدىكى نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلەرگە دادىللىق بىلەن نەزەر سېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، بۇ نادانلىق، قالاقلىق، سۆرەلمىلىك تەرەپلەرنى ئىلمىي، ئاكتىپ پوزىتسىيە ئارقىلىق تۈگىتىشىمىز كېرەك. بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى دۇنيادىكى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئېلىمىزدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك مەدەنىيەت بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتكە دائىر كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ۋە كۈچىيىۋاتقان ئېھتىياجى، تەرەققىيات يۆزلىنىشى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىلا ئاندىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقلىرىنى ئىلمىي تۈردە ئېتىراپ قىلالايدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كونا ئەنئەنىۋى

مەدەنىيەتنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆزگەرتكىلى، ھەقىقەتنى راۋاجلاندۇرغىلى، نادانلىق بىلەن قارا قورساقلىقنى تۈگەتكىلى، ئۆز مىللىتىنى مەدەنىيەتلىك ئىلغار مىللەتلەرنىڭ سېپىگە قوشقىلى بولىدۇ. «شۇغىلا» ژۇرنىلى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى، قازاق مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بايرىقى روشەن ھالدا تەشۋىق قىلىشى، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سۆرەلمە تەركىبلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قېرىنداش مىللەتلەردىن قىزغىن ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، قېرىنداش مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى ئېلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى، راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئۈستۈرۈشى كېرەك. «شۇغىلا» ژۇرنىلى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراشنىڭ جارچىسى بولۇشقا، قازاق خەلقىنىڭ ئىلمىي - مەدەنىي ساپاسى بىلەن ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي ساپاسىنى ئۈستۈرۈشنىڭ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولىدىغان كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئوبدان دەرسخانىسى بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، «شۇغىلا» ژۇرنىلىدا يېڭى يول ئېچىش، ئىجادچانلىق روھى بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قازاق مىللىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشى بىلەن ھايات ئەمەلىيىتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، ژۇرنالنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلى بىلەن ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قازاق خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ياقتۇرۇشى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولۇش لازىم. مەملىكىتىمىزدە ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات دولقۇنى، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش - قىلالماسلىقىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل — شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكىنى ساقلىيالىغان - ساقلىيالمىغانلىقىدا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ئەدەبىياتىدىن ئايرىلغان، ئۆز مىللىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئايرىلغان، باشقىلارنى دوراشنىلا بىلىدىغان، شۇلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭىدىغان ئەدەبىيات ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ، راۋاجلانمايدۇ ھەمدە ئۆز مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شىنجاڭدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئەدەبىي ژۇرنىلى بولغان «شۇغىلا» ژۇرنىلى رايونىمىزدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشى بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇشىنى يۈنىلىش قىلىپ، بۇ رېئاللىقنى قىزغىنلىق بىلەن ھەقىقىي ئىپادىلەپ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىگە ئاساسلىنىپ، مىللەتكە ماركسنىڭ توغرا نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قاراپ، چىن، ئىزگۈ، ئىجابىي نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلىش، ساختا، ۋەھشىي، قەبىھ نەرسىلەرنى پاش قىلىشى ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىشى كېرەك. ئېلىمىزنىڭ شارائىتىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، باشقا ئەللەردىكى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات مۇقامىغا تەقلىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئېتىبارسىز قالدۇرىدىغان خاھىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇ جەھەتتە ئەلنىڭ ئېسىل ئەدەبىي - سەنئەت ئەسەرلىرىدىن، ئىلغار مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلغاندىلا،

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكى، پۇت تىرەپ تۇرۇش ئاساسى بولىدۇ، شۇ چاغدىلا مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىياتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى مەن يەنە ماۋۇ ئىككى مەسىلىنى ئېيتىپ ئۆتىمەن: بىرىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، جىددىي ئىلمىي پوزىتسىيە ئارقىلىق ژۇرنالنى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىرىش لازىم. ئەدەبىيات بىر خىل پەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى بار، ئۇنىڭغا بىرئازمۇ يالغان ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. تەھرىرات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاش ئۆلچىمىگە قاتتىق بويسۇنۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك، يېڭى مەزمۇنلۇق، ئىدىيىسى ئىلغار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاپ بېسىشى كېرەك. يۈز قاراشقا، كۆڭۈل ئىزدەشكە، ئاغىنىدارچىلىق، جەددى - جەمەتلىك مۇناسىۋەتكە ئاساسلىنىشقا، «غەمخورلۇق» قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆزئارا سودىلىشىشقا، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. خەلققە، مىللەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇپ، خىزمەتنى ئادىللىق بىلەن پۇختا ئىشلەش، ژۇرنالنى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىرىش كېرەك.

ئىككىنچى، كەڭ كىتابخانلار ئۆز مىللىتىمىزدىن ۋە باشقا مىللەتتىن چىققان يازغۇچىلارنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان ئەسەرلىرىدە بايقالغان بەزى ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان، مىللىتىمىزنىڭ ئالغا بېسىش غەيرىتىنى قوزغاشقا پايدىسىز مەسىلىلەرگە ھەتتا مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا پايدىسىز يا ئۇنداق، يا مۇنداق مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، تەمكىن پوزىتسىيە قوللىنىشى، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، تەنقىد يېزىش ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ. بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەر شۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى بىلەن سەنئەتتىكى ئىزدىنىشىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىھۇدە چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرمەسلىكىمىز، بۇنى ھەرگىز بۇ مىللەت بىلەن ئۇ مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە، دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاپتورنى تەربىيىلەشكە، قايىل قىلىشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت ئامانلىقى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ پايدىسىز.

يولداشلار! ئۇتۇق ئۆتمۈشكە مەنسۇپ. مەن «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىتىمىزنىڭ كەسپىي ۋە كەسپىتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى بىلەن يازغۇچىلىرىنىڭ ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىكى تېخىمۇ يۇقىرى، ئاممىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان ئېھتىياجىنى ئىمكان قەدەر قانائەتلەندۈرۈشىنى تىلەيمەن. «شۇغىلا» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى بارلىق تەھرىرلەرنىڭ روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنى ئۆزىگە خاس ياخشى ئىستىلغا ئىگە ژۇرنال قىلىپ چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىنى تىلەيمەن.



# قىزىق ئىشلار

(ھېكايە)

ئەخمەت تۇردى

قىزىق دۇنيادا قىزىق ئىش،
يازدا تۇرۇپ كۆردۇق قىش.
يۇلۇپ تاشلاندى ساق چىشلار،
دەرد كۆرمىدى ئاغرىق چىش.
(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

شۇنداق، دۇنيادا قىزىق ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئالايلى، يېقىندا غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى چاشقان كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە لايىھىلەپ چىقىپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ياپونىيىلىكلەرنىڭمۇ جەنۇبىي قۇتۇپتىكى قەدىمكى مۇزدىن پايدىلىنىپ، ئالىي سورتلۇق ھاراق ئىشلىگەنلىك خەۋىرى تارقالدى...

بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ئىشلار، لېكىن بۇ ئىلىم-پەن ساھەسىدە بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم باشقا — كىشىلىك ھاياتتىكى قىزىق ئىشلار!

يېقىندا يۇرتىمىزنىڭ بىر بۇلۇڭىدا غەلىتە بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. بۇ غەلىتىلىك بارا-بارا كىشىلەرگە قىزىق تۇيۇلۇپ، چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا ئېيتىلىدىغان لەتىپىگە ئوخشاش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى...

* *

ئاروپ ئەپەندى ئىشخانىسىغا ئەتىگەندە كەلدى. تونۈگۈن كۆرۈپ بولالمىغان

«تارىم ئوكيانى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ماتېرىياللار خېلى بار ئىدى. ئۇ ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئەمدى ۋاراقلاپ تۇرۇشىغا بىرسى ئىشىكتىن ئۇسسۇپلا كىردى. ئارۇپ ئەپەندى لەپپىدە قاراپ ئۇنى تونۇدى. ئۆڭكى قارامتۇل دوغلاق، سېمىزلىكتىن گەدەنلىرى تاختىلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەمنى كىشىلەر لەقىمى بىلەن يۇغۇرۇپ «ھاشى قوتاز» دەيتتى. ئارۇپ ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن ھەپتە بۇرۇن بىر ئۇچراشقان، ئۇچراشقاندىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا پاتماي چىقۋاتقان يوغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى. مانا، بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئىشىكنى پۇتى بىلەن ئېچىپ كىرىشى، يىرتىپ قويغاندەك قىسىق كۆزلىرى بىلەن ئادەمگە بەزدەك تىكىلىشى ئارۇپ ئەپەندىنىڭ سەل غىجىقىنى كەلتۈرگەندەك بولدى...

ھاشى قوتاز ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى، جىيەكلىرى ياغلىشىپ كەتكەن سوكنو كەپكىسىنى بېگىز قولى بىلەن ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ قويۇپ، قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئارۇپ ئەپەندىمۇ قەغەزنى بۇزماستىن قەغەزگە يىراقتىن كۆز يۈگۈرتتى. قەغەزنىڭ يۇقىرىسىدا ھاشى قوتازنىڭ سالپى-سۇلپى خەتلەر بىلەن پۇل سوراپ يازغان تۆت ئىنلىك ئىلتىماسى، تۆۋەندە يۇرت كاتتىسى ھاۋاز چوڭنىڭ ئارۇپ ئەپەندى نامىغا قارىتىپ سالغان تەستىقى بار ئىدى.

— 50 مىڭ يۈەن؟! — ئارۇپ ئەپەندى خەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ تەئەججۈپ بىلەن سورىدى.

— شۇنداق، 50 مىڭ يۈەن! — ھاشى قوتاز خۇددى بەش موچەن ئۇستىدە دېيىشىۋاتقاندەك، گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ گېدەيدى. ئارۇپ ئەپەندىنىڭ تەرى تۈرۈلدى، ئۇ ئالدىدىكى قەغەزنى زەردە بىلەن نېرى ئىتتىرىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق گەپلەر بولۇپ ئۆتتى:

— بىزدە خەقىقە بەرگۈدەك مۇنچە پۇل يوق!

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئارۇپ ئەپەندى؟ كارخانىنىڭ ھېساباتىدىن خەۋىرىمىز بار...

— قىزىق... قۇلىقىڭىز خېلى ئۇزۇن كەن - ھە؟! سىز سىرتتىكى بىر بوخوچى،① كارخانىمىز بىلەن نېمە ئالاقىڭىز بار؟!

— باشلىقىڭىزمۇ ئالاقىسى يوقما؟! مېنى تونۇمىسىڭىزمۇ ئۇنىڭ تەستىقىنىغۇ تونارسىز...

— ئۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ چاتىقىڭىز بولمىسۇن، باشلىق بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن! بۇ كارخانا خالىغان ئادەم سېغىپ ئىچىۋېرىدىغان ئىگىسىز سىيىر ئەمەس! مەن سىزگە 50 مىڭ يۈەن تۈگۈل، 50 يۈەنمۇ بېرەلمەيمەن!

— راستىما؟! — ھاشى قوتازنىڭ جاۋغايلىرى تارتىشىپ، قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ كەتتى، — چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز، ئارۇپ ئەپەندى؟!

— يوقسۇ! — ئارۇپ ئەپەندىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك سەل يۇمشاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇمۇرلۇق بىر ئىپادە ئىگىلىدى، — مەن ئەزەلدىن ناتونۇش ئادەملەرگە چاقچاق قىلغان ئەمەس، شۇ تاپتا، سىز بىلەن چاقچاقلىشىدىغان ۋاقتىممۇ يوق.

ھاشى قوتازنىڭ چىرايى ئۆزگەردى،

① بوخوچى — ھۆددىگەر، ئىش كۆتۈرە ئالغۇچى سۆزىنىڭ خەنزۇچە بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

قارامتۇل يۈزلىرى دەسلەپ كۆكىرىپ، كېيىن ئالا - پاساق بولۇپ كەتتى.

— يولداش ئارۇپ ئەپەندى! — دېدى ئۇ سۆزىنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئۇرغۇلۇق قىلىپ، — شۇ گەپلەرنى دەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، كەلگۈسى ئىستىقبالىڭىز، تەقدىرىڭىز ئۈستىدە ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟!

— نېمە؟! — ئارۇپ ئەپەندى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، بايا ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، قۇلىقىنى ھاشى قوتاز تەرەپكە سىڭايان قىلىپ زەردە بىلەن سورىدى، — نېمە دېدىڭىز، يەنە بىر دەڭا؟!

ھاشى قوتاز مەنسىتمىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ ئارقىغا تۇتتى، كۆكسى كېرىلىپ، قورسىقى دومبايدى، ئەمدى ئۇ خۇددى بىرسىگە تەنبىھ بېرىۋاتقان مەغرۇر ئەمەلداردەك گىدىيىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يولداش ئارۇپ ئەپەندى، بۈگۈن سىز ماڭىمۇ قىلدىڭىز، ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزىڭىزگە قىلدىڭىز! ئەسلىدە، مەن بۈگۈن سىزنى 50 مىڭ يۈەن قەرز ھېسابىغا چوڭ بىر پالاكەتتىن ساقلاپ قالماقچى ئىدىم، ئامال بولمىدى، ئەمدى سىز بۇ تەختىراۋاندا ئۇزۇن تۇرالمايسىز، ئۇزۇن بولسا يەنە ئۈچ كۈنلۈك ھۆكۈمرانلىقىڭىز قالدى!...

ئارۇپ ئەپەندىنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن قارا قورساق بىر بىگانىنىڭ ئۆزىدەك بىر مەسئۇل كادىرغا ھېيىقماي قىلىۋاتقان بىمەنە گەپلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلدى.

— چىقىڭ، ئىشخانىدىن چىقىڭ! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ئېغىر ھارسىنىپ، — مېنىڭ تەقدىرىمنى ھەل قىلىش سىزنىڭ قولىڭىزغا قالدىما؟! بىلىپ قويۇڭ: مەن ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ كادىرى، مەن پارتىيە تەشكىلى مۇشۇ ئورۇنغا قويغان بىر مەسئۇل كادىر!

— سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ! — دېدى ھاشى قوتاز تېخىمۇ كۆرەڭلىك بىلەن، — ئاشۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ ھەممىنى ئۆرۈپ-چۆرۈلەيدىغان باشلىقى بارلىقى ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن!...

ھاشى قوتاز ئالچاڭلاپ چىقىپ كەتتى، ئارۇپ ئەپەندىنىڭ ئاچچىقى بېسىلمىدى، كاللىسى تېخىمۇ قوداڭشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىچە چېچىلاتتى، كىمگىدۇ كايىتتى، ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان بىر خورلۇق يۈرىكىنى مۇجۇيتتى.

تۇۋا!... ئۇنىڭ كارخانىسى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بىر بىگانە تەلۋە ئەجەب ئۆرىلىك قىلدى - يا؟!... تېخى ئۇنىڭ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئارۇپ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردىن يوقىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغىنى نېمىسى؟! ئۇنى شۇنچە ھۆركىرىتىۋاتقان، ھەتتا پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىسىدا ئاشۇنداق كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلىتىۋاتقان كۈچى زادى نېمە؟!...

ئارۇپ ئەپەندى بۇ سوئاللارغا ھە دېگەندە جاۋاب تاپالمىدى، كېيىن ئۆزىنى بەزلىدى، ھاشى قوتازنىڭ بارلىق گەپلىرىنى قارا قورساقلارنىڭ پوچىلىقى، جۆيلۈش دەپ قاراپ، كۆڭلى - كۆكسىدىن پاك-پاكىزە چىقىرىۋەتتى، لېكىن ئۇ سادىدىلىق قىلدى. ھاشى قوتازنىڭ ئۆزىدىن خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، شۇ كۈنلەردە ھەممىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالغان پۇلنى — پەقەت

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ سېھىرلىك پۇلىنىلا دەسمايە قىلىپ ئۆزىنى بۇ يەردە ھەممە ئىنساندىن چوڭ، پەقەت خۇدادىنلا كىچىك ھېسابلايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدى...

* *

مەن ئارۇپ ئەپەندىنى ئەزەلدىن بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۆيۈدىكە خېلى كەچتە — بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچكەن، يېرىمىنى كۆتۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى. چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا سەپ سالدىم، كۆزلىرىدە گويا تېپىتىنچ سۇغا تاش ئاتقاندا پەيدا بولىدىغان مەۋجەدەك بىر خىل سوغۇق دولقۇن ئەكس ئېتەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىپ، بىر تەرەپتىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاداش... مەن بۈگۈن ئىچتىم... مەن مەست ئەمەس... مېنى بۈگۈن... ۋەزىپەمدىن... ئېلىپ تاشلىدى... بىلەمسەن... بۇنى ماڭا ئۈچ كۈن بۇرۇن... بىر بوخوچى ئۇقتۇرغان... مانا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېلىپ تاشلىدى... تېخىمۇ ياخشى يەرگە يۆتكەرمىش... ھا... ھا... ھا!..

ئۇ كۈلدى، خېلى ئۇزۇنغىچە سىلكىنىپ، قاقاقلاپ كۈلدى، كېيىن بىردىنلا ئۆزىنى تۇتتى، كۆزلىرى سوغۇق پارقىرىدى، بايىقى ھاسىراشلىرى، شىر كەيپىلىكى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى، قولىدىكى بوتۇلكىنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە يەلكەمدىن چىڭ قامالاپ تۇرۇپ، چوڭقۇر بىر ئىچكى تۈيغۇ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاداش... بىز ئەمدى شۇ كۈنگە قاپتۇق، ھېلىمۇ شۈكرى، جېنىمىزنى ئوغرى ئەپ كەتمەپتۇ! ئۈستىمىزدە تۇرغان بەزى ئادەملەر نېمىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنھە؟! مەن قايسىبىر كىتابتا: ئادەم ھايۋانغا ئايلانسا، ھايۋاندىن بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئوقۇغانىدىم. ھازىر بەزىلەر راستىنلا ھايۋانغا ئايلىنىپ بوپتۇ، ئايلانغاندىمۇ ئەڭ ۋەھشىيلىرىگە، يەپ تويماس بالاخورلىرىغا ئايلىنىپتۇ! لېكىن ئۇلار تېخى ئۆزلىرىنى «پالانچىمەن، پوستانچىمەن» دەپ گىسدىيىشىدىكەن. تۇفى!... كۆكتە قانات قاققانىنىڭ ھەممىسى شۇڭقار بولامدۇ؟! ئۇنداقلارنى ئاخىر زېمىنمۇ كۆتۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىرىكى نانغا، ئۆلۈكى كېپەنگە زىيان!...

ئارۇپ ئەپەندى خېلى ئۇزاق سۆزلىدى، سۆزلىگەندىمۇ، ئەلەم ۋە ئاغرىنىش بىلەن سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى باشتىن-ئاخىر تىمتاس ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىم، كۆڭلۈمدە ئاشۇنداق بىر سۆزلەسە قورسىقى بوشاپ، دەردى يەڭگىلەپ قالار، دەپ ئويلىدىم. ئاخىر ئۇ ئېغىر بىر خورسىنىپ سۆزدىن توختىدى ۋە پوشۇلدىغىنىچە بېشىنى ئېگىپ شۈكلەپ قالدى. ئەمدى مەن ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇش ئۈچۈن گەپ كوچىلىدىم:

— ئاداش، زادى نېمە ئىش بولدى؟ بايا «تۇلۇمدىن تۇقماق چىققان» دەكلا سۆزلەپ كەتتىڭ!...

ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، كۆز چانقى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى، چوپچوك ئادەمنىڭ كۆزىدە ياش كۆرۈش كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدىكەن. مەن دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇراي، دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ يەنە ئۆ-

زى ئىغىز ئىچىپ قالدى:
ــ راست ئاداش... بايا ساڭا باش-
ئايىغى يوقلا دەرد تۆكۈپ كېتىپتىمەن،
خالىساڭ سۆزلەپ بېرەي...
شۇ ئارىلىقتا، ئايالىم سەي قورۇپ
داستىخان تەييارلىدى، بىز بايىقى هاراق-
نى ئاز - ئازدىن ئىچىپ ئولتۇرۇپ، يېڭى-
باشتىن پاراڭغا چۈشتۇق...

*　　*

بۇ كارخانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ،
ئىگىلىكى كەڭ، ئىقتىسادى مول بولغاچقا،
هەممە ئادەمنىڭ باشقۇرغۇسى كېلەتتى.
بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۈچ - تۆت
كادىر كېلىپ - كېتىپ بولدى، ئۇلارنىڭ
بەزىسى بوشىراق چىقتى، بەزىسى چىڭراق.
ئىشقىلىپ، پۇلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئادەم-
نىڭ يە قولى كۆيىدۇ، يە پۇتى، دېگەندەك،
بۇ يەردە ئۇزاقىراق بېغىر بېسىپ قالغاندىن
بىرەرسى چىقمىدى. رەهبەرلىك يېقىندا
يەنە بىر تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەرگە
مائارىپ سىستېمىسىدىن ئارۇپ ئەپەندىنى
يۆتكەپ كەلدى. ئارۇپ ئەپەندىنىڭ كېلىپلا
تۇتقىنى كارخانىنىڭ هېسابات دەپتىرى
بىلەن پۇل بولدى.
ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپ ئىككىنچى كۈنى
ئەتىگەندە، كارخانىنىڭ باش بوغالتىرىنى
چاقىرىپ سۆزلەشتى. سوئال - جاۋاب قىس-
قىلا بولدى:
ــ هېسابات دەپتىرىدە قانچىلىك نەخ
پۇل بار؟
ــ 360 مىڭ يۈەن.
ــ هەممىسى بانكىدىمۇ؟
ــ ياق، بانكىدا ئاران 72 مىڭ
يۈەن بار...
ــ قالغىنىچۇ؟!

ــ بىر بوخوچىغا ئۆسۈمسىز، قەرز
بېرىلگەن...
ــ نېمە، قايسى بوخۇچىغا؟!
ــ هېلىقى هاشى... هە، كىشىلەر
ئۇنى هاشى قوتاز، دەيدىكەن...
ــ بۇ قانداق گەپ؟!
ــ شۇ... يۇقىرىدىكى باشلىقنىڭ
تەستىقى بار...
ــ قايسى باشلىقنىڭ؟
ــ هاۋاز چوڭنىڭ...
ئارۇپ ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى چەكچەي-
دى، هەيرانلىقتا ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇ-
رۇپ قالدى. بۇ گەپلەر گويا ئۇنىڭغا چۆ-
چەك ئاڭلاۋاتقاندەك غەلىتە تۇيۇلغانىدى.
ــمۇنداق دەڭ! ... ــ ئۇ ئۆز - ئۆ-
زىگە سۆزلىگەندەك، بېشىنى سىلكىپ ئور-
نىدىن تۇردى، قولىنى بىر دەم شىمىنىڭ
يانچۇقىغا سېلىپ، بىردەم بېقىنىغا تىرەپ
ئىشخانىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باش-
لىدى. بوغالتىر ئۇنىڭ چىرايىدىكى هەر
بىر ئۆزگىرىشكىچە سەپ سالدى، ئۇ توخ-
تىماي چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى، ئېزىق چى-
شىنىڭ كىرىشىشىدىن جاغ سۆڭەكلىرى هېلىلا
مەڭزىنى تېشىپ چىقىدىغاندەك تومپىيىپ
كەتكەن، دۈگىلەك كۆزلىرى كېرىلگەن،
كىرپىكلىرى قىسقىراپ تىكىدە بولۇپ
كەتكەنىدى. ئۇ ئىشخانىنى يەنە بىر ئاي-
لىنىپ، بوغالتىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە
توختىدى:
ــ قانداق قىلىمىز؟! ــ دېدى بو-
غالتىرغا سوئال نەزەردە تىكىلىپ، ــ كار-
خانىنىڭ پۇلى مۇشۇنداق خامان سورىغان-
دەك ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە كېتىۋەرسە
بولامدا؟!
ــ بىلمىدىم... ــ دېدى بوغالتىر

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ، — بۇ ئىش ماشىنىۋ تەس كېلىۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە كارخانىمىز راستىنلا لىغشىپ قالىدۇ. باشلىق دېگەن تەستىقنى سېلىۋېرىدىكەن، پۇل مېنىڭ قولۇمدىن چىققاچقا خەق مەندىن كۆرىدىكەن، ماشىنىۋ خۇددى «كېپىل بولساڭ، كېپەنىڭ كۆيەر» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ...

ئاروپ ئەپەندى قاشلىرىنى يىمىردى. كۆزلىرىنى قىسىپ ئويلاندى. ئازدىن كېيىن بىر قارارغا كەلگەندەك ئۇزۇپلا دېدى:

— سىز باش بوغالتىر، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى ياخشى بىلىسىز، بۇنداق قەرز بېرىش پۈتۈنلەي يولسىزلىق! قەرزنى كىم ئالغان بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كېلىڭ!

بوغالتىر تەمتىسلىقتا دۇدۇقلىدى:

— بۇ... بۇ... قانداق بولار؟

— تازا ئوبدان بولىدۇ!— دېدى ئاروپ ئەپەندى يەنە شۇ قەتئىيلىك بىلەن، — ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە تېپىپ كەلمىسەڭىز، مەن سوتقا ئەرز سۇنىمەن!

بوغالتىر بىلەن بولغان سۆھبەت شۇنچىلىك بولدى. ئەلۋەتتە بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى بوغالتىر ئۈچۈن يېنىك بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئىككى كۈنگىچە چە تىنىم تاپماي يۈگىرى- تۆۋەن قاتىرىدى، هاشى قوتازنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ سۆزلەشتى، ھەتتا يېلىندى، لېكىن هاشى قوتازنىڭ بىر تال سېرىق تۈكىمۇ مىدىراپ قويمىدى. ئۇ تېخى قانداقتۇر كۆتۈرە ئالغان قۇرۇلۇشۇمدىن زىيان چىقتى- يەي، باشلىق ماڭا مۇددەت بەلگىلەپ بەرمىگەن، قاچان تاپسام شۇ چاغدا بېرىمەنەي ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. بوغالتىر ئىككى كۈن ئىچىدە بىرلىك ئېتىمدىن چۈشۈپ كەتكۈدەك رىيازەت چەكتى، ئۈچىنچى كۈنى ئاروپ ئەپەندىگە ئەھۋال ئېيتىش ئۈچۈن ئىشخانىغا كەلدى، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى، بۇ چاغدا ئاروپ ئەپەندى ھاۋاز چوڭنىڭ ھوزۇرىدا ئىدى.

باشلىق يۇمشاق ئورۇندۇقتا قاققىيىپ ئولتۇراتتى. قارىماققا، ئۇنىڭ چىراي- شەكلى ئادەتتىكىچە، بوي- تۇرقى قەدرى ئەھۋال، ئورۇق- سېمىزلىكى ئۆزىگە لايىق ئاق سېرىق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئاروپ ئەپەندىگە يىراقتىن نەزەر سالغاچ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى پىشىلدۇردى، كېيىن قاقتايغان گەۋدىسىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ، كىبىر بىلەن مۇنداق دېدى:

— خوش... بۈگۈن سىزنى نېمىگە چاقىرتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟

ئاروپ ئەپەندىمۇ ئۇدۇلدىكى سافاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— ياق!...

— ئۇنداق بولسا، بىلىپ قويۇڭ، ئاروپ ئەپەندى! — باشلىق ئاۋازىنى كۆتۈردى، سۆزىگە ئامال بار بىر خىل سېھرىي كۈچ بېرىشكە تىرىشىپ داۋام قىلدى،— بىز سىزنى بۇ كارخانىغا بىرىنچىدىن، ئۆزئارا ماسلىشىش؛ ئىككىنچىدىن، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يۆتكىگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، رەھبەرلىكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ- قانداق؟

— مېنىڭ بۇ كارخانىغا كەلگىنىمگە ئەمدى تۆت كۈن بولدى، — دېدى ئاروپ ئەپەندى قەددىنى سەل- پەل رۇسلاپ،— تېخى رەھبەرلىكنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈدەك ۋاقىت بولغىنى يوق...

— كۆرسەتتىڭىز، ئارۇپ ئەپەندى، — دېدى باشلىق ئالمان-تالمان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — تامامەن ئەكسىنى كۆرسەتتىڭىز!

— مەسىلەن؟ — سورىدى ئارۇپ ئەپەندى خۇددى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا سوئال قويغاندەك بىپەرۋالىق بىلەن.

باشلىق مىيىقىدا كۈلدى، كۈلكىسى سوغۇق ھەم مەسخىرىلىك ئىدى.

— سىزگە ئۇجۇر-بۇجۇرىنى قويماي دېمىگۈچە بولمايدىكەن-دە! مەسىلەن، كارخانىغا بارغىنىڭىزغا تۆت كۈن بولماي تۇرۇپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز بەرمەكچى بوپسىز، قانداق؟

ئارۇپ ئەپەندى بىرئاز جىددىيلەشتى.

— ئۇنداق گەپ يوق، يولداش ھاۋاز چوك! — دېدى ئۇ تۈكۈرۈكىنى يۇتقۇنۇپ، — مەن پەقەت كارخانىنىڭ پۇلى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دېگەنىدىم...

— ئوخشاش گەپ ئەمەسمۇ؟!

— قانداق ئوخشاش بولىدۇ؟!

ئىككىيلەن بىر-بىرىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. باشلىقنىڭ خۇنى قاچقان قوڭۇر كۆزلىرىدە بىر خىل مەنسىتمەسلىك بىلەن مەنمەنلىكنىڭ سوغۇق ئالامىتى، ئارۇپ ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدە بولسا، بىر خىل تەئەججۇپ بىلەن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. باشلىق بىر دەقىقىلىك تىكىلىشتىن كېيىن، ئارۇپ ئەپەندىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— بولدى، ئارۇپ ئەپەندى، بۇ ھەقتە تەگەشمەيلى، سىز ئۇ يەرگە يېڭى باردىڭىز، مېنىڭ مەسلىھەتىم: ئىشنى پۇلدىن باشلىماي، ئادەمدىن باشلاڭ. مېنىڭ تەستىقىم بويىچە سىرتقا قەرز بېرىلگەن پۇللارغا مەن ئىگە، مۇبادا، تۇتۇشقا توغرا كەلسە، مېنى تۇتسىڭىز بولىدۇ!

— ئۇنداق قىلساق بولماس، — ئارۇپ ئەپەندى ئىككى يېنىغا قىمىدىنىپ قويدى، — كىم قەرز ئالغان بولسا، شۇ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك. ھېلىمۇ ئالدىغا ئىككى يىل، كەينىگە بەش ئاي بوپتۇ. كارخانىنىڭ پۇلى مۇنداق چېچىلىپ كەتسە، ئىشنى قانداق يۈرۈشتۈرۈمەن؟!...

تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى، ئارۇپ ئەپەندىنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى، باشلىق كىم بىلەندۇ ناھايىتى سۆلكەت بىلەن سۆزلەشتى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارۇپ ئەپەندىگە يۈزلەندى:

— مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، بۈگۈن سىز بىلەن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى. كارخانىغا سىزدىن بۇرۇن كېلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۇقۇشۇپ باقارسىز. مېنىڭ پىكرىم: ھەر يەرنىڭ تۈلكىسىنى ئۆز تايىقى بىلەن ئۇۋلىغان ياخشى. بولمىسا، ئادەم ئۆزىگە چاپىا تېپىپ ئالىدۇ!...

ئۇلار خوشلاشتى. ئارۇپ ئەپەندى شۇ كۈنى كەچكىچە خىيال بىلەن ئۆتتى. كاللىسى ئېلىشىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلدىدى. ئويلىغانسېرى خىياللىرى چېگىشلىنىپ كەتتى...

لېكىن ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى، ئەزەلدىن ئۆزى تۇتقان يول بويىچە — ۋىجدانىغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش قارارىغا كەلدى. شۇ مەقسەتتە، ھاشى قوتاز بىلەن ئۆزى كۆرۈشمەكچى بولدى. مۇبادا، ئىش چىرايلىقچە پۈتمىسە، ئېھتىمالى بولغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەزى ئاقىۋەتلەرنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى ...

ئەتىسى بۇغالتىر بىلەن بىللە ھاشى قوتازنى ئىزدىدى، لېكىن يېرىم كۈن يۈرۈپمۇ ئۇنى ھېچيەردىن تاپالمىدى. كەچقۇرۇن كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. ئارۇپ ئەپەندى باللىرى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، ھاشى قوتاز ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتۇپ، مېھمانخانىغا كىرىپلا ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— ئاڭلىسام، كارخانىغا يېڭى كەلگەن باشلىق ئوخشايسىز، كېلىپلام پېقىرنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىپسىز، سىزنى ئاۋارە قىلماي دەپ ئۆزۈم كەلدىم ...

— ياخشى بوپتۇ .... — ئارۇپ ئەپەندى ئۆزىنى تۇتۇپ، ئېغىر-بېسىق بولۇۋالدى، ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن ئۆيىگە كەلگەن مېھمان بولغاچقا، قىزغىن مۇئامىلە قىلماي بولمايتتى.

دەرھال داستىخان راسلاندى، سىنچاي قۇيۇلدى. ئارقىدىن ئارۇپ ئەپەندى ساھىبخانىغا خاس ئىلتىپات بىلەن سورىدى:

— ئاز - پاز ئىچەمدۇق؟

بۇ قېتىم ھاشى قوتازدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق، ئاۋاق بىر ھەمراھى ئېغىز ئاچتى:

— كۆڭۈللىرى پادىشاھ ئارۇپ ئەپەندى، ھاشىمكام ئۇبدان ھاراق بولسا، ئازتولا ئېتىپ قويىدۇ.

ئارۇپ ئەپەندى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى دانە رومكا قويۇلغان كىچىك بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئۆيدە بارى مۇشۇ ئىكەن، — دېدى ئۇ پەتنۇسنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ.

ھاشى قوتازنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئالغاي كۆزلۈك ھەمراھى كۆزلىرىنى ئۈچ بۇرجەك قىسىپ، يىراقتىن ھاراقنىڭ ماركىسىغا زەن سالدى. «كۇئېنلۇن» ماركىلىق بۇ ھاراق شۇ كۈنلەردە چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا تالىشىپ ئىچىلىدىغان خېلى ئەتىۋار ھاراقلاردىن ئىدى.

— قېنى، بۇندىغىنىمۇ بىر ئېتىپ باقايلى، — دېدى ھېلىقى ئالغاي مەنسىتمىگەندەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.

رومكىلار يېنىك جىرىڭشىپ، ئۈچ قېتىمدىن ئايلاندى. كۈچلۈك ھاراق ھەممىنىڭ بەدىنىدە بىر خىل يېقىملىق ھارارەت دولقۇنى قوزغىدى، مېھمانلارنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلدى، ئالغاي بىلەن ئۇزۇنتۇرانىڭمۇ ئۇششاق تىللىرى چىقىپ، ھە دەپ ھاشى قوتازنى كۆككە كۆتۈرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئابرويى، پۇلى، مەردلىكى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى:

— ھاشىمكام دېگەن ئالقىنى بىلەن ئاسماننى، تاپىنى بىلەن يەرنى تىرەپ ئالالايدىغان ئادەم، جۇما...

— لازىم بولسا، ئايىنىمۇ يۇلۇپ ئالىدۇ، تېخى ...

— ئارۇپ ئەپەندى، ئاڭلىغانمۇسىز، «تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب» دېگەن بىر گەپ بار. بىزنىڭ ھاشىمكام دېگەن ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە تۇرغان بىلەن بۇ شەھەردىكى تاجىسىز پادىشاھ !...

— خېلى - خېلى باشلىقلارمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ دېسانە ...

ئارۇپ ئەپەندى سۈكۈت ئىچىدە ئۇ-



نېمنى ئويلايدىغاندۇ؟

سۈرەتنى ئەرشىدىن توختى تارتقان.




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1989 - يىل 1 - سان (336 - سان)، 39 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定 价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1010/I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.